شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتتە باھالانغان ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال
首届新疆社科优秀期刊
ISSN1008 — 6498



خەلقئارادا شۆھرەت قازانغان دۇنياۋى ناخشىچى،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
پەخىرلىك قىزى دىلبەر يۇنۇس ئۈرۈمچى سەھنىسىدە

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION

1
2001

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى
# 新疆文化

ISSN 1008-6498
01>
9 771008 649003



ئاتاقلىق تەرجىمشۇناس توختى باقى ئارتىشى ئاكىنىڭ 79 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز
-- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى.

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(50-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2001-يىل 1-سان
(ئومۇمىي 247-سان)

ژۇرنال تەھرىر ھەيئىتى

مۇدىر:
شۈخۇاتيەن
زۇنۇن قۇتلۇق

مۇئاۋىن مۇدىرلار:
ئابلىجان ھېيت
لۇشىنخۇا
خەن زىيۇڭ

ھەيئەت ئەزالىرى:
مايىڭشىڭ
يۈفېڭ
جۇجۇفاڭ
ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن
لى يىڭمىن
بەي جيەنياۋ
جىن مىن
قۇربان مامۇت
ياڭ فىڭ
فەن ياۋجىڭ
جاڭ تىڭۈبى
رىسالەت مۇھەممەت

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق ●

## بۇ ساندا

### يېڭى ئەسىردە ياشلار

تەڭرىتاغ ئوغلانى جۇرئەت ئوبۇلقاسىم«ھالاكەت دېڭىزى»نى كېسىپ ئۆتۈپ 21-ئەسىرنىڭ
تۇنجى دەقىقىسىدە دۇنيا يېڭى جىنىس رېكورتى ياراتتى ...... نىجات ئەخمەت 2
پالۋانلار ئېيتىدۇ: يىقىلغان جايىمىزدىن دەس تۇرالايمىز! ........... سەلىمە كامال 3
يۈرەكلەردىن بىر تامچە ........................ زۇلخۇمار ئۆمەر 6

### ئالەمدىن ئۇچۇر

جاھاندىن ئاز-تولا خەۋەردار بولۇپ قويايلى ................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 8
دۆلەت مەنپەئىتى ئۆزگەردىمۇ؟ ..................... سۇلۇڭ نيەنشىن 11
رەھبەرلىك تەپەككۇرى ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقى ................ لەتىپ ئابدۇرەشىد 15

### ئەدەبىيات گۈلزارى

ئاق مەسچىت.....................(ھېكايە)................. مەمتىمىن ھوشۇر 18
ئىككى قىزبېشى رىۋايىتى..............(« ») ............. ئابدۇسالام قاشتېكىن 34
ئۆيتوشقىنى ۋە ياۋاتوشقان.........(« ») ......... روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 37
كەچكۈزدىكى باھارنامە.............(شېئىر) ............... ئىمىن ئەھمىدىي 39
تەپەككۇردىن تامچىلار .................... مەھمۇتجان ياناتاق قاتارلىقلار 80

### دوقمۇشتىكى پاراڭلار

ئۇنىۋان باھالايدىغان ئىش ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغاندەك
قىلىدۇ ......................................... نەي ۋېن 46

### مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى ............. ياسىن زايىموف قاتارلىقلار 50

### ئىبرەت ۋە ئۆزىنى تونۇش

ئۇنىۋېرسال مۇلاھىزىلەر ..................... سۇن شاۋسەن قاتارلىقلار 53
«خورلانغۇچىلىق خاتىرىسى»دىن تېرمىلەر ............................. مولو 64
نېمىشقا ئويلانمايمىز؟ .............................. ئابدۇرېھىم دۆلەت 73


### تىل ۋە تەرەققىيات

ئىنگلىز تىلى ۋە خاراكتېر............................ ئابدۇغوپۇر مۇھەممىدىي 79

مۇقاۋا سۈرىتىنى ئۆتكۈر نىجات تارتقان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت       مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت

## يېڭى ئەسىردە ياشلار



# تەڭرىتاغ ئوغلانى جۇرئەت ئوبۇلقاسىم «ھالاكەت دېڭىزى» نى كېسىپ ئۆتۈپ 21- ئەسىرنىڭ تۇنجى دەقىقىسىدە دۇنيا يېڭى جىنىس رېكورتى ياراتتى

نىجات ئەخمەت

تەڭرىتاغ ئوغلانى جۇرئەت ئوبۇلقاسىم 2001-يىلى 1-يانۋار سائەت نۆلدە دۇنيا بويىچە 2-چوڭ قۇملۇق، «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ سۈرەتلىنىپ كەلگەن تەكلىماكان قۇملۇقىنى موتسىكلىت بىلەن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ 21-ئەسىرنىڭ تۇنجى دەقىقىسىدە يەنە بىر قېتىم دۇنيا يېڭى جىنىس رېكورتى يارىتىپ خەلقىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى ئىرادىسى ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارىتىنى جاھان ئەھلىگە نامايان قىلدى.


29 ياشلىق بۇ شىرمەت ئوغلان 2000-يىلى 18-دېكابىر ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 13 يېرىمدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا، ئۆزىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن جەمئىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرى، ستۇدېنتلار بىلەن خوشلىشىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان نىيە ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇ، 23-دېكابىر چۈشتە نىيە ناھىيىسىدىن بۇ تىلسىماتلىق قۇملۇققا كىرىپ، شۇندىن ئېتىبارەن نۆلدىن تۆۋەن 35 گرادۇس قەھرىتان سوغۇقتا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 كىلومېتىر ئەتراپىدا يول يۈرۈش سۈرئىتى بىلەن ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن 70 مېتىرغىچە كېلىدىغان قاتمۇ قات سۈرلۈك قۇم بارخانلىرىنى سەككىز كۈندە كېسىپ ئۆتۈپ، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۈشكۈلاتلارنى يېڭىپ 2001-يىلى 1-يانۋار ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت نۆلدە سەپىرىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بۈگۈر ناھىيىسىدىكى تارىم دەرياسى كۆۋرۈكىگە ياسالغان «ئەسىر دەرۋازىسى» غا غەلىبىلىك يېتىپ كەلدى.

ئىگىلىنىشىچە، 2001-يىلى 1-يانۋار سائەت نۆلدە جۇڭگودا يەتتە تۈردە يېڭى ئەسىر دۇنيا جىنىس رىكورتى يارىتىلغان، جۇرئەت ئوبۇلقاسىمنىڭ نەتىجىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن.

خەلقىمىزنىڭ بۇ پەخىرلىك ئوغلانى 1998-يىلى 22-دېكابىر خەيكۇدىن يولغا چىقىپ جۇڭگودىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر (شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەندىن باشقا) نى بېسىپ ئۆتۈپ، 73 مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈپ، 312 ناھىيە (شەھەر) دىن ئۆتۈپ 2000-يىل 1-يانۋار سائەت نۆلدە 2000- يىلدىكى تۇنجى دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتقانىدى.

(M2) ـ ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى

# پالۋانلار ئېيتتىدۇ:



# يېقىلغان جايىمىزدىن دەس تۇرالايمىز!

( ئوچېرك )

**سەلىمە كامال**

6- دېكابىر ، 21- ئەسىرگە نەچچە ئون كۈن قالغانىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسال بىناسىنىڭ 516- زالىغا ستۇدېنتلار سائەت تۆتتىلا كېلىشۋالدى. ئورۇن تەگمىگەنلەر ئۆرە، ئىچىگە كىرەلمىگەنلەر كارىدوردا. . . «كەلدى! » بىر بەختىيار ساداغا دېڭىز شاۋقۇنلىرىدەك قىقاس - سۈرەنلەر، چاۋاك - ئالقىشلار قوشۇلۇپ كەتتى. زالغا كىرىۋاتقانلار بوكس پالۋانلىرىمىزدىن دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك ترېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشىت، «بوكس شاھى» ئابدۇشۇكۇر مىجىت، ئاسىيا بوكس چېمپىيونى، ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرىگە ۋاكالىتەن ئولىمپىك دەرۋازىسىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ئابدۇراخمان ئابلىكىم، بوكس چېمپىيونى ئەكرەم ئىسھاقلار ئىدى.

پالۋانلار، ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈشۈپ ئۇزاققىچە ئۆرە تۇرۇشتى.

## ئابلىكىم ئابدۇرېشىت:بوكستا تەر چىقىسىلا ھېساب ئەمەس،قان چىقىسا ھېساب!

ترېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئالدى بىلەن سۆزگە تەكلىپ قىلىنغاندا ئۇ گەدىنىگىچە قىزىرىپ مۇنبەرگە چىقتى. ( ئۆسمۈر چېغىدىلا نەيزە ئېتىش بويىچە چېمپىيون بولۇپ، تەنتەربىيە ساھەسىگە قەدەم قويغان ئابلىكىم 1979- يىلى شىئەن تەنتەربىيە ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى بوكس ترېنېرى بولغان) . ئۇ، بەستلىك ئىدى، ئاۋازى تورلۇق، ياڭراق چىقاتتى:

- 1994- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بوكس كوماندىسىنى قولۇمغا ئالدىم. بوكس تەنھەرىكەتچىلىرى ۋە ترېنېرنىڭ دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلىرى ناھايىتى كۆپ. ئېيتايلۇق، ئادەم

بەدىنى گۆش بىلەن ئۇستىخاندىن پۈتكەن، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى شاگىرتلىرىمنىڭ بەدىنىگە تەگكەن ھەربىر مۇشت ۋۇجۇدۇمدا ئەنسىرەش، تەۋرىنىش پەيدا قىلغان چاغلار كۆپ بولغان. ئالتە يىللىق ترېنېرلىق ھاياتىمنى ئەسلىسەم راھەتتىن جاپايىمىز كۆپ بوپتۇ. بىراق ئاشۇ جاپالار بەدىلىگە ئۆزىمىز ئۈچۈن پۇرسەت يارىتتۇق. پۇرسەت بولمىسا نەتىجە يارىتىشى مۇمكىن ئەمەس. شاگىرتلىرىم خەلقئارا، ئاسىيا، دۆلەت ئىچى مۇسابىقىلىرىدە ئىلگىرى - ئاخىر 20 قېتىم چېمپىيون بولۇپ، بويىنىغا ئالتۇن مېدال ئاستى. ھەر بىر ئالتۇن مېدال پۇرسىتىمىزنى كېڭەيتىشتە بىر پەلەمپەي بولدى.

بوكس ئەزىمەتلىرىمىز ئۈچۈن تەنتەنە قىلغاندا شۇنى ئۇنتۇماسلىقىڭلار كېرەككى، بوكستا نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن تەر چىقىسىلا ھېساب ئەمەس، قان چىقسا ھېساب! ئۇلارنىڭ بۇ روھى سىلەرنىڭ ئۆگىنىشتىكى جاپالارنى يېڭىشىڭلار، ھاياتلىق يولۇڭلاردىكى توسالغۇلار ئالدىدا تەمتىرىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ئۆرنەك!

## ئابدۇشۇكۇر مىجىت: غەلىبە مېۋىسى - ئەيلەپ - سەيلەپ كۈن ئۆتكۈزگۈچىلەرگە مەنسۇپ ئەمەس!

ھاياتتا نىشان بەلگىلەش ئۇنى بوكس مەيدانىغا باشلاپ كەلگەن بولسا، ئەركەكلىك ۋىجدانى ئۇنى غالىبلار تەختىگە چىقارغان.

- سىز نېمە ئۈچۈن بوكس كەسپىنى تاللىغان؟
- كىچىكىمدىن تەنتەربىيىگە قىزىقاتتىم. مەكتەپتە 11 يىل تەنتەربىيە ھەيئىتى بولغان. 15 يېشىمدا، بىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ «روھ ۋە تەن» دېگەن فىلىمىنى كۆردۈم. فىلىمدە باش قەھرىمان سىڭلىسىنىڭ راك كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بوكس مەيدانىغا چۈشۈپ، پۇل تاپماقچى بولىدۇ. قېرىنداشلىق مېھرىنى دەپ ئۇنىڭ تارتمىغان جاپاسى، يېمىگەن تايىقى، چاچرىمىغان قېنى قالمايدۇ. ئۇ ئاخىر مەشھۇر بوكس چولپىنى بولىدۇ. . . شۇ چاغدا مەن قورغاسىنىڭ كەڭرى دالىلىرىدا كېزىپ يۈرۈپ، ئاپتاپتا چىڭ پىشقان بەدىنىمگە دىققەت قىلدىم ھەمدە ئۆيگە كېلىپلا قۇم خالتىسىنى ئېسىپ، مۇشت ئېتىشنى باشلىۋەتتىم، ئەمما ھەممىسى خاتا مۇشتلار ئىدى.

ئابدۇشۇكۇر مىجىت ئۆزىنى توغرا تونۇغان، توغرا نىشان تاللىغان: ئىلى بوكس كوماندىسىغا كىرگەن، كېيىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىدە تولۇق كۇرسنى تاماملاپ، 1994-يىلى شىنجاڭ بوكس كوماندىسىغا كېلىپ، خاتا مۇشتلارنى ئۆلچەملىك مۇشتلارغا توغرىلىغان.

- ئۇتتۇرغان چاغلاردا روھىڭىز چۈشكەنمۇ؟
- ئۇتتۇرمىغان! يىقىلغان جايىمدا دەس تۇرۇپ، ئالتۇن مېدال ئالغان. ئۇ، 1997-يىلى ئاپرېلدا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن بوكس تەييارلىق مۇسابىقىسى ئىدى. مەن ليۇجۇن بىلەن ئېلىشىپ يېڭىلدىم، قاتتىق ئازابلاندىم. ئەمما مەن قورقۇق ئازابقا تېز چەك قويدۇم. تاشكەنتكە بېرىپ 40 گرادۇسلۇق ئىسسىقتا بەش ئاي قاتتىق مەشق قىلدىم. شۇ يىلى سېنتەبىردە يەنە شۇ مەيداندا ليۇجۇننى ئۇستۇنلۇك بىلەن يېڭىۋالدىم. ليۇ جەنخۇا بىلەن چېمپىيونلۇقنى تالاشقاندا بىر نومۇر كەينىدە قالدىم. شۇ چاغدا: ماڭا مەدەت تىلەپ ۋارقىراۋاتقان ئۇيغۇر ئاغىنىلەر بۇ يەردە نىمانچىۋالا كۆپتۇ؟ ئەكرەمنىڭ قولى چىقىپ كەتتى، ئالتۇن مېدالنى مەن ئالمىسام، مۇنۇ ئاغىنىلەر قوللىرىدىكى دەستىلەپ گۈللىرىنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ نەگىمۇ يوشۇرار!؟ دېگەندەك خىياللار مېڭەمگە كەلدى. تۇيۇقسىز ۋەزىپەمنىڭ ئېغىرلىقى «يالت!» قىلىپ كاللامدىن كەچكەندە، بىر يۇكسەك بۇرچ تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى، ئاخىرقى 20 سېكۇنتتا كەينى - كەينىدىن كۈچلۈك مۇشت ئېتىپ، 4 : 6 ئۇستۇنلۇك بىلەن ئۆزۈمدىنمۇ يوغان ليۇجەنخۋانى يېڭىۋالدىم. بۇ مۇسابىقە ھەقىقەتەن ترېنېرىم بايا ئېيتقاندەك: قان بىلەن تەر ئارىلىشىپ ئاققان بىر قېتىملىقى بولدى. ئالتۇن مېدال بويىنۇمغا ئېسىلغاندا بەدىنىم «ئېرىپ» كەتتى، كۆزۈمدىن ياش ئەمەس، ئوت چىققاندەك يۇزۇمنى كۆيدۇردى، «يىقىلغان جايىمدا دەس تۇردۇم!» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ھەممىمىز يىقىلغان ئورنىدا دەس تۇرالايدىغانلاردىن بولالايمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە بولالايمىز. بۇنى 21-ئەسىردىكى پەن - تېخنىكا رىقابىتىدە پۇت تىرەپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقتا تەدبىقلىساق، ئوقۇش، كەسىپ، تۇرمۇش. . . قا تەدبىقلىساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

- بەزىلەر بوكس ياۋايىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ دېيىشىدۇ، راستمۇ؟
- ياق! مەن كەسپىمنى سۆيىمەن. شۇڭا ئۇ ماڭا خۇددى بىر بوكس ماھىرى ئېيتقاندەك: كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ داۋامى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ بايانى، شىجائەتنىڭ راۋاجى، سەنئەتنىڭ مۇبالىغىسىدەك بىلىنىدۇ. ھەر قانچە ئېغىر مەشق قىلساممۇ قىيىن تۇيۇلمايدۇ. مۇسابىقە مەيدانىدا چىرايلىق ھەرىكەت كۆرسىتىپ، پاكىز، چىرايلىق ھەم كۈچلۈك مۇشت ئېتىپ، خەلقىمگە ھۇزۇر بېغىشلىسام دەيمەن. ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «زېمىندىكى قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن سۆزى بار. مەن ۋە كوماندىمىز زېمىنغا ئۆچمەس ئىز قالدۇردۇق. ئالدىمىزدا مەملىكەت بويىچە 9- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى بار. ھېسابلىنىشىچە، بىر بوكسچىنىڭ يىللىق چىقىمى بىر قەدەر ھاللىق 30 دېھقاننىڭ بىر يىللىق ئەمگەك ھەققىگە توغرا كېلىدىكەن. مەن ئاشۇ دېھقانلىرىمىزغا قەرزدار. يېشىممۇ 30 غا بېرىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ يەنە بىر يىل جاپالىق مەشق قىلىپ، ئۇلارغا ئالتۇن مېدالدىن يەنە بىرنى سوۋغا قىلىمەن! مەن چۈشىنىمەن ۋە بۇنى سىلەرگىمۇ چۈشەندۈرمەكچىمەنكى، غەلىبە مېۋىسى - ھەرگىز ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزگۈچىلەرگە مەنسۇپ ئەمەس! ھەممىمىزدە ئۇلۇغ نىشان، بۇرچ تۇيغۇسى بولسۇن! ھاياتنى، كەسپىمىزنى سۆيىدىغان ئوتتەك يۈرەك بولسۇن! ئىشىنىمەنكى، شۇ چاغدا سىلەر ئىلىم - پەن زېمىنىدا، مەن ۋە كەسپداشلىرىم بوكس زېمىنىدا تېخىمۇ چوڭقۇر، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرالايمىز.

## ئابدۇراخمان ئابلىكىم: باتۇر بولىمەن

سپورتچىلار شەپكىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ

كېيىۋالغان ئابدۇراخمان ئابلىكىمنى سەھنىدە كۆرۈپ، خىيالىم 2000-يىل 19-سېنتەبىرگە كەتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە بىرپىلا كومپيۇتېرنى ئېچىپ، سېدنېيدىن خەت ئىزدىدىم. (ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ تربېنېرى ئارقىلىق سېدنېيدا ئولتۇراقلاشقان سىڭلىمنىڭ ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەرگەنىدىم. ئۇ يەردىكى ۋەتەنداشلارمۇ ئابدۇراخماندىن پەخىرلەنسۇن، كۈتۈۋالسۇن دېگەن مەقسەتتە) خەت بار ئىكەن: «سۆيۈملۈك ھەدە، ئابدۇراخماننىڭ ئولىمپىك كەنتىدىن بەرگەن تېلېفونىنى ئېلىپ بەك خۇشال بولدۇق. بالىلىرىم بىلەن گۈلدەستىلەرنى ئېلىپ دالىڭ هابا (سۆيۈملۈك يورت) قا ئۇنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى باردىم. 22 ياشلىق ئابدۇراخمان بىلەن ياۋروپادىكى مەشھۇر بوكس ماھىرى پولشالىق پاكازىتىك (26 ياش) مەيدانغا چۈشتى. ئابدۇراخمان دەسلەپتە شىردەك ئېتىلىپ كەينى-كەينىدىن بىرنەچچە مۇشت ئاتتى. بىز گۈللىرىمىزنى پۇلاڭلىتىپ بار ئاۋازىمىز بىلەن تازا ۋارقىرىدۇق. كېيىنكى مەيدانلاردا پولشالىقمۇ كۈچەيدى. بىز ئابدۇراخمانغا مەدەت تىلىگەن ئۇيغۇرچە سادايىمىز بىلەن ھەشەمەتلىك زالنى ياڭرىتىۋەتتۇق. ئاخىرىدا ئانچە چوڭ بولمىغان نومۇر پەرقى بىلەن ئابدۇراخمان ئۇتتۇرۇپ قويدى، بىز رېپېرنىڭ ئادىل بولمىغانلىقىدىن رەنجىدۇق. يەنىلا ئابدۇراخماننىڭ ئالدىغا يۈگۈردۇق، گۈللىرىمىزنى قەھرىمانىمىزغا سۇندۇق. ئابدۇراخماننىڭ مۇشۇنداق دۇنياۋى يىغىلىشتا ۋەتەنگە ۋاكالىتەن مەيدانغا چۈشكەنلىكىنىڭ ئۆزى بىزگە چوڭ مۇكاپات بولدى. ئۇ بىزگە يەنە ۋەتەن ھىدىنى ئېلىپ كەلدى ئەمەسمۇ! ؟ ئابدۇراخماننى ئۆيىمىزنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزۇپ كۈتىۋالدۇق. ئۇ ھەقىقىي پالۋان سۈپەت يىگىت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھايالىق كۆپكۆك كۆزلىرى، ناھايىتى كەم ئەمما ئالتۇندەك ئېغىر ۋەزىنلىك سۆزلىرى بىلەن خۇددى پەرىشتىنىڭ ئۆزى ئىكەن. بۇ ۋەتەنداش پەرىشتىمىزنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويغانلىقىڭغا رەھمەت! . . . »

سەھنىدىكى ئابدۇراخمانغا قارىدىم. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا كۆمۈلۈپلا قالغانىدى.

– سىز نېمە ئۈچۈن بوكسنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟

– باتۇر بولاي دېگەنىدىم. . .

ھېچقانداق داۋراڭسىزلا ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان بۇ چولپاننىڭ نىشانى نېمىدېگەن ئۇلۇغ - ھە!

ئابدۇراخمان ھەقىقەتەن كەم سۆز ئىدى. ئۇ، سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىن سورىدىم:

– ئولىمپىك كەنتىدە قانداقراق تۇردىڭىز؟

– باشقا دۆلەت تەنھەرىكەتچىلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇم (ئابدۇراخمان ئىنگلىز تىلى ۋە كومپيۇتېرمەشغۇلاتىغا خېلى پىششىق). بىر كۈنى ئايلىنىپ يۈرەتتىم، بىرەيلەن ناھايىتى دوستانە سالاملاشتى ھەمدە:

– سىز ئۇيغۇرمۇ؟ - دەپ سورىدى.

– قانداق بىلدىڭىز؟ - خۇشاللىقىمنى يوشۇرالماي قايتا سورىدىم.

– مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىلىمەن، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن تەخمىن قىلدىم، بويىنىڭىزدىكى ئىسىم كارتوچكىڭىزنى ئوقۇپ جەزم قىلدىم، - دېدى ئۇ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە مېنى «ئۇيغۇر، ئۇيغۇر» دەپ تونۇشتۇرۇپلا كەتتى.

ھازىر يېڭى پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە، سەنئەت كىشىلەرنى دۇنياغا تونۇتۇشتىكى مۇھىم ۋاستە بوپقالدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا 26 قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئۇيغۇر تەنھەرىكەتچى بولماسلىقتەك تارىخنى 27-قېتىملىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئابدۇراخمان ئۆتمۈشكە ئايلاندۇردى. «باتۇر بولغۇسى بار» يىگىت قەسىمىنى ئورۇندىدى.

– بوكستىن باشقا قىزىقىشىڭىز بارمۇ؟

– پەلسەپە، پسىخولوگىيە پەنلىرىگە قىزىقىمەن. شۇ پەنلەر بويىچە ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىۋاتىمەن. گىتارمۇ چېلىپ قويىمەن، ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن.

سۆھبىتىمىزگە قىزىقىپ تۇرغان ياشلار يوپۇرۇلۇپ بىزنى ئورىۋالدى.

پەلسەپە، پسىخولوگىيە پەنلىرىگە ئىشتىياق باغلىغان سپورتچىنى تۇنجى ئۇچرىتىشىم ئىدى. يەنە تېخى ئاشۇ پولاتتەك قاتتىق قوللار نازۇك تارىلار ئۈستىدە سېھىرلىك سادالار ياڭرىتار، دەپ ئويلاشمۇ ماڭا مۆجىزىدەك تۇيۇلدى. ئەقىل بىلەن باتۇرلۇقتا تەڭ يېتىلىۋاتقان ئابدۇراخمانلاردىن بىزدە نەچچىسى باردۇ؟

ئوقۇغۇچىلار خاتىرىلىرىنى بەس - بەستە سۇنۇپ، ئىمزا قويدۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر بوكسچىسى ئابدۇراخمان ئابلىكىم، دەپ يازدى بىزنىڭ باتۇرىمىز تۇنجى خاتىرىگە.

– ئەزىمەتلىرىمىز 19-دېكابىر موسكۋاغا تۆت ئايلىق مەشىققە ماڭىدىكەن، - ئۇزۇن قولاقلاردىن بىرسى ئېلان قىلىۋەتتى.


كېچىنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان شىۋىرغىنى ئۇچقىتىشقا باشلىدى. مەكتەپنىڭ كەڭرى قورۇسىدا ئەزىمەتلەرنى نەچچە قات مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان ئوقۇغۇچىلار قەھرىتان سوغۇقنى سەزمىگەندەك، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرى قېپقالغاندەك، مەسلىھەتلىرى باردەك قىلاتتى. ئەزىمەتلەرنىڭ ئاتىلىرىنىڭلا ئەمەس، خەلقنىڭ ئوغلى بولالىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقىنىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ ئوت تۇتاشقانلىقىنى سېزىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈلگەن روھىغا قاراپ ئىشەندىمكى، ئۇلار مۇشۇ كېچىدە، مۇشۇ ئۇچرىشىشتا «پۇرسەت يوق!» دەيدىغان ئاجىزلار ئىقرارنامىسىنى يىراقلارغا ئىرغىتىۋەتتى. توغرا تاللانغان نىشانغا يېتىش ئارزۇسىدا تولغان بەدەلنىڭ ئەزىمەتلىرىمىزگە خەلق ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان كۈنلەردە ھاياتىي كۈچ، روھ، ئۈمىد ئاتا قىلالايدىغان جاسارەتنى بەرگەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇغىنىدا نۇرغۇنلىرى ئۇلۇغۋار نىشاننى يېڭىۋاشتىن تاللىدى، چوقۇم!

– خەير، ئەزىمەتلەر! 21-ئەسىردە ئۇرۇمچىدە سالامەت كۆرۈشەيلى!

ستۇدېنتلارنىڭ خىتابى كېچە ئاسمىنىنى لەرزىگە سالدى.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» مۇھەررىرى (M2)



# يۈرەكلەردىن بىر تامچە

## — خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىمگە ئوچۇق خەت

**زۇلخۇمار ئۆمەر**

ئائىلىمىزدە قىزلار كۆپرەك بولغاچقا، «بىزنىڭ ئۆي ئاياللار دۆلىتى» دەپ چاقچاق قىلىشاتتۇق. ئارام كۈنلىرى ئىنىم بىلەن ئۈچ قىز تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى تالىشىپ، قېيدىشىپ قالىمىز. ئىنىم تەنتەربىيە پروگراممىلىرىغا، بىز كىنو-تېلېۋىزىيە، بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرىغا قىزىقىمىز. ئىنىم بەزىدە ئۆزىچە سۆزلەپ كېتىدۇ:

— قاراڭلار ئاۋۇ تەنھەرىكەتچىگە، كۆزىدىن ئوت يانىدۇ، ئوت! رېژىسسورسىز سەنئەت دېگەن شۇ! ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلغاندىكى كۈلكىسى، ھاياجىنى، كەتكۈزۈپ قويغاندىكى قايغۇسىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. بەزىلىرى ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىدۇ تېخى. ئۇلارغا بىرسى «مۇنداق قىل!» دەپ ئۆگىتەمدۇ؟ ئېسىت سىلەرنى، ئەجەب ئەخمەقتە سىلەر. كىنودىكى يالغان كۆرۈنۈشلەردىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىسىلەر، تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى كۆرۈڭلار، پايدىسى بار، — ئۇ شۇنداق دەپ بىزنى قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ.

— قىزىقمايدىكەنمىزغۇ تاڭ، — دەپ قويىمىز پەرۋاسىزلا.

2000-يىل 11-دېكابىر كەچ.

— قىزىم، ماۋۇ ماقالىنى ئوقۇپ بېرە، چىراغ يورۇقىدا كۆزۈم بولالمايدىكەن، — دەپ ئانام ماڭا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 6-سانىنى ئۇزاتتى. ھەر سان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى ماقالىلەرنى ئائىلىمىزدىكىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ ئوقۇش — ئائىلىمىزنىڭ ئادىتى ئىدى. ئانام مۇراجىئەت قىلغان بەتنىڭ ماۋزۇسىغا كۆز يۈگۈرتۈپ كۈلۈپ سالدىم:

— نېمە بولدى؟ ئەجەب تەنتەربىيىگە قىزىقىپ قاپسىزغۇ، — دەپ چاقچاق قىلغاچ ماۋزۇغا يانداش سۈرەتكە پەرۋاسىزلارچە قاراپ قويدۇم، — رەنجىمەڭ، ئۆزىڭىز ئەتە كۈندۈزدە ئوقۇۋېلىڭ، ھازىرچە باشقا ماقالىلەرنى ئوقۇپ بېرەي، نىمىشقىدۇ مۇشۇ تەنتەربىيىگە ئائىت گەپلەر بىلەن تازا خوشۇم يوق. يەنە كېلىپ بۇنداق داڭدار چولپانلارنىڭ شان-شەرىپى تەسۋىرلەنگەن ماقالىلەرنى ئوقۇسا، ئادەم ئۆزىنى تولىمۇ ئەرزىمەس ھېس قىلىپ، ياشىغۇسى كەلمەي قالىدىكەن.

ئانامنىڭ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم:

— بوپتۇ، ئوقۇپ بېرەي.

«... 2000-يىلى سېنتەبىر سىدنېيدا ئۆتكۈزۈلگەن 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك

تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مىسلىسىز داغدۇغىسى. . .» ، «. . . جۇڭگودىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئازسانلىق مىللەتنىڭ بىرى، دۇنيادىكى تەخمىنەن 2500دىن ئارتۇق مىللەت ئىچىدە چوڭ-كىچىك پەرقى بويىچە دەرىجىگە ئايرىغاندا 100-دىن كېيىن قالمايدىغان ئۇيغۇر مىللىتىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۈتەتتى، نېمىدىندۇر ئۈمىدلىنەتتى. . .» ، «. . . لېكىن 2000-يىل 18-سېنتەبىردە سىدنېيدىن شۇم خەۋەر كەلدى. بارچە ئۇيغۇر غايەت زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن ئابدۇراخمان ئابلىكىم نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. . .» ، «. . . ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەتنىڭ تەنھەرىكىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئابدۇراخمان ئابلىكىمنىڭ شۇ مۇسابىقىگە قاتنىششىنىڭ ئۆزى بىر غەلىبە» ، «. . . گەرچە ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىمىز. » ، «ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك مەغلۇب بولۇش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەسلىكتۇر. » ( «غەلىبە، سەن نەدە؟ ! » ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىي) .

«. . . ئابدۇراخمان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ تېلېۋىزوردا ئۇنى مەزمۇن قىلىپ ئىشلىگەن بىرەر خەۋەرياكى پروگراممىا كۆرەلمىدۇق. سىدنېيغا مۇخبىر ئەۋەتىش قولىمىزدىن كەلمىسىمۇ، كۆز ئالدىمىزدا ئۇياتلىق كۆزلىرى بىلەن ‹مېنى كەچۈرۈڭلار› دەپ تۇرغان پالۋىنىمىزغا: ‹ھېچقىسى يوق، ئەسلى بولسا، سەن بىزنى كەچۈرۈشىڭ كېرەك› دەپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتالمىدۇق. » ، «. . . ئابدۇراخماننىڭ تېخى تولۇق قاتمىغان ئەزىز تېنىنى دەھشەتلىك مۇشتلارغا بەدەل قىلىشى بىزنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئىدىغۇ؟ » ( «پالۋانغا مەدەت كېرەك! » : ئەركىن تاھىر) .

بوغۇزۇمغا ئاچچىق يىغا قاپلىشىۋالدى، بېسىپ كەلگەن كەلكۈندەك. يۈرىكىمنىڭ قات-قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئاچچىق ياش كۆز چاناقلىرىمغا پاتماي ئېتىلىپ چىقتى. ئانام يۈزىنى ئېتىۋېلىپ ئىسەدىگىلى تۇردى( ئانام پەقەت مەرھۇم چوڭ ئانىمىزنى يادىغا ئالغىنىدىلا يىغلايدىغان) .

ئابدۇراخمان، سىز بىلەن تىلداش، دىنداش، قانداش، قوۋرداش، ۋەتەنداش بولغانلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىدىكى چوڭ-كىچىك سۈرەتلىرىڭىزنى قىيىۋېلىپ ئائىلە ئالبۇمىمىزغا، ھەربىر پەرزەنت شەخسىي ئالبۇمىمىزغا سېلىۋالدۇق.

ئىنىم ئىككىمىز چەت-يىراق، نامرات بىر يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمىز. ئەمدى بۇندىن كېيىن بىزگە يولنىڭ يىراقلىقى، شارائىتنىڭ ناچارلىقى بىلىنمەيدۇ. غېرىبلىق ھېس قىلمايمىز-ۋاي-سىمايمىز. «بىزنى شەھەرگە يۆتكەڭلار» دەپ ئاتا-ئانىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتمايمىز. سىز پۈتكۈل ئۇيغۇرغا قەرزدار بولسىڭىز، بىز ئالدىمىزدىكى نامرات، قورسىقى ئاچ بولسىمۇ، بىلىمگە تەشنا 40 سەبىيگە قەرزدارمىز. بىزگە بۇرچىنىڭ، ياشاشنىڭ، ئۆزىنى قەدىرلەشنىڭ، مەغلۇبىيەتكە تىز پۈكمەسلىكنىڭ، ھەقىقىي غەلىبىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتقان سىزگە رەھمەت. سىزگە ئاتاپ ناخشا تەلەپ قىلىش يولى بىلەن چوقۇنغۇچىلىرىڭىزغا دېرىكىڭىزنى يەتكۈزگەن ئاتا-ئانىڭىزغا رەھمەت. سىزنى بىزنىڭكىگە ئوخشاش تالاي ئائىلىلەرگە تونۇتقان«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا رەھمەت! خىجىللىق ئىلكىدە پىچىرلايمەن: «سىزنى ھازىرغىچە تونۇماي يۈرۈپتىمەن، مېنى كەچۈرۈڭ. سىزنى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىن ئىزدەش نەھاجەت؟ سۈرىتىڭىز قەلبىمىز ئېكرانىدا، ئىسمىڭىز قەلبلەر قامۇسىدا! سىزگە ئالتاي تاغلىرىدەك مەزمۇت قامەت ۋە بۈيۈكلۈك تىلەيمەن» .

---


ماۋزۇ سۈرىتىدە: ئابدۇراخمان ئابلىكىم 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا( 2000-يىل 19-سېنتەبىردىكى خاتىرە)

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە باغچى يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى (M1)

مۇشتىرىلەر سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 22 ـ 58نى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا ژۇرنىلىمىزغا ئىنتايىن ئاسان مۇشتىرى بولالايسىز.

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# جاھاندىن ئاز-تولا خەۋەردار بولۇپ قويايلى

## - «دۆلەت مەنپەئىتى ئۆزگەردىمۇ؟»غا ئىلاۋە

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ھەممىمىز جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە قالدۇق. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى گەجگىمىزدىن بېسىپ، بېشىمىزنى كۆتۈرتمەيۋاتىدۇ. تاماق يەيمىز، خىزمەتكە ماڭىمىز، كېلىمىز، ئۆيدە سەي-كۆكتات، ئۇن-ياغ تۈگىگەن، بازارغا قاترايمىز، كەچتە تېلېۋىزورنى ئاچىمىز، شۇنداق قىلىپ بىر كۈنىمىز ئۆتىدۇ. مانا بۇ ئۈچبۇلۇڭ بىزنىڭ قېلىپلىشىپ كەتكەن ھاياتلىق ئوربىتىمىز. شۇنچە ئالدىراش ئۆتىمىز، ئالدىراشلىقتا ھېچبىر مەنا يوق؛ شۇنچە جاپا تارتىمىز، ھېچبىر ئۈنۈم يوق. ھاياتىمىز ئۆزىمىز خالىغان ئىشلارغا ئەمەس، خالىمىغان ئىشلارغا سەرپ قىلىنىپ تۈگەۋاتىدۇ. ۋاقتىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئاشىدىغىنى كۆپ ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھارغىن، خاپىغان روھىي كەيپىياتتا ئازغىنە «قاتتىق سۆڭەك»لىرىمىزدىن باشقىلىرىمىز ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا تۇتۇنالمايمىز. تۇرمۇشىمىزغا يېقىن مۇساپىدىن تەسىر كۆرسىتىۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەچكە، تەقدىرىمىزگە يىراق مۇساپىدىن تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەر خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمايدۇ.

تۇرمۇش غەم - ئەندىشىدىن خالىي ئەمەس، شۇنداقلا خاتىرجەملىكتىن پۈتۈنلەي مەھرۇممۇ ئەمەس. لېكىن غەم - ئەندىشىنىڭ سەۋەبى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بوپكەتكەندە، ئادەمنىڭ بارلىق ئوي-خىيال، پائالىيىتى ئۆزىنىلا مەركەز قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئىتىگە ئالاقىسىز ھەممە نەرسە قىلچە ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھايات ئوقۇرنى ئوق مەركىزى قىلىپ ئايلىنىشقا باشلايدۇ-دە، بۇ خىل ھاياتتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھايۋانلاردىن تاماقنى خام يېمەسلىكتىن ئۆزگە پەرقى قالمايدۇ.

مانا شۇ ئوربىتىدا ئايلىنىۋېرىپتىمىز، ئايلىنىۋېرىپتىمىز... ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە قوشنىمىزغا تاماق سۇنىدىغان ئادىتىمىز ئۆتمۈشكە ئايلىنىپتۇ. خوتەنلىكلەر ئۈرۈمچىدە نېمە بولۇۋاتقىنى بىلەن كارى يوق، غۇلجىلىقلارنىڭ قەشقەرنى ئويلاشقا چولىسى يوق. ئۈرۈمچىلىكلەر باشقا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان. ھازىر كىشىلەر باشقا يۇرتلاردا تۇغقىنى ياكى بېجىرىدىغان ئىشى بولمىسا، ئۇيەرلەرگە بېرىشقا «پۇل بۇزماس» بوپكەتتى. ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزيۇرتىدا تۇرۇپمۇ بېكىنىپ ياشاش بىر پاجىئە. «تۆگە كۆردۈڭمۇ؟ ياق»، «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ» (مۇھەررىردىن) مۇقەددەس ھاياتلىق مىزانىغا ئايلانغان. ئادەملىرىمىز بۇنىڭغا ئاساسىي قانۇندىن بەكرەك رىئايە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ «تولا چۇۋۇلۇپ، تولا تۇقۇلۇش»نىڭ نەتىجىسى. دېمەك، قاچىغا دۈم چۈشۈپ تەرلەپ-پىشىپ تاماق يەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىغا مەسخىرە ۋە ھەيرانلىق بىلەن

## ئالەمدىن ئۇچۇر

قاراپ تۇرغان دۇنياغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئەجەب ماڭىلا قاراپ قاپتىغۇ؟ نېمە قىلىپ سالغاندىمەن؟ دەپ ئويلىنىشقا چولىسى يوق.

بىز دۇنيا توگۇل، جۇڭگودىكى تۈرلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھات ـ ئۆزگىرىشلەرگىمۇ تاكى بىزنىڭ مەنپەئىتىمىزگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتمىگىچە دىققەت ـ نەزىرىمىزنى قاراتماي كەلدۇق. خەلقئارا ۋەزىيەت، دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە بىزدە ھېچقانداق تەھلىل ـ مۇھاكىمىلەر بولۇپ باقمىدى. بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە جۇڭگودا ئەزەلدىن سىياسەتۋازلارنىڭلا نوپۇزى بوپكەلدى. پۇقرالار نېمىلەردىندۇر تەشۋىشلىنىپ بۇ ساھەگە قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۆز تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇش ـ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر خىل تەبىئىي ھوقۇق. بۈگۈنكىدەك ھەرخىل مەنپەئەتلەر گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان، بىرىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، يەنە بىرىنىڭ تۇيىقى سىرقىرايدىغان بۇ دۇنيادا ئىستىقبالغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ مەزمۇنى بېيىشقا باشلىدى. بۇ ئامىللارنى چۈشەنمەسلىك ماھىيەتتە ئوخشاش بىر تەقدىرنىڭ يەنە تەكرارلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، تارىختىكى بۇخىل خاتالىقلارنى ساناپ بولالمايمىز.

«روشەنكى ئۇ، شۇيىلى چاررۇسىيىدە ‹ئاق پاشا› نىڭ، گېرمانىيىدە ۋىليام II نىڭ، ئاۋسترو ـ ھونگىر ئىمپېرىيىسىدە هابۇسبۇرگ پادىشاھنىڭ، تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە سۇلتان مۇھەممەد V نىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئاشۇ دۆلەتلەر ۋە يېڭى مۇستەقىل بولغان پولشا، بولغارىيە، چېخوسلوۋاكىيە، ئىسلاندىيە، سۇرىيە، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە يېڭى پادىشاھلارنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۆز يۇرتىنىڭ بېقىنىدىكى بۇخارادا بۇخارا ئەمىرىنىڭ، خىۋە خانلىقىدا خىۋە سۇلتانىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئافغانىستاندا ھەبىبۇللاخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئامانۇللاخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاستانىسىدا بولسا، يۈەن شىكەينىڭ ئۆلۈپ، لىيۈەنخۇڭنىڭ زۇڭتۇڭ بولغانلىقىنى، جاڭ شۈننىڭ لىيۈەنخۇڭنى قوغلاپ، دۈەن چىرۇينىڭ ھوقۇق ئىگىلىگەنلىكىنى، ‹ راۋاقتا ھەر كۈنى بىر بايراق ئالمىشىپ تۇرغان › لىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر بىلگىنىدە ئىدى، ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتكەن ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ ‹ بۇ يىل پادىشاھ ئالمىشىدىغان يىل › دېگەن كارامەتلىك سۆزىدىن زادىلا گۇمانلانمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ ئاشۇ دۆلەتلەردە ‹ پادىشاھ ئالماشتۇرۇش › لارنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ‹ شاھ يەڭگۈشلەش › ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغان بولاتتى...» (نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000ـ يىل 1ـ سانىغا بېسىلغان «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» ناملىق ھېكايىسىگە قاراڭ. ـ ئاپتور)

بۇ ھېكايىدىكى راخمان گۇگۇتتا ئىپادىلەنگىنى دەل ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەنتىقىسى.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەۋسىيە قىلغان «دۆلەت مەنپەئىتى ئۆزگەردىمۇ؟» ناملىق بۇ سۆھبەت خاتىرىسى جۇڭگودىكى نوپۇزلۇق تەتقىقات ئورگانلىرى، داڭلىق ئاكادېمىيە ـ ئۇنىۋېرسىتېتلار-نىڭ ئاتاقلىق تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يەرشارىلىشىش شارائىتىدىكى جۇڭگو دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلىپ بارغان مۇھاكىمىسىدۇر. جۇڭگو پۇقراسى بولغانىكەنمىز، ئەلۋەتتە بۇلار نېمە دەيدۇ؟ ئاڭلاپ بېقىشىمىز ئىنتايىن يوللۇق ۋە زۆرۈر.

«يەرشارىلىشىش» گەرچە خەلقئارادا ئاللىقاچان تەتقىق قىلىنىپ، شۇنىڭغا لايىق نۇرغۇن تۈزۈلمىلەر شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ تەلىپى كونكرېتلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تېما ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مۇلاھىزە باسقۇچىنى ئەمدى باشلىدى. بىزدە بولسا گېزىت-ژۇرناللاردا بۇ ئاتالغۇ غىل-پال پەيدا بولدى، مۇلاھىزىدىن سۆز ئېچىشتىن تېخى يىراق تۇرۇپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، 1492ـ يىلى كولومبو شەرقىي، غەربىي ئىككى يېرىم شارنى تۇتاشتۇرغاندىن باشلاپ يەرشارىلىشىشنىڭ قەدىمى باشلانغانىدى. بىراق ھازىرقى دەۋرگىچە بۇ پەقەت مەدەنىيەتنىڭ قىسمەن تارقىلىشى، ھەرخىل مىللەتلەر مەنپەئەتلىرىنىڭ توقۇنۇشى دېگەندەك رايون خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە چەكلەنگەنىدى. ھازىر بولسا دۆلەتتىن، چېگرىدىن ھالقىغان يەرشارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۈزۈلمەستىن مەيدانغا كېلىپ، يەرشارىلىشىشنىڭ كۆلىمىنى مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭەيتتى.

بېرلىن تېمىنىڭ چېقىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، ياۋروپا بازىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئېلېكترونلۇق ئۆتۈشمە، ئۇچۇر يوللىرىنىڭ تەرەققىياتى بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئوبرازلىق بەلگىسى بوپقالدى. يەرشارىلىشىش دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، مائارىپ سىستېمىلىرىغا ئۈزۈل-كېسىل تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن شۇنىڭغا لايىق سىياسەت، ستراتېگىيىلەرنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

يەرشارى ئاجايىپ بىر غەلىتە پلانېت. ناۋادا بىرەر تاشقى پلانېت ئادىمى يەر شارىغا كېلىپ، بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرسە ھەيرانلىقتىن ياقىسىنى چىشلەپ سېلىشى مۇمكىن. قاراپ باقسىڭىز شۇنى بىلىسىزكى، ھەر يىلى تىنچلىق، مۇھىت ئاسراش، سالامەتلىك، پاراۋانلىق، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش دېگەن ئىشلار ئۈچۈن مىليارد ـ مىلياردلاپ پۇل خەجلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنى قىرىشى ئۈچۈن يۇقىرىقىدىن ھەسسىلەپ مەبلەغ سېلىنىۋاتىدۇ (ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان قورال-ياراقلارنى ئويلاپ كۆرۈڭ!).

20ـ ئەسىر ئىنسانلار تارىخىدىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە، قىممەت قاراشلىرى ئەڭ كەسكىن، ئەڭ كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇشقان بىر ئەسىر بولدى. پەن- تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارنى بىر-بىرى بىلەن ئەڭ كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىشقا مۇۋەپپەق قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى قىسقارتتى، خەلقئارا ئالاقە تورى ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى بۇنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتۈردى. بۇ، كۈچلۈك قەۋملەرنىڭ قۇدرىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، ئاجىز قەۋملەرگە يېڭى خىرىس، يېڭى تەلەپ ئېلىپ كەلدى. ئاجىزلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىزكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن خەۋەرسىز. ھەتتا ئۇلار ئۆزىنىڭ

ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پۇرسەتتىنمۇ مەھرۇم.

يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخى غەربنىڭ تارىخى بوپكەلدى. بۈگۈنكى دۇنيامۇ غەرب قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مېڭىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەت ئەڭ ئالىي غايىگە ئايلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەنگەن بەدەللەرمۇ ئەڭ كۆپ بولدى. شەھۋانىي، زوراۋانلىق تەسۋىرلەنگەن كىنو فىلىملىرى، ناخشا - ئۇسسۇللار مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ دورىسى سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدى. ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئىستېمال قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىپ، ئىقتىسادىي پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدىغان پائالىيەتلەر بىھۇدىلىك، دەپ قارالدى. «ئىستېمال قىممىتى» يوق ئەخلاقىي مىزان، ئەقىدە - ئېتىقادلارنى ئىنسانلار ئاستا-ئاستا مۇزېيلارنىڭ ئىشكاپلىرىغا تىزىپ قويدى. غەربلىكلەر قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارنى غەيرىي غەرب ئەللىرىنىڭ ئۆرنەك ئالىدىغان ئۈلگىسىگە ئايلاندۇردى (ئەلۋەتتە، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي بولمايدۇ). غەرب ئەندىزىسى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك، ئۈلگىلىك ئەندىزە، دەپ تەرغىب قىلىنىدى. ئامېرىكىلىق فرانسىس فۇشەن «تارىخنىڭ تۈگۈنى» دېگەن كىتابىدا: ئەركىن دېموكراتىيە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلدى، بۇ، ئىنسانىيەت ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك شەكلى، بۇ تارىخ ئەمدى تۈگەنجىلەندى، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە كېلىپ، بۇ خىل قاراشنى تارىخنى كۆزىتىش، خۇلاسىلەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى پەلسەپىۋى خۇلاسە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويدى (بۇ كىتاب دۇنيادا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان، جۇڭگو ئالىملىرى قاتتىق رەددىيە بەرگەن.- ئاپتور).

غەربنىڭ بۇ يېتەكچىلىك تارىخى ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلەلىدىمۇ، يوق؟ ئادىل قازى يەنىلا تارىخ. پەقەت بۇ ھەققانىي كىشىلەر تەرىپىدىن شەرھىيلەنگەندىلا.

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار شۇنچە كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتى، بىراق بۇ ئېرىشىش خۇددى «ھەر بىر مۇيەسسەرىيەتتە مەھرۇمىيەت، ھەر بىر مەھرۇمىيەتتە مۇيەسسەرىيەت» (جالالىددىن رۇمىي) دېگەندەك، نۇرغۇن يوقىتىشلارنى بەدەل قىلدى.

خەلقئارادا پىكىر بايان قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، بەلگىلەش پەقەت كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئىمتىيازى بوپقېلىپ، ئاجىز قەۋملەر ئىدېئولوگىيە، تۈزۈم، مەدەنىيەتنىڭ بىچارە ئىستېمالچىلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. كۈچلۈك دۆلەتلەر ھەقىقەتەن لاتا قوزۇقنى يەرگە قاقالىدى، دېگىنى پۈتكۈل دۇنياغا ئورتاق بولدى. ئۇلار چۈشكۈرسە، پۈتكۈل دۇنيا زۇكامداپ قالىدىغان بولدى.

بۇ ئەسىردىكى پاجىئەلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، مەن بۇنى ئەڭ ئاۋۋال ئىنسانلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تۈرلۈك قىممەت قاراشلىرىنىڭ بىرتەرەپلىمىلىكىدىن كۆرىمەن. تېلېۋىزوردىن خەلقئارا خەۋەرلەرنى ئاز-تولا كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە ئايانكى، ھازىر خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى باي بىلەن نامراتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. «باي - باينىڭ قايىشى» ئاساسلىق ئېقىم بولۇۋاتىدۇ. ھېيت كېلىپ قالغان چاغلاردىمۇ تۇغقانلىرىمىزنى ئىسمىمىزگە كېلىش تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىپ باقساق، ئەمەلدار ۋە پۇلدارلىرى چوقۇم باشتا بولىدۇ، نامرات تۇغقانلىرىمىز كۆزىمىزگە ئانچە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتمەيدۇ؛ نامراتنىڭ ھەر بىر ئىشى قاملاشمايۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى ئىنسانپەرۋەرلىك ئاپىتىنى يوقىتىمىز دەپ، يۇگوسلاۋىيىنىڭ «تاناۋى»نى تارتىپ قويغان بولدىيۇ، ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك ئاپىتى بولۇۋاتقان، رەگەتكە بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان پەلەستىنىدەك يەرلەرنى كۆرمەسكە سالدى.

«گېنېرال پاتتون» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىدە، پاتتون ئافرىقىدا بىر خارابىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «گېنېراللار دەۋر يارىتىدۇ، دەۋر شائىر يارىتىدۇ، شائىرلار شېئىر يارىتىدۇ» دېگەنىدى. توغرا، شائىرلار شېئىر يېزىۋاتىدۇ، گېنېراللار بولسا دەۋر يېزىۋاتىدۇ.

غەرب ئۆز مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى، قىممەت قارىشىنى توختىماي ئېكسپورت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئارقا تۈۋرۈكى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھازىرقى زامانچە ئەھلىسەلىپ ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىستېلالىرى ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە، بازارلاردا ئىستىخىيىلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بەلكىم يېقىن كەلگۈسىدە دۇنيا خەرىتىسىدىن سىياسىي مۇستەملىكىلەرنىلا ئەمەس، «مەدەنىيەت»، «ئىقتىسادىي مۇستەملىكە»لىرىنى كۆرۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ھېچقايسىمىز سالاھىددىن ئەييۇبىلارنى ئەمدى تۇغۇلمايدۇ، دەپ ئېيتالمايمىز.

دېمەك، بىز ئۈچۈن دۇنيانى چۈشىنىش، خەلقئارا ۋەزىيەت، دۇنياۋى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بەلكىم شۇنداقتا ئۆزىمىز ھەققىدە ئاقىلانە يەكۈنلەرگە ئېرىشەلىشىمىز، كرىزىسلىرىمىزنى چۈشىنەلىشىمىز، ئۆز ستراتېگىيىمىزنى ئىلمىي ئاساسلارغا ئىگە قىلالىشىمىز، ھېچ بولمىغاندا سۇزۇك دۇنيانىڭ پۇقرالىرىغا ئوخشىيالىشىمىز مۇمكىن. سۇنىزى ئېيتقان «ئۆزگىنى بىلىش» دەل شۇ ئەمەسمۇ؟ يەكۈننىڭ توغرىلىقى ئۇنىڭغا زۆرۈر ئۇچۇر مىقدارى ۋە ئۇچۇرلارنىڭ توغرىلىقىنى شەرت قىلىدۇ. شەرتلىرى كەم يەكۈن چوقۇمكى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا ئىگىسىنى زور تالاپەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ.

بىزگە ھەر كۈنى ھەر خىل يېڭى ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، كىتاب-ژۇرنال، گېزىتلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. نېرۋىلىرىمىز ئۇچۇرلارنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. پەقەت ئەقىللىق كىشىلەرلا ئۆزى ئۇچرىغان نەرسىلەردىن ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، زىيانلىقلىرىدىن ساقلىنالايدۇ. شۇلارلا مەڭگۈ ھاياتىي كۈچكە ئىگە. تۆۋەندە سىز ئوقۇماقچى بولغان «دۆلەت مەنپەئىتى ئۆزگەردىمۇ؟» ناملىق بۇ سۆھبەت خاتىرىسىمۇ سىزنى غىدىقلىماقچى. غىدىقلىنىش نېرۋىلىرىڭىزنىڭ سەزگۈر - پالەچلىكىگە باغلىق بولسا، ئېمىنى قوبۇل قىلىش مەنىۋى ئىشتىيىقىڭىزنىڭ نېمىنى تارتىدىغانلىقىغا باغلىق.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 99-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)



# دۆلەت مەنپەئەتى ئۆزگەردىمۇ؟

سۇڭ نيەنشىن

«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» ۋە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان.

بۇ قېتىمقى تېما: دۇنياۋىلىشىش شارائىتىدىكى دۆلەت مەنپەئەتى.

ۋاقتى: 2000-يىل 11-سېنتەبىر.

ئورنى: چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقات ئورنى.

سۆزلىگەنلەر:

ۋاڭ يىدەن: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سىياسىي تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

جۇ چېڭخۇ: دۆلەت مۇداپىئە ئۇنىۋېرسىتېتى ستراتېگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

چۇ شىڭ: دىپلوماتىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

جاڭ بەيجيا: مەركىزىي پارتىيە تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئىشخانا ھەيئىتى، 3-تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى.

جىن دىشياڭ: چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى.

يەن شۆتۇڭ: چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى.

● يەرشارىلىشىش دولقۇنىدا، دۆلەت مەنپەئىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟

● يەرشارىلىشىش دولقۇنىدا، دۆلىتىمىز مەنپەئىتىگە قانداق قارىشىمىز كېرەك؟

● يەرشارىلىشىش دولقۇنىدىكى جۇڭگو دۆلەت مەنپەئىتىنى قانداق قوغداش كېرەك؟

* * *

ۋاڭ يىدەن: دۆلەت مەنپەئەتى ئۇقۇمى ھەققىدە چەتئەللەردە خېلى كۆپ مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تېمىنى جۇڭگودىمۇ مۇلاھىزە قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. دۆلەت مەنپەئەتى كۆپ تەرەپلىك ھەم مۇرەككەپ. ئۇچقاندەك تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەت جۇڭگو دۆلەت مەنپەئەتى ئۇقۇمىغا قايتا تەبىر بېرىشى ۋە بۇنى تۇرغۇزۇۋېلىشى زۆرۈر. يەرشارىلىشىش مۇھىتىدا دۆلەت مەنپەئەتىگە دۆلەتلا باش قاتۇرماي، جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل قاتلاملىرى، ئوخشىمىغان مەنپەئەتكە ئىگە گۇرۇھلارمۇ بۇ ھەقتە پىكىر قىلىشى، ئويلىنىشى كېرەك بوپقالدى. دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ ئۆزئىچىگە ئالغان دائىرىسى چەكسىز، يەنە كېلىپ ئۇ توختىماي ئۆزگىرىپ، تەڭشىلىپ تۇرىدىغان جەريان.

يەرشارىلىشىش دەۋرىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، دۆلەت مەنپەئىتىدىكى مۇھىم بىر ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. ئۆتكەن يىلى يىل ئاخىرىدا سىئاتىلدا ئېچىلغان دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ سۆھبەت يىغىنى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى خىلمۇ خىل مەنپەئەت گۇرۇھلىرى ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن كېچىكتۈرۈلدى. پاكىتلار دۇنيادىكى ھەرخىل تەشكىلات ۋە خەلقئارا جامائەت پىكرى كۈچىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقى، ئۇلار پەيدا قىلغان بېسىم ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسەت تۈزۈشىگە زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخىمۇ كۆپ خەلقئارالىق كرىزىسلارنىڭ ھەل قىلىنىشىمۇ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە مۇرەسسەلەرگە باغلىق بوپقېلىۋاتىدۇ.

جۇ چېڭخۇ: يەرشارىلىشىش بىر خىل جەريان ۋە ھالەت بولۇپ، 1980-يىللاردىن كېيىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭغا بىرىنچىدىن، پەن-تېخنىكىنىڭ بولۇپمۇ كومپيۇتېر ۋە خەۋەرلىشىشنىڭ تەرەققىياتى، ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، ئۈچىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە

شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈمى ئۆزگىرىپ، ئەسلىدىكى بېكىنمە قورغانلارنى ۋەيران قىلىشى سەۋەب بولدى. يەرشارىلىشىشنىڭ تەرەققىياتى دۆلەت مەنپەئەتىگە مۇقەررەر تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يەرشارىلىشىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىنى قانداق بەلگىلەيمىز؟ ب د ت ۋەكىللىكىدىكى بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ھوقۇقى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ، دۆلەتتىن ھالقىغان شىركەتلەر مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى دۆلەت ئوينايدىغان رولىلارنى ئويناۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبلەرگە كۆرە دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتىدۇ. بىر خەلقئارالىق تەشكىلاتقا كىرىش شۇنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىش كۆرۈشتىن، ئىلگىرى ئىگىلىك ھوقۇقىغا تەۋە بەزى نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشتىن دېرەك بېرىدۇ، بىراق يەرشارىلىشىش دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشتىن، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ياكى دۆلەتنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسىتىنى چوقۇم تەڭشەشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، مېنىڭچە دۆلىتىمىزنىڭ رېئال مەنپەئىتى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. زېمىن پۈتۈنلۈكى، 2. ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچرىماسلىقى، 3. ئىقتىسادىي تەرەققىيات تاشقى بېسىم - تەھدىت سەۋەبىدىن توختاپ قالماسلىقى، 4. تىنچ - مۇقىم، بىخەتەر مۇھىت، 5. بارلىق ستراتېگىيىلىك بايلىق مەنبەلىرىگە مۇقىم ئېرىشىش، 6. خەلقئارا بازارغا كىرىش ھوقۇقى، 7. خەلقئارا قاتناشنىڭ راۋانلىقى، 8. ئاساسلىق قىممەت قارىشىنىڭ تاشقى تەھدىت تەسىرىدە ئۆزگەرمەسلىكى. دۆلەت مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ستراتېگىيە - سىياسەتلەردە ياخشىسىنى ئاۋۋال يۈرگۈزۈش كېرەك. دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات باش ئورۇندا. بىراق ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ھالقىلىق مەسىلىلەر، مەسىلەن، بىردەكلىك ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەندەكلەر مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

**چۇشىڭ:** يەرشارىلىشىشنىڭ جۇڭگوغا ئەكېلىدىغان پۇرسىتى ۋە خىرىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەھلىل ئېلىپ بارساق، ئوخشىمىغان يەكۈنلەرگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، ئىقتىسادىي جەھەتتە پۇرسەت خىرىستىن كۆپ. دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا يەرشارىلىشىشتىن كۆپ پايدىغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ مەبلەغ ۋە تېخنىكا جەھەتتە. ئەلۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، پۇل-مۇئامىلە، تاشقى سودا، مەبلەغ سېلىش جەھەتتە ئىشىكنى چوڭراق ئېچىۋېتىمىز، بۇ چاغدا ئىگىلىك ھوقۇقىنى قانداق تۇتۇپ تۇرۇشمۇ بىر كۈچلۈك خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ؛ سىياسىي جەھەتتە بولسا، خىرىس پۇرسەتتىن چوڭ بولۇشى مۇمكىن. غەرب دۆلەتلىرى ئىدېئولوگىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي بىردەكلەشتۈرۈش

ئېقىمىنىڭ خىرىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بىزنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىنى قوغداش ۋەزىپىمىز تېخىمۇ مۇشكۈللىشىدۇ.

**جاڭ بەيجيا:** مەن ئالدىنقى قېتىم «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» دە ئېلان قىلغان ماقالەمدە مۇنۇلارنى تەكىتلىگەنىدىم: 20-ئەسىرنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، ماۋۇ تەجرىبىلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر: 1. ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش دۆلەت كۈچىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى شۇنداقلا جۇڭگونىڭ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىشىدىكى ئاساسلىق شەكلى. 2. چوڭ دۆلەتلەر سىياسىتىنىڭ جۇڭگوغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چەكلىك، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يولىنىڭ بۇ خىل ئامىللارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىشى مۇمكىن ئەمەس. 3. دۇنيا ئېقىمىنىڭ يۆنىلىشىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئويلىنىشىمىز كېرەك، دەل مۇشۇ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. 20-ئەسىرنىڭ ئاساسلىق ئېقىمى مىللىي مۇستەقىللىق - ئازادلىق ھەرىكەتلىرى شۇنداقلا زامانىۋىلىشىش بولدى. مېنىڭچە، ھازىرقى ئۈچ ئېقىم تىنچلىق ۋە تەرەققىيات، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى ۋە خەلقئارا سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى بولماقتا.

يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ دۆلەت مەنپەئىتىگە بولغان تەسىرى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ چېگرىسىنى تولىمۇ ئېنىقسىز قىلىۋەتتى، ھازىر بەزى ئىشلارنى كىشىلەر پۈتۈنلەي بىر دۆلەتكە تەئەللۇق، باشقا دۆلەت بىلەن ئالاقىسى يوق دېيەلمەيدىغان بوپقالدى. مەسىلەن، خەلقئارا سودا سۆھبەتلىرىدە، بىر دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى باشقا دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىگە قەدەر سوزۇلغان، باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىدىمۇ ئۆز دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ بىر قىسمى تۇرغان. ئەلۋەتتە، دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ ئەڭ يادرولۇق قىسمىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. غەرب دۆلەتلىرى ھەمىشە ئىگىلىك ھوقۇقتا ئۆزگىرىش بولدى، دېيىشىۋاتىدۇ ھەم ئىگىلىك ھوقۇقتىكى «يول قويۇش» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز شۇنى تەكىتلىشىمىز كېرەككى، ئىگىلىك ھوقۇقتىكى يول قويۇش، ماھىيەتتە ئۆز خاھىشىدا بولىدۇ. يول قويۇشنىڭ مەقسىتىمۇ تېخىمۇ دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن بولىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ ئورنى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، يول قويۇشتا ئويلىشىدىغان دائىرە ۋە مەنپەئەت دائىرىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ھەرقانداق دۆلەتكە نىسبەتەن يادرولۇق مەنپەئەتتە يول قويغىلى بولمايدۇ. قىسقا مۇددەتتىن قارىغاندا، بەزى يول قويۇشلار بىزگە پايدىسىز بولۇشى مۇمكىن. ئۇزاق مۇددەتتىن قارىغاندا، بىزگە پايدىلىق بولسا ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ. «دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىش» سۆھبىتىدىمۇ بۇ نۇقتا تولىمۇ روشەن گەۋدىلەندى.

**جىن دېشياڭ:** يەرشارىلىشىش ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىشى بولۇپمۇ بازار ئىقتىسادىنىڭ يەرشارىلىشىشى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنى ئاساسلىق كۈچ قىلغان

يەرشارلىشىشتۇر. خەلقئارالىق ئىش تەقسىماتىغا قاتنىشىش جەريانىدا، بىز ئىگىلىك ھوقۇقىتا يول قويۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمىز. ئەگەر بۇ مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىساق، دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ كونترول قىلىشى ۋە مونوپول قىلىشىغا ئۇچرايمىز. مەن بۇ يەردە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى كرىزىسى مەسىلىسىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن. يەرشارلىشىش جەريانىدا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بەلكىم ئارتۇق مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە يۆتكەپ ئۆزى يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىي كۈچىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن مەھسۇلاتلىرىنى قوبۇل قىلىۋەرمەسلىكىمىز كېرەك. بىز ھازىرچە يەرشارلىشىشتىن پايدا ئالدۇق. بىز كېيىن ئىشىكنى تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋېتىمىز، يەرشارلىشىشقا قاراپ تېخىمۇ ئىچكىرىلەيمىز.

يەن شۆتوڭ: ئىقتىسادنىڭ يەرشارلىشىش تەرەققىياتى جەريانىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، بۇخىل ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىي پائالىيىتىنىڭ گىرەلىشىشى بۇ دۆلەتلەرگە نۇرغۇنلىغان ئورتاقلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ، ئورتاق ئەندىزە (مالىيە تۈزۈمى ۋە سودا ئەندىزىسى) نىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنداقتا خەلقئارا سىياسىچۇ؟ سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ گىرەلىشىشىمۇ ئورتاق ئەندىزە ئېلىپ كېلەلەمدۇ؟ قورال ـ ياراقلارنى كونترول قىلىش دېگەندەك ئىشلار ئىلگىرى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ئىدى، بىراق ھازىر نۇرغۇنلىغان ئورتاق ئەندىزىلەر مەيدانغا كەلدى. كۆپچىلىك خەلقئارا سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ھازىرقى خەلقئارا سىياسىي تەرتىپكە غەربتىكى چوڭ دۆلەتلەر يېتەكچىلىك قىلىۋاتىدۇ، شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەرمۇ ئورتاق ئەندىزىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىنى مىسالغا ئالايلى، خەلقئارا جەمئىيەت پەقەت خەۋپسىزلىك كېڭىشى توغرا تاپقان تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەكسىچە بولسا، بۇ ھەرىكەت دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق، دەپ قارىلىدۇ. ئارىلىشىلغان دۆلەتكە نىسبەتەن ھەر قانداق تاشقى قوراللىق كۈچنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ پەرقى يوق. مېنىڭچە، سىياسىينىڭ يەرشارلىشىشى ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ: بىرى، سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ گىرەلىشىشى كۈنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، يەنە بىرى، ئەندىزە بارغانسېرى بىردەكلىشىۋاتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ يەرشارلىشىشى جەريانىدا، خەلقئارا سىياسىيمۇ يەرشارلاشماي قالمايدۇ. بۇ، ماركسىزمنىڭ ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن قائىدىسىگە ئۇيغۇن.

جۇجيەنخۇ: مەنمۇ ئىقتىسادنىڭ يەرشارلىشىشى سىياسىينىڭ يەر شارلىشىشىغا ئېلىپ بارىدۇ، دەپ قارايمەن. ئىقتىسادنىڭ يەرشارلىشىشى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئاقىۋەتنى ئېلىپ كېلىدۇ: 1. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزئارا تايىنىش كۈچىيىدۇ؛ 2. خەلقئارا سىياسىينىڭ يەر شارلىشىشى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى ئارىلىشىشلار توختىماي بولۇپ تۇرىدۇ؛ 3. خەلقئارا يېڭى تەرتىپ شەكىللىنىدۇ ۋە قۇرۇلىدۇ. جوڭگوغا نىسبەتەن بۇ بىر ئىنتايىن رېئال مەسىلە. جوڭگونى ھازىر يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش جەريانىدا يېتەكچىلىك رولىنى ئويناشنى ئۈمىد قىلىش رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. مېنىڭ مۇنداق بىر قارىشىم بار: يەرشارلىشىش مەلۇم دەرىجىدە ئامېرىكىلىشىش دېمەكتۇر. ئامېرىكا ھازىرقى دۇنيادىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت، ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان تەسىر كۈچىنى ھېچقانداق بىر ستراتېگىيىلىك كۈچ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. كەلگۈسىدە خەلقئارالىق سىياسىي ئىقتىسادىي تەرتىپ ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنى يولغا قويۇشتا، غەربنىڭ مەنپەئىتىنى بەكرەك كۆزدە تۇتماي بولمايدۇ. بۇ نۇقتىغا نىسبەتەن دۆلىتىمىزدىكىلەردە تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك.

مېنىڭچە، جوڭگو خەلقئارا تەرتىپكە كىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايونلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يەرشارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ھازىرقى زامان ئىقتىسادى يەرشارلىشىش بىلەن رايونلىشىشنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى رايونلاشتۇرۇشقا سېلىشتۇرغاندا، شەرقىي ئاسىيانىڭ بۇ ھەقتە قىلغىنى ھەقىقەتەن يېتەرلىك بولمىدى. 1997-يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئامېرىكا بازارلىرىدىكى سېتىلىش مىقدارى 1-ئورۇندا ئىدى، 1998-يىلغا كەلگەندە 3-ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. 1-ئورۇندىكىسى مېكسىكا بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شىمالىي ئامېرىكا سودا رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى. ناۋادا شەرقىي ئاسىيا رايونىدا رايونلاشتۇرۇش كۈچەيتىلسە، بەلكىم يەرشارلىشىشنىڭ دۆلىتىمىزگە بولغان سەلبىي تەسىرىنى ئازايتالىشىمىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ جەرياندا مەلۇم مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز؛ مەسىلەن، ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، دېگەندەك.

چۇشىڭ: ناۋادا ئىقتىسادنىڭ يەرشارلىشىشى مۇقەررەر يوسۇندا سىياسىينىڭ يەرشارلىشىشقا سەۋەب بولسا، يەنە كېلىپ سىياسىينىڭ يەرشارلىشىشى ئامېرىكا ئۆلچىمىنى مىزان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ جوڭگونىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە تاقىشىدۇ. ئامېرىكا ئۆلچىمىنى مىزان قىلغان سىياسىينىڭ يەرشارلىشىشى جوڭگونىڭ مۇقىم تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولغان دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي مۇقىملىققا بۇزۇش خاراكتېرلىك زەربە ئېلىپ كېلىدۇ. دۆلەت مەنپەئىتى بىخەتەرلىك ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلنى چەتكە قاقمايدۇ. بۇ ئىككى مەنپەئەت مۇقىم سىياسىي مۇھىتقا موھتاج. بىز چوقۇم بىخەتەرلىك شەرتى ئاستىدا سىياسىينىڭ يەرشارلىشىشقا ماسلىشىشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك.

جىن دېشياڭ: مېنىڭچە، ھازىر دۇنيادا يەرشارلىشىشتىن ئىبارەت بىرلا ئېقىم يوق. ئەمەلىيەتتە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كۆپ قۇتۇپلىشىشمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. يەرشارلىشىشمۇ ئوڭۇشلۇق ـ تۈپتۈز كېتىۋاتقىنى يوق، ئۇمۇ ئۆزگىرىش ۋە كۈرەش ئىچىدە.

يەرشارلىشىش چوقۇم ئامېرىكىغا تەسلىم بولۇش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئامېرىكىلىشىشقا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئاخىرىدا، يەنىلا كىمنىڭ ياخشى قىلغىنىغا قارايدىغان گەپ.

**جاڭ بەيجيا:** تارىخىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، سىياسىينىڭ يەرشارلىشىش جەريانى، ئىقتىسادنىڭ يەرشارلىشىشىدىن كېيىن بوپكەلدى. بۇ، ماركسىزم پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، سىياسىي ساھەدىكى كۆرەشمۇ ئىقتىسادىي ساھەدىكىدىن مۇرەككەپ ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. يەرشارلىشىش دولقۇنىمۇ ئۆلغىيىۋاتىدۇ. بۇلار بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، ھەرگىزمۇ يەرشارلىشىش رايونلىشىشنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. يەرشارلىشىش پەقەت دۆلەت مەنپەئىتىگىلا تەھدىت سېلىپ، ئۇنى قوغدىمامدۇ؟ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا خەلقنىڭ تىرىشچانلىقى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بۇنىڭدا يەنە خەلقئارا ئېقىم ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنىڭ قوغدىشىمۇ زۆرۈر. بىر خەلقئارالىق قائىدە چوقۇم ھەرقايسى دۆلەتلەرگە مەنپەئەت كەلتۈرەلەيدىغان نىسپىي باراۋەر پۇرسەت تەمىن ئېتەلىشى ۋە ئۇنى باراۋەر قوغدىيالىشى لازىم. ئۇنداق قىلالمىسا، ئۇ، ماھىيىتىدىن بىر قائىدە بولۇپ تۇرالمايدۇ.

مېنىڭچە، يەرشارلىشىشنى ئامېرىكىلىشىش دېيىش سەل ئاددىيراق بوپقالار. بىراق بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭمۇ مەلۇم سەۋەبى بار. ئامېرىكا بىر دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت، ئۇ، تاشقى مەدەنىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلغان. ئامېرىكىنىڭ كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىخچاملىشىشىدۇر. ئامېرىكا جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەر كۆپىنچە ھاللاردا باشقا ئەللەرمۇ ئۇچراپ قالىدىغان مەسىلىلەردۇر.

**ۋاڭ يىدەن:** مەن يەنە ئازراق تولۇقلاپ ئۆتەي:

1. يەرشارلىشىش مۇرەككەپ، كۆپ تەرەپلىملىك بولىدۇ، ئۇنى ماتېماتىكىدىكىدەك ئېنىقكە، توغرا ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. خۇددى ئىقتىسادنىڭ يەر شارلىشىشىمۇ پۈتۈنلەي بىر گەۋدىلىشىپ كېتىش بولمىغىنىدەك، سىياسىينىڭ يەرشارلىشىشىمۇ سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ بىر مەنبەلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئاۋۋال كۆڭۈل بۆلىدىغان، مۇزاكىرە قىلىدىغان تېمىلارنىڭ بىردەكلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئورتاق ئىشتىراك قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. 2. بىز يەرشارلىشىش دەۋرىدە دۆلەت مەنپەئىتىگە تەبىر بېرىشتە، ئۆزگىرىشچان، ئوچۇق نەزەردە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى يېڭى مەنپەئەتلەر مەيدانغا كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ھەم ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەرتىپىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. 3. جۇڭگونىڭ دۆلەت مەنپەئىتىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىز ئاۋۋال يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان، خەلقئارا ئىشلاردا بالدۇر باش بولماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئاۋۋال خەلقئارا سىستېمىغا سىڭىپ كىرىشىمىز، ئاندىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىنى كۈزلىشىمىز ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن رايون خاراكتېرلىك پۈتۈنلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەرقىي ئاسىيا ۋە ئاسىيا رايونىدا يېتەكلەش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. يەرشارلىشىش ئاۋۋال رايونلىشىشتۇر. رايونلىشىش يەرشارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىر پەلەمپىيى. ئاخىرىدا دېمەكچى بولغىنىم، چوڭ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ستراتېگىيىلىك مەنپەئەت ۋە سودا مەنپەئىتى جۇڭگو دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان يادرولۇق نۇقتىلارنىڭ بىرى. جۇڭگونىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى يۈرگۈزۈپ كەلگەن چوڭ دۆلەتلەر دىپلوماتىيە ستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئۇسۇلىمىز مۇۋاپىق، كۆپ خىل بولۇشى لازىم.

**يەن شۆتۇڭ:** يەرشارلىشىشتا دۆلەت مەنپەئىتىنى قانداق قوغدايمىز، دېگەن مەسىلىگە قايتىپ كەلسەك، مېنىڭچە، يەرشارلىشىشنىڭ ئۆزگەرتىدىغىنى دۆلەت مەنپەئىتى ۋە خەلقئارا مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتى ئەمەس (ئاددىيراق ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا كىچىك كوللېكتىپ بىلەن چوڭ كوللېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتى)، بەلكى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ مەزمۇنى. مەسىلەن، ئىلگىرى تاموژنا بېجى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ بىرقىسمى ئىدى. بىراق ھازىر كىشىلەر بىلىدىكى، بەزىدە تاموژنا بېجىنى ھەددىدىن زىيادە قوغداشمۇ زىيانلىق ئىكەن. چۈنكى باشقا دۆلەتمۇ سىزگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىكەن. بۇنداق چاغدا ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تاموژنا ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈشسە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

مېنىڭچە، يەرشارلىشىشنى ئامېرىكىلىشىش دېيىش سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك. جاڭ بەيجيا ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبتىن باشقا، يەرشارلىشىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھەر خىل مەدەنىيەت، سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ تىركىشىش، گىرەلىشىش، تەڭپۇڭلىشىش جەريانى. ھەرقانداق بىر زوراۋان كۈچ يەرشارلىشىشنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. تۈزۈم - قائىدىلەرنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى بىر كېڭەشىش جەريانىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، ئادىل، دۇرۇس ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەن ۋاڭ يىدەن ئەپەندىنىڭ قارىشىغا قوشۇلىمەن. ئېچىۋېتىلگەن ئۇسۇل بىلەن دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداش، بېكىنمە ۋە يالغۇز تۇرۇشتىن كۆپ ياخشى. نۆۋەتتە دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن خەلقئارا مەنپەئەتنىڭ تەركىبلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇلارنى بىردەك قوغداش زۆرۈرىيىتىمۇ كۆچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بىراق رايونلىشىش مەسىلىسىدە، مېنىڭ قارىشىم يەنە ئۇنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

رايونلىشىش ۋە يەرشارلىشىش تەڭ پەيدا بولىدىغان ئىككى خىل يۈنىلىش. ئىككىسى ئىلگىرى-كېيىنلىك مۇناسىۋەتتە ئەمەس. رايونلىشىش يالغۇز بىر دۆلەت يەرشارلىشىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىگە تاقابىل تۇرالمىغان (ماسلىشالمىغان) دا، باشقا دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ يەرشارلىشىشنىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ستراتېگىيە. روشەنكى، ھازىرقى جۇڭگوغا نىسبەتەن رايونلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش دۆلەت مەنپەئىتىنى قوغداشقا تېخىمۇ پايدىلىق.

---

«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 2000-يىل 22-سېنتەبىر سانىدىن

**ئابدۇرېھىم دۆلەت** تەرجىمىسى(M1)



# رەھبەرلىك تەپەككۇرى ۋە رەھبەرلىك ھوقۇقى

لەتىپ ئابدۇرەشىد

بىز تۈرلۈك-تۈمەن قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھازىرقى ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئۇلاشتۇق. ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولغان ئەقىل ۋە ئېتىقادلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنچە زۇرۇرلىكىنى ئوخشاشمىغان نەتىجىلىك مۇناسىۋەت بىلەن شەرھىيلىدۇق. بىز گەپنى يەنىلا ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشىدىن باشلىساق، بۇ قوغلىنىشنى ئەقلىيلىكنىڭ ئېپتىداسى، دەپ چۈشىنىش مۇمكىن. ئىنسانلارنىڭ ماددىي دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن ئۈزۈلگەن ئەمەس. شۇڭا ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ مۇشۇ ماددىي ۋاسىتىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرى تۈپەيلى ئەقلىي جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن مەدەنىيەتمۇ بۇ جەرياننىڭ داۋاملىشىشى ئارقىسىدا شەكىللەنگەن (بۇ، مورگانچە قاراشتىن يىراق بولسىمۇ)، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ ئۈزلۈكسىزلىكنى يەنى ئەقلىي تارىخنى راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ. مەزكۇر مۇھاكىمىدىكى تەھلىل نۇقتىمىز: ئەقلىي رەھبەرلىك تەپەككۇرىنىڭ ھەرقايسى قىتئە ۋە رايونلاردىكى ئوخشاشمىغان ھالەتتە پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ دەۋرى.

مېنىڭچە، بىر تارىخىي دەۋر شۇ دەۋردىكى مىللەتلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە ئۇيۇشقان زېھنىي كۈچىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئەرەب ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالساق، بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەك قىيىن ئەمەس. ئاسىيادا ئىسلام دىنىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بەدەۋى – قاشاق، بېكىنمە، يېگانە تەبىئەتلىك بۇ مىللەتنىڭ بىردىنلا باش كۆتىرىپ ئوتتۇرا شەرققە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك پارسلارنى ئىستېلا قىلىشى، ھەتتا ياۋروپاغا خىرىس قىلالىغانلىقى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئىسلام دىنىنى ئەرەبلەرنىڭ دۇنياغا يۈرۈش قىلىشىدىكى يول كۆرسەتكۈچ دېسەكمۇ ئەمما بۇ دىندىكى ئۇيۇشۇش كۈچى نەدىن كەلگەن؟ شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلايھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتى ئەرەبلەرنى بىرلىككە كېلىشكە ۋە ئورتاق بولغان مەنپەئەت ئۈچۈن ھىجرەت قىلىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئورتاقلىقى ۋە مەنپەئىتى زادى نېمە؟ ئۇ دەل ئىسلام دىنى. تارىختىغۇ كۆپلىگەن دىنلار بارلىققا كەلگەن. ئېنىقكى، دۇنيادا تېخى ئىسلام دىنىدەك قەتئىيلىككە ئىگە دىن بارلىققا كەلمىگەن (ئەينى دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەلۋەتتە). ئىسلام دىنىنى شۇ قەتئىيلىك ۋە كەسكىنلىككە ئىگە قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئاللانىڭ ئەلچىسى بولغان بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەرەبلەرنىڭ نېمىگە ۋە قانداق داھىيغا موھتاجلىقىنى مۇكەممەل چۈشەنگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرۈشلىرىدە ئەخلاقىي مەۋقە ئېنىق بولغاچقا، ئەرەبلەر ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا مىسلىسىز زور قۇدرەت بىلەن ئۇيۇشقان.

ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا، مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەرەبلەر ئاۋۋال كەڭ كۆلەملىك سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ (ياۋروپا ۋە ئافرىقا بىلەن بولغان

سودا ئارقىلىق) ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى تىكلىدى ۋە مۇستەھكەملىدى، سىياسىي جەھەتتىكى ئورنىنىمۇ مۇستەھكەملەندى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئىسلام گۈللىنىش دەۋرى يېتىپ كەلدى. مۇشۇ مەزگىلنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان، ئىسلام دۇنياسىدىكى تۆت بۈيۈك تەرجىماننىڭ بىرى، «ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ نەمۇنىسى»، «ئەرەب پەلسەپىسىنىڭ پېشۋاسى» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئەلكىندىي (796 ـ 873)؛ «ئىسلام تىبابىتىنىڭ ئاتىسى» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب پەيلاسوپى، تېبابەت ئالىمى، خىمىك ئەلرازىي (864 ـ 932) «مەخپىي دەستۇر»، «مۇتلەق ۋە كونكرېت ماددا»، «روھ توغرىسىدا»، «دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى»، «دورىگەرلىك ئىلمى»، «تېبابەت مەنزىلى»، «ئەسەب كېسەللىكلىرى ئىلمى» دېگەن ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن، «ئەرەب خىمىيىسىنىڭ ئاتىسى» دەپ نام ئالغان جابىر بىن ئەل ھەييان (720 ـ 815) «خىمىيىنىڭ سىرى»، «خىمىيە پرىنسىپلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن، مەشھۇر تارىخشۇناس، ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ئەل ھەمەدانىي (893 ـ 945) «ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تەزكىرىسى»، «گۈلتاج» (بۇ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر) دېگەن ئەسەرلىرى بىلەن، مەشھۇر ئاسترونوم، ئاتاقلىق ماتېماتىك ئىبىن يۇنۇس (952 ـ 1009) «يۇنۇس كالېندارى»، «ھەكىم چوڭ كالېندارى» دېگەن ئەسەرلىرى بىلەن، «تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى»، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئەل زەھلاۋىي (936 ـ 1013) «تېبابەت مېتودىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنى ئاچتى. ئۇلارغا يانداش يۈزلىگەن پارس ـ تۈرك ئالىملىرى بۇ مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. غەززالىي، ئىبىن سىنا، مۇھەممەد ئىبنىي مۇسا ئەل خارەزمىي، بىرۇنىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي قاتارلىق غەيرىي ئەرەب ئالىملىرى ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل مەدەنىيەتنى دۇنياۋى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى.

ئومۇمەن ئىسلام مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئىلىم-پەن ئويغىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەرەب ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنىنى مەنبە قىلغان، خەلق ئىرادىسى تەبىئىي رەۋىشتە دىنىي كەيپىياتقا مەركەزلەشكەنىدى. خەلقنىڭ بىر رەھبەر (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە خەلىپىلەر) نىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلىنىشى ۋە ئەرەبلەرنىڭ شۇنداق بىر شۆھرەتلىك دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈشى تا ھازىرغىچە ھېچقانداق تارىخشۇناس ئىنكار قىلالمىغان بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىجتىمائىي، تارىخىي، دىنىي ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

شەرق ئەندىزىسى يەنى ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىتالىيىدە باشلانغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ۋە بۇ گۈللىنىشنىڭ كېيىنكى بايراقدارلىرى بولغان بىكون، ۋولتېر، مونتېسكيۇ قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئاقارتىش ھەرىكىتى ھەم كرومۋېل قوزغىلىڭىدىن كېيىن ياۋروپادا ناپالېئوننىڭ سەلتەنىتى باشلاندى. ئۇنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابىي غايىلىرى بىلەن ياۋروپادا باش كۆتۈرۈشى ۋە بۇ كىشىنىڭ ئاجايىپ ئىستىبداتى بىلەن ئىلگىرىكى ھېچقانداق ھۆكۈمراندا بولمىغان ئىجادىي يېڭى پاراستى ياۋروپا جەمئىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش ياسىدى، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى نوقۇل ناپالېئون زەمبىرەكلىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋەزىيەت، دەپ قاراشقا بولمايتتى. ئەلۋەتتە بۇ نۇقتىدا ناپالېئوننىڭ ھەربىي قوماندانلىق قابىلىيىتىنى نەزەرگە ئالىمىز ۋە بۇ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىمىز. ئەمما ھەل قىلغۇچ ئامىل شۇكى، ئەينى زاماندىكى فرانسىيىنىڭ جۈملىدىن بەزى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىدىيىۋى بىرلىكىگە ئاساس سالغانلار يەنىلا ۋولتېر، مونتېسكيۇ دىدرو، روسسو. . . لار بولۇپ، ئۇلار زاۋاللىقتىكى ياۋروپانىڭ يېڭىچە قىياپەتتە باش كۆتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ ئۈمىد كېيىنچە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئورتاق ئۈمىدىگە ئايلاندى. نەتىجىدە، ناپالېئوننىڭ ئىلغار بۇرژۇئا قانۇن ـ سىياسىتى ياۋروپادا تېزلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. گەرچە كېيىنكى مۇستەملىكە يۈرۈشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلەنگەن بولسىمۇ، شۇنداق دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ناپالېئون ياۋروپادا بىر ئۇنتۇلغۇسىز سىلكىنىش پەيدا قىلدى. ناپالېئون دەۋرىدىن كېيىن ياۋروپا ئىسلام دۇنياسى بىلەن تىركىشىش ئەمەس، خىرىس قىلىش باسقۇچىغا كىردى؛ دۇنيا ۋەزىيىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىدىغان، دۇنيانىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىغىمۇ زور ئەھمىيەت بىلەن قارايدىغان ۋە بۇ ھەقتە باش قاتۇرىدىغان بولدى. رەھبەرلىك ھوقۇقى ئاجىزلاشقان ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئەقلىيلىك ئاجىزلىنىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئىسلام ئەللىرىنىڭ تەقدىرى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىقلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى. روشەنكى، ئەقلىي كامىللىق بىرەر ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ تەسىرىدە ۋۇجۇدقا كەلسە، ئۇنىڭ دەۋرى ۋە تەسىر دائىرىسىمۇ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ بارىدۇ. ئەقلىي كۈچنىڭ نامايان بولۇشى، شۇنداقلا ئاجىزلىنىشى تەپەككۇر ئىزچىللىقىدىن ئايرىلمىغان ھالدا بىر گەۋدە بولۇپ كەلگەن. ئەرەبلەرنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، شەرق ئاجىزلىشىۋاتقان، غەرب ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچىنى نامايان قىلىۋاتقان مەزگىلدە يېڭى قۇرۇقلۇق ئامېرىكا بايقالدى. توغرا، ئامېرىكىنىڭ شۇنچىلىك ھاياتىي كۈچكە تولغان دۆلەتكە ئايلىنىشى، قانداقتۇر «سېھىرگەرنىڭ تايىقى تېگىپ» كەتكەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى يېڭى بىر ئەۋلاد ياۋروپالىقلارنىڭ بىر يۈرۈش ئەقىل سىستېمىسىنىڭ يېڭى ئامېرىكا زېمىنىدا يېڭى سىياسىي شەكىلدە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى، ئۆزگىچە دېموكراتىيە نۇرىنىڭ ئامېرىكا زېمىنىنى يورۇتقانلىقى، ئاجايىپ ئەقلىي كۈچ تۈرتكىسىدە ئامېرىكا ئەنئەنىسىنى بەرپا قىلىپ، ياۋروپا ۋە ئاسىيالىقلار چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان

زور ئۆلگىرىلەشلەرنى روياپقا چىقارغانلىقىدىندۇر. ھالبۇكى، بۇ دۆلەتتە بىر-ئەر پەيغەمبەر ۋە دىنىي داھىي بولۇپ باقمىغان. ئەمما بىر دىندىن خالىي دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەركىن پارلامېنت تەشكىللەپ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى خەلقنىڭ ئورتاق نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن زۇڭتۇڭدىن ئىبارەت يېڭى ۋە بىر قەدەر دېموكراتىك تۈسكە ئىگە رەھبەرلىك ئەندىزىسى بارلىققا كەلدى. مېنىڭچە، ئامېرىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى، دىنىي ئىختىلاپ ۋە ئۆرپ-ئادەت دەتالاشلىرىدىن بىزار بولغان بىر تۈركۈم ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىي، ئەقلىي يۈرۈشلىرى بىلەن يېڭى ماكان يارىتىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. قالتىس رەھبەر ۋاشىڭتون ئامېرىكىنىڭ ئۆزگىچە مەۋقەسىنى تېخىمۇ ئېنىق شەرھىيلەپ، ئامېرىكىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنى دۇنياغا ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. ۋاشىڭتون دەل ئامېرىكىلىقلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ۋەكىلى بولغاچقا، ئۇلار ناھايىتى تېزلا بىرلىككە كېلىپ، بۇ دۆلەتنى سىياسىتى مۇكەممەل، ئىقتىسادى كۈچلۈك، پەن-تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە «شان-شەۋكەتلىك ئەنگلىيە ۋە ياۋروپانىڭ مەركىزى، كۈچلۈك ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە» دەپ ئاتالغان فرانسىيىمۇ ئامېرىكىنىڭ قۇدرىتىگە ئامالسىز تەن بەردى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا بارا-بارا ئامېرىكا خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

فاشىزم كۈچلىرىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتكەن، شۇنداقلا ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلىگەن رۇسلارنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى زور ئۆزگىرىشلىرىگە مۇ چوقۇم توغرا باھا بېرىلىشى كېرەك. مېنىڭچە، بۇ دۆلەت ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدىلا دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان، دېيىشكە بولماس. رۇسلاردا ئەزەلدىن بار بولغان ساغلام ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ داۋاملىشىشى ئارقىلىق، رۇسىيە دەسلەپتە ئەڭ يېڭى، مۇقىم بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن. بىراق كېيىنكى رەھبەرلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشى، ئامېرىكا بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىشى، يادرو ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىدە توختىماي بەسلىشىپ ھالىدىن كېتىشى (ئەڭ گەۋدىلىك تەرىپى) ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئافغانىستان ۋە چېخوسلاۋاكىيىگە تاجاۋۇز قىلىشى بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىشى، ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتىشى، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ يۈكسەك ئورنىنى بارا-بارا تۆۋەنلەتتى. ئەمەلىيەتتە رۇسىيىنىڭ بۇ تەقدىرى ۋارشاۋا شەرتنامىسى سىستېمىسى پارچىلانغاندىلا بەلگىلىنىپ قالغان. ئامېرىكىنىڭ «دۇنيا ساقچىسى» دېگەن نام بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈرگۈزگەن سىياسىتى، قوللانغان ھەرىكىتى رۇسىيە رەھبەرلىرىنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش كويىغا چۈشكەن رۇسىيىنىڭ ئىقتىسادىدا ھەدىسە يوچۇق كۆرۈلۈپ، دۆلەت ئىقتىسادى يىمىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. ئەسلىدە ۋارشاۋا شەرتنامىسى سىستېمىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتىلا نىشان ئېنىق بولمىغان؛ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق غەربىي ياۋروپا (شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى) بىلەن بولغان تىركىشىشلا ئاساسىي نىشان بولغان. شۇڭا بۇ تەشكىلات سىستېمىسىمۇ ئۇزۇنغا بارماي پارچىلانغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ يىمىرىلىشى رۇسىيىنىڭ يەككە يېگانە قالغانلىقىنىلا ئەمەس، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكىنىڭ زور كۈچىنى كۆرسىتىپ قويدى. ھەممىگە ئايانكى، كېيىنكى مەزگىلدە رۇسىيىدە رۇسىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلار يۈز بەردى: شەرقىي ياۋروپادىكى ھەربىي تەسىر دائىرىسىدىن مەھرۇم قالغاندىن سىرت، يەنە «سوۋېت ئىتتىپاقى» دىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدىنمۇ مەھرۇم قالدى، ئىقتىسادى ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران بولۇشقا يۈزلەندى.

مانا بىز ھازىر سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئامېرىكىنىڭ تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولسىمۇ، بىراق ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ دۇنيانىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشتىن ۋاز كەچمىدى. خۇددى ئېيزىنخاۋېر: «غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە باغلىق» دېگىنىدەك، شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشى باشقىچە بىر مۇددىئادا ئەمەس، بەلكى غەربچە سىياسىي فورمىنىڭ باشقىلارغا زورلىنىشى بولۇپ، بۇمۇ بىر خىل قورال كۈچىنىڭ ئىدېئولوگىيىنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىن ئىبارەت. ئاسىيادا بولسا، ياپونىيىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىن سىرت يېقىنقى 20يىلدا جۇڭگونىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئالاھىدە دۆلەتلىك ئورنىنى كۈندىن كۈنگە كۈچەيتىۋاتىدۇ. ئەقلىي ۋە رەھبىرىي جەھەتتىكى بۇ خىل مۇكەممەللىشىش ئۈچ رايوندا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىۋاتىدۇ. بۇ ئۈچ خىل پەۋقۇلئاددە كۈچ سېلىشتۇرمىسى، بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ۋە پۈتكۈل دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بوپقالدى.

رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئەگرى-توقاي تەرەققىياتى، دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشى؛ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئالمىشىشى، قانداقتۇر زامان ۋە ماكاننىڭ ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن بولغان تارىخىي ھاسىلات بولماستىن، بەلكى پەقەت ئورتاق ۋە بىرلىككە كەلگەن ئەقلىي ئېتىقادنىڭلا ئەڭ توغرا رەھبەرلىك ئىكەنلىكىنىڭ يەكۈنىدۇر.

2000-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

---

لەتىپ ئابدۇرەشىد، ئۇيغۇر، ئافغانىستاندا تۇغۇلغان، ھازىر غۇلجا شەھىرى 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. بۇ ماقالىسىنى ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرى 14-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا يازغانىدى (M1)



# ئاق مەسچىت

( ھېكايە )

**مەمتىمىن ھوشۇر**

كېچىچە چىققان قاتتىق بوران قارا بۇلۇتلارنى شەرققە سۈرۈپ، سەھەرگە يېقىن ئاسمان گۈمبىزىدە سانسىز يۇلتۇزلار يەنە چاراقلاپ كەتتى.

«خىسلەتلىك ئالەم! ــ دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى بامدات نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن تالاغا چىققان ھەيدەر بوۋاي، بىر قولىدا چۆگۈننى تۇتقىنىچە ئاسمانغا قاراپ، ــ مانا، كېچىچە بۇ دالادا بوران قوتراپ، ئاسماننى دۇم كۆمتۈرۈۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا گۈركىرەپ كەتكەنىدى، بىردەمدىلا جاھان يەنە تىنجىپ سۈكۈتكە چۆكۈپتۇ.»

## ئەدەبىيات گۈلزارى

قەيەردىندۇر بىر نەرسىنىڭ تاشلارغا تېگىپ جاراڭلىغان ئاۋازى سەھەرنىڭ بۇ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. بوۋاي قولاق سېلىپ تىڭشىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ سەزگۈرلۈكى ياش ۋاقتىدىكىدىن قېلىشمايتتى. تۆۋەندە ـ قەدىمىي شەھەر خارابىسى تەرەپتە كىمدۇر بىرى ياققان چىراغ غىل-پال يورۇپ غايىب بولدى. بوۋاينىڭ كۆزىگە بىر يورۇق يۇلتۇز كۆكتىن خارابىلىق ئىچىگە ئېقىپ چۈشۈپ ئۆچكەندەك بىلىندى. . . بىلگۈچى ئاللا، بوۋاي قاچاندۇر بىر چاغدا، يەنە مۇشۇنداق يۇلتۇزلۇق سەھەر ۋاقتىدا تالاغا چىقىپ، قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئۈستىدە يورۇپ تۇرغان غەلىتە نۇرنى كۆرگەنىدى. ئۇ كەملەردە بوۋاي ياش ۋە قورقۇمسىز ئىدى. يەردىن ئارغامچا بويى ئېگىزلىكتە ئېسىلىپ تۇرغان ھېلىقى نۇرنى قوغلىشىپ ئۇ تاڭ يورۇغىچە ماڭدى. ئەتراپقا يورۇق چۈشكەندە ئۆزىنىڭ تازىمۇ

يىراقلاپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىغىلا كەپقالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. دەريا ئۈستىنى داكىدەك نېپىز تۇمان قاپلىغان بولۇپ، قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى بولسا ئارقىدا قالغانىدى. بەزىدە كۆزنىڭ ئادەمنى ئاشۇنداق ئالداپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. بوۋاي ھازىر ئۆزىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنمەيتتى.

ھەيدەر بوۋاي تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، تاشلارنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلانغاندەك بولدى. بوۋاي يەنە جىمجىت قۇلاق سالدى. قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىنى كىمدۇ بىرى كولاۋاتقاندەك قىلاتتى. «ھە، تەۋەككۇلچى تەلىيىنى سىناۋېتىپتۇ - دە!» دەپ قولىنى شىلتىدى بوۋاي.

بوۋاينىڭ پۈتكۈل ئۆمرى دېگۈدەك مانا مۇشۇ دۆڭلۈكتە ئۆتكەن. كىشىلەر بۇ يەرنى «تاشدۆڭ» دەپ ئاتىشىدۇ. دۆڭ ئۈستىدە قورام تاشلاردىن ھۇل قويۇپ سالغان ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت بار، تاشدۆڭ يىراق-يېقىندىكى يۇرتلارغا ئاشۇ مەسچىتى بىلەن مەشھۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناھايىتى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا، تاشدۆڭ بىر مەھەللە بولغانىكەن. ئالەمنىڭ شۇنچە كەڭرىچىلىكىدە، كىشىلەرنىڭ نېمىشقا بۇ تاقىر، تاشلىق دۆڭگە ئۆيلەرنى سېلىپ، مەھەللە قىلىپ ئولتۇرۇشقىنىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئېھتىمال، بۇ يەرنىڭ بىر مەھەللە بولۇپ قېلىشىغا ئاشۇ ئاق مەسچىت سەۋەب بولغاندۇ. بۇ مەسچىت تاشدۆڭنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە سېلىنغانىدى. مەسچىت ئۆزىنىڭ كۆركەم قۇرۇلمىسى، ئېگىز پەشتاقلىرى بىلەن ناھايىتىمۇ سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى. دىنىي ئەقىدىنىڭ كۈچى نېمىدېگەن ئۇلۇغ. ئادەملەر ئۆزى شۇنچە نامرات ياشىسىمۇ، ياراتقان ئىگىسىگە ئىبادەت قىلىدىغان سورۇنلارنى يەنە ئۇلار ئاجايىپ بېزىگەن. ئاق مەسچىتنىڭ ئىشىك-دېرىزە، ھەربىر تۈۋرۈك، تام-تورۇسلىرىغا چېكىلگەن نەقىشلەربۇ مەسچىتنى سالدۇرغۇچىلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەرگە ماھىر بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، خېلى ئەقىدە بىلەن ئىش قىلغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىن ئۆتىدىغان بىر قەدىمىي يول بار ئىدى. ئۇزۇن سەپەردىن كېلىۋاتقان يولۇچىلار يىراقتىن ئاق مەسچىتنىڭ ئاپئاق ئاقارتىلغان تاملىرى ۋە ئېگىز مۇنارلىرىنى كۆرۈپ: «ھە، ئاق مەسچىتكە يېتىپ كەپتۇقتە!» دەپ خۇشال بولۇشاتتى ۋە بۇ يەردە بىردەم-يېرىمدەم توختاپ، ناماز ۋاقتى بولغان بولسا نامىزىنى ئوقۇپ، دېمىنى ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

بۇ يەر ئىلگىرى مەھەللە بولۇپ كېيىن مەسچىت سېلىنغانمۇ ياكى ئاۋۋال مەسچىت سېلىنىپ ئاندىن مەھەللە بولغانمۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى قىيىن بىر سوئال ئىدى. بەزىلەر: «مەسچىت دېگەن ناماز ئوقۇيدىغان ئادەم بار جايغا سېلىنىدۇ-دە! ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئاۋۋال خېلى ئاۋات بىر مەھەللە بولغان، ئاندىن بۇ مەسچىت چۈشكەن» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر: «بۇ يەرگە ئاۋۋال ئاشۇ ئاق مەسچىت بىنا قىلىنغان، ئاندىن مەسچىت ئەتراپىغا كىشىلەر ئۆيلەرنى سېلىپ، مەھەللە قىلىپ ئاۋاتلاشتۇرغان» دەيتتى. ئەقلىي يەكۈن چىقارغاندا ئالدىنقى قاراش توغرىدەك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە جامائەت بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مەسچىت سېلىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىقىدۇ-دە!؟ لېكىن، كېيىنكى قاراشتىكىلەرنىڭمۇ ئۆز ئاساسلىرىغا ئىسپات بولىدىغان قىزىق ھېكايىلەر ئەل ئىچىدە ئېقىپ يۈرەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا، تاشدۆڭ ئۈستىدىكى ئوڭغۇل-دوڭغۇل سەھرا يولى بىلەن ماللىرىنى ئۇياق-بۇياققا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بىر كاتتا باي بولغانىكەن. كارۋان دائىم مۇشۇ دۆڭگە يېتىپ كەلگەندە ئۇلاغلىرىنى توختىتىدىكەن. خىزمەتكارلار تاشدۆڭ ئاستىدىكى كۆۋەجەپ سۇ ئېقىپ تۇرغان سايدىن تۇلۇملارغا سۇ ئالىدىكەن. ئات-ئۇلاغلارنىڭ تۇشاغلىرىنى بوشۇتۇپ ھاردۇق ئالغۇزۇپ، بىرەر ۋاق نامازلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشىدىكەن. باينىڭ كاللىسىدا: مۇشۇ دۆڭ ئۈستىگە بىرەر مەسچىت سالدۇرۇپ قويماق لازىمكەن، دېگەن خىيال غىل-پال ئەكس ئېتىدىكەنۇ، سودىسى تازا يۈرۈشۈپ تۇرغان ئالدىراش چاغلىرى بولغاچقا يەنە ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. يىللار ئۆتكەنسېرى بايغا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۇ، پۇزۇر تونلىرى بىلەن ئات ئۈستىدە ھەرقانچە چاندۇرماي قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرسىمۇ، ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بەقۇۋۋەت چاغلىرىغا ئوخشىماي قېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ ئېسىگە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر ئىشنى ئالغاندەك بولۇپ، ئېتىنى ئىگەرلىتىپ مىنىپ، تاشدۆڭ ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ توختاپتۇ-دە، ئىگەردە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئادەم دېگەن شۇنداق. ياشايسەن، ياشايسەن، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە ھەر تەرەپكە پالاقلاپ بىر ئۆمۈر مال-دۇنيا يىغىسەن. بىر كۈنلەرگە بارغاندا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى، قېرىلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ ھېچ كىشىنىڭ بايلىقى، تاجۇ-تەختىگە باقماي يېتىپ كېلىدىغان مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى، مىڭ جاپالاردا يىغقان مال-دۇنيالىرىڭنى گۆرگە بىللە ئېلىپ كېتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلىقىنى چۈشىنىپ قالىسەندە: ۋاھ، مەن مۇنچىۋالا دۇنيانى نېمىگە يىغدىم؟... ئەسلىدە بۇ قورساققا ھەر كۈنى ئازغىنا تاماق، يېتىپ-قوپۇشقا بىرەر كىشىلىك ئورۇن بولسىلا بولىدىغان جاھانكەنغۇ!؟ دېگەن يەرگە كېلىسەن...

شۇنداق قىلىپ باي ئات ئۈستىدە قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپتۇ. شۇ چاغدا قەدىمىي شەھەر خارابىسى تەرەپتىن چاچ-ساقاللىرى كۇمۇشتەك ئاقارغان دەرۋىش سۈپەت بىر ئادەم چىقىپ كېلىۋاتقانىكەن. بۇ ئادەم ئۇزۇن بىر تاياقنى ھاسا قىلىپ تايىنىۋالغان بولۇپ، بېشىدا يىرتىق كۇلا، ئۈستىدە نېپىز ئەستەرلەنگەن، رەڭگى ئۆڭگەن

چەكمەن چاپان بار ئىكەن.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك باي! - دەپ باينىڭ خىيالىنى بۆلۈپتۇ ھېلىقى دەرۋىش سۈپەت كىشى.

باي ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بوپقالغان ئادەمگە ئىتتىك قاراپتۇ. چۆللەرنى كېزىپ يۈرىدىغان ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى «ھۆرمەتلىك باي» دەپ چاقىرغىنىغا خۇشھال بولۇپ پەخىرلىنىپتۇ ۋە ئات ئۈستىدە قەددىنى رۇسلاپ:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سەن مېنى تونۇمسەن؟

- دەپ سوراپتۇ.

- ئاستىڭدىكى ياخشى ئات، قىممەتلىك ئىگەر-جابدۇقلار، ئۈستۈڭدىكى ئېسىل تونلىرىڭ ھەرقانداق ئادەمگە سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ساقال-بۇرۇتلىرىڭنىڭ پاكىز ياسىتىلغىنىغا قاراپ: شەھەردە ئەڭ ئۇستا ساتىراچنىڭ قولى تەگكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. بىلگۈچى ئاللا، مەن يەنە شۇنىمۇ پەرەز قىلدىمكى، ھەقچان سەن بۇ يەردە: ياشىدىم، ياشىدىم، ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ . . . مەن ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە بۇ دۇنيادا قېلىپ، ئانامدىن تۇغما ھالەتتە ئۇ دۇنياغا كېتىمەنكەن. . . دېگەنلەرنى خىيالىڭدىن ئۆتكۈزۈۋاتىسەن. شۇنداق، تاجۇ-تەخت، شان-شەرەپ، ئامەت ۋە بايلىق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى نەرسىلەر. ساڭا بۇ سىرلارنىڭ تېگىگە يەتكۈدەك ئەقىل بەرگىنى ئۈچۈن ياراتقان ئىگەمگە شۈكرى قىل. شۇ ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشەنمەي، بىر ئۆمۈر كىبىر بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس! - دەپتۇ دەرۋىش.

باي ھەيران بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ھېلىقى ئادەمگە قول بېرىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

- سەن توغرا ئېيتتىڭ. مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەيمەن. خۇدا ئۆزى كەچۈرسۇن، مەن ئۆمرۈمدە قانچىلىك گۇناھلىق ئىشلارنى قىلمىدىم، دەيسەن؟ بىر تەڭگە ئۈچۈن قانچە كىشىلەر بىلەن ياقىلاشتىم، قانچە ئادەملەرنى ئالداپ ۋەيران قىلدىم. شۇ تاپتا ئىككىمىزنى يالغۇز ئاللا كۆرسە بولسا، سەن مەندىن پاكراق بولۇشىڭ مۇمكىن، - دەپتۇ باي.

- بىلگۈچى خۇدا! - دەپتۇ دەرۋىش.

- بەزىدە: خۇدايىم نېمىشقا بەزىلەرنى باي، بەزىلەرنى گاداي قىلىپ ياراتقاندۇ؟ نېمىشقا ئامەتنى بەزىلەرگە كۆپ، بەزىلەرگە ئازراق بېرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىنىدىغان بوپقالدىم. سەن ئېيتقىنا، باي بىلەن گادايىنىڭ زادى پەرقى نېمە؟ - دەپ سوراپتۇ باي دەرۋىشتىن.

- بەلكىم گاداي ساڭا قارىغاندا كۆپرەك ياش تۆككەندۇ، سېنىڭ كۈلكەڭ ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولغاندۇ. پەرقى شۇنچىلىكلا. . . خوش، سەن نېمە قىلاي دەيسەن؟ - دەپ سوراپتۇ دەرۋىش.

- ئىككىمىز تۇرغان مۇشۇ دۆڭگە كېلىشتۈرۈپ بىر مەسچىت سالدۇراي دەيمەن. قارا، مانا بۇ يولدىن يولۇچىلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ. سەپەر ئۈستىدە ئۇلار بۇ يەرگە چۈشۈپ نامىزىنى ئۆتىسۇن، يامغۇر-يېشىنلاردا بۇ يەردە پاناھلانسۇن. سېنىڭ مەسلىھەتىڭ قانداق؟ - دەپتۇ باي.

- ياخشى نىيەت! - دەپتۇ دەرۋىش.

- خۇدا خالاپ مەسچىت پۈتۈپ قالسا، مەن سېنى شۇ مەسچىتكە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تەكلىپ قىلماقچىمەن. مەيلى بۇ يەردە ئادەم بولسۇن، بولمىسۇن، سەن ئۆزۈڭ ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەزان چاقىرىپ نامىزىڭنى ئۆتەۋەر. سېنىڭ ۋە مەسچىتنىڭ خىراجەتلىرى شەھەردىكى سودا دۇكانلىرىمدىن كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ، - دەپتۇ باي.

دەرۋىش كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

- مەن ئۈچۈن ئالەمدىكى ھەممە دىنلار ئوخشاشلا ئۇلۇغ. ئىنسانلار دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ: «بۇ ئالەم قانداق بىنا بولدى؟ مېنى كىم ياراتتى؟ دۇنيادىكى ياخشى-يامان قىلمىشلارنىڭ سورىغى بولامدۇ، يوق؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىگەن. پەقەت شۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋابلارنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن ھەرخىل دىنلار كېلىپ چىققان. قارا، بۇ تاشدۆڭنىڭ تۈۋىنىدە بىر قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى تاشلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇ يەرنى ئاختۇرساڭ، ئاتەشپەرەسلەر ئىشلەتكەن ئىسرىق قاچىلىرىنىمۇ، بۇتپەرەسلەر چوقۇنغان بۇتلارنىمۇ ئۇچرىتىسەن. ھەركىم ياراتقان ئىگىسىنى ھەرخىل يول بىلەن ئىزدىگەن، ئۇنىڭغا ھەرخىل شەكىل بىلەن سېغىنغان. بىر ئەقىدىلىكلەر يەنە بىر ئەقىدىلىكلەرنىڭ ئەقىدىسىنى مۇتلەق خاتا دەپ، بىر-بىرىگە قارشى قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارغان. ئەسلىدە ھەممىمىزنىڭ ياراتقان ئىگىمىز بىر. ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ھەممىگە باراۋەر. كۆپكۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بايلارنىڭ سارايلىرىنىمۇ، كەمبەغەللەرنىڭ قىيسىق كەپىلىرىنىمۇ ئوخشاشلا زىننەتلەپ تۇرىدۇ. قۇياش مۇسۇلمانلارنىڭمۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭمۇ، ئاتەشپەرەسلەرنىڭمۇ. . . ھەممىنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش نۇر تۆكىدۇ. شۇنداق دېگەنلىكىم ئۈچۈن مەن قانچە مەسچىت-خانىقالاردىن قوغلاندى بولدۇم. ئەگەر سەن يېڭىدىن سالدۇرماقچى بولۇۋاتقان مەسچىتىڭدىن مېنى قوغلىمايدىغانلا بولساڭ، مەن ئۇ يەردە كۆپنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مىڭ مەرتىۋە رازى. مۇسۇلمانچىلىق مەن ئۈچۈن بىر ئاللاغا سېغىنىدىغان ئەڭ مۇقەددەس ئەقىدە! . . . قارا، ئەتراپ چەكسىز كەڭ دالا. يەنە بۇيەردە قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ خارابىلىقىمۇ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. مۇنداق خالىي جايدا ياراتقان ئىگەم ئۈچۈن ئىبادەت قىلىپ، تاتلىق خىياللارنى سۈرۈش نېمىدېگەن ھۇزۇر! . . . دەپتۇ.

- سېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭ قانداق تاتلىق خىياللار ئۇ؟ - دەپ سوراپتۇ باي ھەيران بولۇپ.

- ئويلىساڭ شۇنچىلىك كۈلكىلىك. بىزبىر-بىرىمىزدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن نېمىلەرنىدۇر تالىشىمىز. ئاخىرىدا تالاشقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ياراتقان

ئىگەمنىڭ ئالدىغا قورۇق قوللا كېتىمىز. شۇ تالىشىش، بەسلىشىشلەردىن جەڭگى - جېدەللەر كۆتۈرۈلىدۇ؛ شۇ تالىشىش، بەسلىشىشلەردىن بايلارنىڭ سارايلىرى، شاھلارنىڭ قەسىرلىرى قەد كۆتۈرۈپ، ئاجايىپ شەھەرلەر بىنا بولىدۇ. دەل ئاشۇ تالىشىش، بەسلىشىشلەرنىڭ ئۆزى ئاخىرىدا يەنە ھەممىنى بەربات قىلىدۇ. . . -دەپتۇ دەرۋىش.

باي دەرۋىشنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە قانچىلىك يەتتى، ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ، ئۇ ھەممىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. باي نامازغا زۆرۈر بولغان بىر قانچە ئۇششاق ئايەتلەرنى بىلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي ساۋاتسىز ئادەم ئىكەن. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ياراتقان ئىگىسىگە ئىشىنىدىكەن، سىغىنىدىكەن، ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن. ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ئەنە شۇنداق ئاددىيلا ئىكەن.

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن، باي ناشدۆڭگە ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپتۇ. مەسچىتنىڭ خىراجەتلىرى باينىڭ سودا دۇكانلىرىنىڭ كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدىغان بوپتۇ. باي بۇرۇن ئالدىدىن ئۆتكەنمۇ ياكى ھېلىقى دەرۋىشمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم. باي ۋاپات بولۇش ئالدىدا شەھەردىكى بارلىق دۇكانلىرىنى ئاق مەسچىتكە ۋەخپە قىلىپ قالدۇرغان، دېيىشىدۇ. خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئاق مەسچىتكە يېتەرلىك خىراجەتلەر شۇ دۇكانلاردىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغاچقىمىكىن، ئەتراپتىن سوپى - ئىشان، مۇرىتلار بۇ يەرگە كېلىپ يىغىلىپ، بىر مەزگىل بۇ مەسچىت قالتىس ئاۋاتلاشقانىكەن. ھەر جۈمە كۈنى بۇ يەردە قانچە ماللارنىڭ بېشى كېسىلىپ، يوغان داش قازانلار پورۇقلاپ قايناپ، زىكرى-سۆھبەتلەر قىزىپ كېتەتتىكەن. شۇ زامانلاردىن باشلاپ، ئاق مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر ئۆيلەرنى سېلىشىپ، ئاستا-ئاستا بۇ يەردە مەھەللىمۇ پەيدا بولغانىكەن. بىر يىلى كەلگەن غايەت زور كەلكۈندە تاشدۆڭنىڭ تۆۋىنىدىكى سايىنىڭ سۈيى تاشقىنلاپ، ئەتراپقا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەن، پەقەت دۆڭ ئۈستىدىكى ئاق مەسچىتلا ئامان قالغان، دېيىشىدۇ. شۇندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ ئاۋاتلىقى زادىلا ئەسلىگە كېلەلمىگەن، يىراق ئۆتمۈشنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ مانا شۇ ھەيۋەتلىك مەسچىتلا قالغانىكەن. . .

ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئاق مەسچىتنىڭ شۆھرىتى، ئۆتمۈشتە بۇ يەردە بولغان زىكرى-سۆھبەتلەرنىڭ داغدۇغىسى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بەزى يولۇچىلار ھېلىمۇ بۇ يەردىن ئۆتكەندە يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ، ئاق مەسچىتكە ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن يېقىنلىشىپ، بىر-ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

ئېھتىمال، ئاق مەسچىتنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان ئادەملەر تېپىلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئاق مەسچىتتىن ئانچە يىراق بولمىغان تۈزلەڭلىكتە سوزۇلۇپ ياتقان قەدىمىي شەھەرنىڭ ئۆتمۈشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قاچاندۇر بىر زامانلاردا بۇ يەردە رەت-رەت كوچىلىرى بولغان، ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان ئاۋات بىر شەھەر قەد كۆتۈرگەن بولسا كېرەك، ھازىر زومچەك-زومچەك توپا دۆۋىلىرىگە ئايلانغان بىر خارابىلىقلا كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر تارىختا باغلىنىشلىق تېپىشماقتەك، جىمجىت - سۈكۈتتە ياتاتتى. كېيىنكى چاغلاردا بەزى تارىخچىلار بۇ شەھەرنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن بىنا بولۇپ، يەنە نېمە سەۋەبلەردىن تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئىسپات تاپماقچى بولۇپ تارىخىي خاتىرىلەرنى خېلى ئاختۇرۇشقان، ئەمما، بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى تولۇق خاتىرىلەنگەن مۇكەممەل ماتېرىياللارنى تېپىش مۇمكىنمىدى!؟ . . . قانچە قولىيازمىلار يوقالغان ياكى نېمە سەۋەبلەردىندۇر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن؛ بەزى خاتىرىلەر بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن خاتىرىلەر بىر پۈتۈن تارىخنىڭ بۆرجىكىنىلا يورۇتالايدۇ؛ ئەنە شۇ غۇۋا يورۇقلۇقتىن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى قىياسلا قىلىشىدۇ، خالاس.

خارابىلىقتا ھېلىمۇ، پات-پات ئاشۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ قىدىرغۇچىلار پەيدا بوپقالاتتى. ئۇلار خارابىلىقنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىنى كولاپ، قانداقتۇر چاقچۇق پارچىلىرى، قەدىمىي مىس يارماق. . . دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىپ، خالتىلىرىغا سېلىپ غايىب بولۇشاتتى. بۇ يەرنى كۆپرەك كېلىپ مالتىلايدىغانلار يوشۇرۇن بىر خەزىنىنى تېپىۋېلىپ، تۇيۇقسىز باي بوپكېتىش ئۈمىدىدە يۈرگەن خىيالپەرەسلەر ئىدى. ئۇلار شېرىن ئارزۇلىرىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئۇيقۇنىمۇ تاشلاپ، ئاچ-زېرىن ئىشلەپ، تاكى خام خىياللىرى بەربات بولغىچە ھەپىلىشەتتى. بىز نېمىشقا ئاتا-بوۋىلىرىمىز كۆمۈپ قويغان تەييار بايلىقلارنى تېپىۋېلىشنىلا ئويلايمىز؟ ئۇلارنىڭ شۇ بايلىقلارنى قانداق يوللار بىلەن ياراتقانلىقىنى بىلىشكە قىزىقمايمىز؟ دېگەن سوئاللار ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى.

* * *

ئاق مەسچىت تەرەپتىن قېرى كىشىنىڭ زەئىپ تاۋۇشتا نامازغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!»

مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بوشلۇقنى تىترىتىپ كەڭ دالاغا سىڭىپ كەتكەندەك بولدى. ئەزان ئاۋازى چىقىشى بىلەن قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىدىن ئاڭلانغان بايىقى شاراقشىغان ئاۋازمۇ جىمىپ قالدى.

ئازدىن كېيىن ئەتراپ يورۇپ، ئۇپۇقتىن لاۋۇلداپ قىپقىزىل يالقۇن كۆتۈرۈلدى-دە، پۈتكۈل دالا قىزغۇچ نۇرغا چۆمۈلدى. ھەيدەر بوۋاي ھاسىغا تايىنىپ، مەسچىت ئالدىدا قۇياشنىڭ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشىگە قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاق مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولغان ھېلىقى باي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان دەرۋىشنىڭ قانچىنچى ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ، قېرىغان،

كۆپ ئىشلارنى ئۇنتۇغانىدى. تولىمۇ ئۇزۇن سوزۇلغان ئەنسىز يىللار، قاتتىق نامراتچىلىق كىشلەرنى قورساق غېمىدە تەمتىرەپ يۈرىدىغانلار قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ روھىنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋەتكەندەك، ئاددىي بىر دەرۋىشلەر ئاجايىپ پەلسەپىۋى قاراشلارنى بايان قىلالايدىغان زامانلار كەلمەسكە كەتكەندەك قىلاتتى. ھەيدەر بوۋاي خۇددى ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان ئۇدۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاندەك، مەيلى ناماز ئۆتەيدىغان جامائەت بولسۇن، بولمىسۇن، ئەزان چاقىرىپ نامىزىنى ئۆتەيتتى. شۇ ئەتراپتا بوۋاينىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىلىرى تۇرۇپتۇ. بوۋاي تەڭتۇش، يارۇ-بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلدى، ئىككى قەدىناس ئايالىنى مۇشۇ ئەتراپقا دەپنىلىدى. ئۇ قانچە قېتىم بۇ ئاق مەسچىتتىن ئايرىلىپ، باشقا بىر يەردە ئۆز كۈنىنى ئېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنە بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى. ئەمدى، بۇگۇنمۇ، ئەتىمۇ، ئەتىگەنمۇ-كەچمۇ ئەجەل ئۇنىڭغا يېقىنلاپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك نامازدىن كېيىن قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغانىدى. بۈيۈك قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەرقانداق خاقانىنىڭ ئوردىدىن چىقىشىدىنمۇ سەلتەنەتلىك ئىدى. كىم بىلىدۇ، بوۋاي بەلكىم ئەتىكى قۇياشنى كۆرەلمەس. ئۇ، قۇياشنىڭ ھەركۈنى قىپقىزىل ئۇپۇقتىن لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرگەندە، باشلىنىۋاتقان يېڭى بىر كۈنلۈك ئۆمرى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى ئېيتاتتى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بوۋاي بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاراپ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ئىككى يىگىتنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بويى ئېگىزرەك بىرسىنىڭ قولىدا كالتە سايلىق جوتۇدەك بىر نەرسە بىلەن قارا چىراغ تۇراتتى. بويى پاكارراق ئىككىنچىسى تاياقنىڭ ئۇچىغا بىر خالتىنى باغلاپ مۈرىسىگە تاشلىۋالغانىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كىيىملىرىگە ياماق چۈشكەن بولۇپ، پۇتىغا تارتقان تېرە چورۇقلىرىنىڭ يىرتىقىدىن پۇتىنىڭ بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام يىگىتلەر، قاياقتىن كېلىۋاتىسىلەر؟ سەپەر قاياققا؟ - دەپ سورىدى بوۋاي.

- بىز يىراقتىن، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى سەھرادىن كەلدۇق بوۋا، - دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت، - مېنىڭ ئىسمىم تاھىر، ماۋۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى ئەكرەم. كەمبەغەلچىلىك جېنىمىزغا پاتتى. بىر باي بوپباققۇمىز بار ئىدى...

- كېچىچە خارابىلىقنى تىمىسقىلاپ يۈرگەنلەر سىلەر كەنسىلەردە؟

- كېچە قاتتىق بوران چىققىنىنى تۇيمىدىڭمۇ بوۋا؟... بىز تېخى سەھەرگە يېقىنلا، بوران توختىغاندا ئۇ يەرگە بارغاندۇق.

- قانداق، ئالتۇن-پالتۇن تاپالىدىڭلارمۇ؟

- ئالتۇن! - دېيىشتى ئىككى يىگىت تەڭلا، - ئالتۇن دېگەننى نەدە شۇنداق ئوڭاي تاپىدىغان ئىش باركەن؟ قولىمىزغا كوزا-قاچىلارنىڭ سۇنۇقىدىن باشقا نېمە چىقمىدى. بۇرۇنقىلار مۇشۇ خارابىلىقنى كولاپ نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تېپىۋالغان، دەپ ئاڭلايمىز، راستمۇ؟

ھەيدەر بوۋاي كۈلۈپ كەتتى.

- راست، بىز شۇنداق ئاڭلىغان، - دېدى پاكارراق كەلگەن يىگىت ئاغىنىسىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ. كۆزلىرى يوغان، چىرايلىق كەلگەن بۇ قاراقۇمچاق يىگىت ئەمدى مۈرىسىدىكى خالتىنى قولىغا ئېلىپ، پېشانىسىنى سىلىغىنىچە، بېشىنى كۆتۈرۈپ مەسچىت تەرەپكە قاراپ تۇراتتى، - پاھ، بۇ قالتىس ئېسىل مەسچىتكىنا!؟

- بۇرۇن بىر كىشى ئاشۇ خارابىلىقتىن بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋېلىپ، مانا مۇشۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپتىكەنغۇ؟... بىز شۇنداق ئاڭلىغان، - دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت. ئاق يۈزلۈك بۇ يىگىتنىڭ يېڭىدىن خەت تارتقان بۇرۇتلىرى كالپۇكى ئۈستىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

- شۇنداق گەپلەرنى مەنمۇ ئاڭلىغان، راست-يالغىنىنى بىلمەيمەن، - دېدى بوۋاي.

- ئىشقىلىپ، بۇ مەسچىت بۇ تاشدۆڭگە ئاسماندىنلا مۇشۇنداق چۈشۈپ قالمىغاندۇ؟ ئۇنى سالدۇرغان بىرەر ياخشى نىيەتلىك ئادەم باردۇ؟

- كاساپەتنىڭ پۇلى تازا جىققەندە؟ ئۇ كىشى تاپقان پۇلىنى خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىشقا نېمىشقا باشقا يەرنى ئەمەس، دەل مۇشۇ قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى يېنىدىكى تاشدۆڭنى تاللىۋالغاندۇ؟ بۇ ئەتراپتا، مۇنداق چوڭ مەسچىتتە ناماز ئوقۇغىدەك ئادەممۇ يوققۇ؟

- بۇ تەرەپلىرىنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە، - دېدى ھەيدەر بوۋاي، - بەلكىم ئۇ ساخاۋەتلىك ئادەم بۇ يەردىكى قەدىمىي شەھەرنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭدا قانداق ئادەملەر ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئاز-تولا بىلىدىغاندۇ ياكى سىلەر ئېيتقاندەك بىر كومزەك ئالتۇننى خارابىلىقتىن تېپىۋېلىپ، خارابىلىق يېنىدىكى مۇشۇ دۆڭنىڭ ئۆزىگىلا بىر مەسچىت سالدۇرۇپ قويغاي، دېگەندۇ... قېنى، يىگىتلەر مەسچىت ئىچىنى بىر كۆرۈپ باقامسىلەر؟

بوۋاي يېڭى كەلگەن ھەربىر كىشىگە مەسچىت ئىچىنى بىر كۆرسىتىپ، ئايدالادا مۆجىزىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئىمارەتنىڭ ئېسىللىقى بىلەن ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار تاش پەلەمپەيلەردىن كۆتۈرۈلۈپ، مەسچىتنىڭ ئېگىز پېشايۋىنى ئاستىدىكى نەقىشلىك ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بوۋاي ئوڭ قولىدىكى ھاسىسىنىڭ ئىلمىكىنى سول بىلىكىگە تاشلاپ، قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئىتتەردى. ئىشىك ئېغىر غىچىلداپ ئېچىلدى.

- قېنى، بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم! دەپ كىرىڭلار.

يىگىتلەر مەسچىت ئىشىكىدىن كىرىپ، بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنى ئازراق سۈر باسقاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ دېھقان باللىرى تۇغۇلغاندىن بېرى ھېچبىر يەردە كۆرۈپ

باقمىغان ئاجايىپ بىر ھۈنەر-سەنئەت نامايان بولۇپ تۇراتتى. مەسچىتنىڭ تام-تورۇس، مېھراپىنىڭ ئەتراپلىرىدىن ھەربىر بۇرجەكلىرىگىچە ھەممە يەرگە ئاپئاق گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر چىقىرىلغانىدى. مەسچىت ئۆگزىسىنى ھەيۋەتلىك ئون ئىككى تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، مەسچىت ئىچىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان بارلىق چوڭ-كىچىك ياغاچلارغا نەپىس گۈللەر ئويۇلغانىدى. يىراق بىر خىلۋەت ماكاندا، كىملەرنىڭدۇر، نېمە سەۋەب بىلەن مۇنداق ئاجايىپ قۇرۇلۇشنى بەرپا قىلغىنىنى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى. يىگىتلەر ئون ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ھەر بىرىنى دېگۈدەك ئەيمىنىپ سىلاپ بېقىشتى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە چېكىلگەن گۈل-چېچەكلەرنىڭ شەكلىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. . . گەرچە بۈگۈنكى كۈندە مۇنداق قەدىمىي ئىمارەتلەرنى قايتا سىرلاپ، تۈزەشتۈرۈپ قويىدىغانلارمۇ ئۇنىڭ بىرەر يېرىگە ئۆزىنىڭ ئىسىم-شەرىپىنى يېزىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان بولسىمۇ، بۇ مەسچىتنى كىم ياساتقان؟ ئۇ قايسى يىلى، نېمە ۋەجىدىن، دەل مۇشۇ ئورۇننى تاللاپ بۇ مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولغان؟ بۇ تام-تورۇس، تۈۋرۈكلەرگە نەپىس نەقىشلەرنى ئويغان ھۈنەرۋەنلەر كىم؟ بۇلار قەيەردىن كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئاق مەسچىتنىڭ بىرەر يېرىگە ئىككى ئېغىز خەت بىلەن بولسىمۇ خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇش ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى. ئېھتىمال، ئۇ زاماننىڭ ساخاۋەتچىلىرى «قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمىزنى پەقەت ياراتقان ئىگەملا بىلسە كۇپايە» دەپ قارىسا كېرەك.

- قېنى، يۈرۈڭلار ئۆيگە چىقايلى، - دېدى ھەيدەر بوۋاي تۆت تەرەپكە قاراپ ھەيران بوپقالغان يىگىتلەرگە، - تېخى ئەتىگەنلىك چايمۇ ئىچمىگەنسىلەر؟

يىگىتلەر ھەيدەر بوۋاينىڭ ئاق مەسچىتكە يانداپ سېلىنغان ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. تۆۋەنكى تەرەپتىن بىر قىز قاپاقتا سۇ ئېلىپ چىقىۋاتاتتى. خۇددى تولۇنئايغا قاش-كۆز چىقىرىپ قويغاندەك چىرايلىق بۇ قىز ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بويىغا يېتىپ قالغان قىزنىڭ ناتونۇش يىگىتلەرنى كۆرگەندىكى ۋىلىلدە قىزىرىشى ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزىللىقى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ھۆسنىگە ئۆزگىچە بىر رەڭ بەرگەنىدى. شۇتاپتا يىگىتلەرگە غەلىتە مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئاي بىلەن كۈن ئۇپۇقتىن تەڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك تەسىرات بەردى.

- ھە، ئۇ مېنىڭ نەۋرە قىزىم گۈلسۈم، - دەپ يىگىتلەرنىڭ دىققىتىنى بۆلدى بوۋاي، - ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە. چاي ھازىر تەييار بولىدۇ.

بوۋاينىڭ باشلىغان ئۆيى ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي ھۇجرا ئىدى. ئۆي ئىچى ئاددىي بولسىمۇ ناھايىتى پاكىز سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. دالان ئۆيدىكى سۇپا ئۈستىگە كونا بوز كىگىز تاشلانغان، ئوچاق بېشى ۋە سۇپىنىڭ كىگىز ياپالمىغان يەرلىرى سېغىز لايدا كۆكۈل قويۇپ سۇۋالغانىدى. تامدىكى ئويۇقلارغا كوزا، ھېجىر قاچا، ماي قاپىقى دېگەندەك لازىمەتلىك نەرسىلەر قويۇلغانىدى. ئوچاقتا ئىسسىقلىق تۇرغان قازاننىڭ تۈۋىقى ئۈستىدە ئۇزۇن يىللار تۇتۇلغانلىقتىن قىزىرىپ پىشقان ئەپچىلگىنە نوگاي چۆمۈچ تۇراتتى. ئىچكەركى ئۆيدىكى كونا قەدىمىي ساندۇق ئۈستىگە ئورۇن-كۆرپىلەر رەتلىك يىغىلغان بولۇپ، پەسكە كونا گۈللۈك تېكىمەت كىگىز سېلىنغانىدى. تۆردە قۇراق چۈشكەن بىر كۆرپە تاشلاقلىق تۇراتتى. بوۋاي مېھمانلارنى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ، ئۆزى كۆرپىگە چىقىپ سۇنايلىدى.

يىگىتلەر ئاق مەسچىتنىڭ ۋە ئىشىك ئالدىدا ئۇچراشقان گۈزەل قىزنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرغان تەسىراتىدىن تېخى يېشىلىپ بولالمىغانىدى. ئېگىز بويلۇق يىگىت تاھىرنىڭ كۆزلىرى بوۋاينىڭ تامدىكى قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان سەللىسى بىلەن ئۆڭگەن پەرىجىسىگە مەقسەتسىزلا تىكىلگەنىدى. بويى پاكارراق يىگىت ئەكرەم بولسا ئىچىدە: «بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئەجەب گۈزەل قىزكىنا. شۇنداق جانان بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتسە، باشقا ھەرقانچە ئېغىر كۈنلەر كەلسىمۇ بىلىنمەيدىغۇ دەيمەن؟ . . . » دەپ ئويلاۋاتاتتى. ئارىنى بىر دەملىك جىمجىتلىق باسقاندىن كېيىن، گەپ يەنە قەدىمىي شەھەر ئاستىغا كۆمۈلگەن مال-دۇنيا ئۈستىدە باشلاندى. يىگىتلەرنىڭ پۈتۈن ئەس-خىيالى تەلىيى بىر ئوڭدىن كېلىپ بېيىپ كېتىشتىلا ئىدى.

- بۇ يەردە ئالتۇن-كۆمۈش چېچىلىپ ياتىدۇ، دەپ سىلەرگە كىم ئېيتتى؟ - دەپ سورىدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.

- مۇنداق گەپلەر تولىغۇ، - دېدى تاھىر، - مېنىڭ بىر تاغام بار. ئۇنىڭ گېپىگىمۇ تازا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. نېمىشكە دېسەڭ بوۋا، ئۆزى چېكەرمەن. چېكىۋېلىپ غەلىتە خىياللارنى سۈرۈپ، شۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلىدۇكى، قىپقىزىل يالغان گەپلىرىنىمۇ خۇددى راستتەك قاملاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا ئەسكەر بولۇپ كۆپ يەرلەرگە بارغىنى راست. ئۇنىڭ دېيىشىچە: بىر زامانلاردا ئۇ يامۇلغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانىكەن. ئۇلارغا كۆلدە بويىغان ماتادا تىكىلگەن بىر قۇر كىيىمنى كىيدۈرۈپ، ئوقى يوق مىلتىقنى كۆتەرتىپ، «ئوڭغا مارش، سولغا مارش!» دەپ كۈندە مەشىق قىلدۇراتتىكەن. بىر كۈنلەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: ئۇرۇشقا بارغۇدەكمىز، دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ. ئەسكەرلەر: مۇنداق سېپىلنىڭ ئىچىدە كۈندۈزى قۇرۇق پوپوغا يۈگرۈپ، كېچىسى پىت بېقىپ ئولتۇرغاندىن ئۇرۇشقا بارساقمۇ بارايلى، - دەپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ئەسكەر باشلىقلىرى ئۇلارنى سەپكە تىزىپ، قولىدىكى مىلتىقلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىردىن كەتمەن-گۈرجەكنى تۇتقۇزۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار: مىلتىقنى تاشلاپ كەتمەن-گۈرجەك بىلەن قىلىدىغان بۇ قانداق ئۇرۇشتۇ؟! دېيىشىپ ھەيران بوپتۇ.

ئەسلىدە يامۇل ئەسكەرلەرنىڭ قورسىقىنى باقالماي، بۇ خارابىلىقتا كۆمۈلۈپ ياتقان ئالتۇن-كۈمۈش بار، دەپ ئاڭلاپ، ئەسكەرلەرنى بۇ يەرگە ئالتۇن كولاتقىلى ئېلىپ ماڭغانىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ كولاپتۇ، كولاپتۇ. زادى قانچىلىك بىرنېمە چىققىنىنى ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

— شۇنداق ئىشنى سەنمۇ ئاڭلىغانمۇ بوۋا؟ — دەپ بوۋايغا تىكىلدى تاھىرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەكرەم.

— بۇ تېخى يېقىن يىللاردا بولغان گەپلەرغۇ، مەن نېمىشكە بىلمىگۈدەكمەن؟ — دېدى بوۋاي، — شۇ چاغدا نۇرغۇن چېرىكلەر بۇ يەرگە كېلىپ، ئالتۇن تاپىمىز، دەپ خارابىلىقنىڭ ئىچىنى تىلغىۋەتكەنىدى. ھە، شۇلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ تاغاڭمۇ بار ئىكەندە؟ ... ھېچنېمە تاپالماي، ئاخىرىدا دېھقانلارغا ھاشار سېلىپ ئېرىق چاپتۇرۇپ مىڭ مۇشەققەتتە بۇ يەرگە بىر ئېرىق سۇمۇ باشلاپ كەلگەن. خارابىلىقنىڭ ئىچىنى يول-يول قېزىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن شارقىرىتىپ سۇ ئېقىتقان. شۇ ئېرىقلارنىڭ ئىزناسى خارابىلىق ئىچىدە ھازىرمۇ بار.

— ئۇ يەرگە سۇ ئېقىتىپ نېمە قىلماقچىكەن؟

— توپىنى سۇ بىلەن چايقاپ ئېقىتىۋېتىپ، سۈزۈلۈپ قالغان ئالتۇنلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئەكەتمەكچى بولغان ئوخشايدۇ.

— قانداق، راستلا تاغارلاپ ئالتۇنلارنى سۈزۈۋالدىمۇ؟

— بىلمىدىم. ئۇلار ئەتراپقا جەسەكچىلەرنى قويۇپ، ھېچكىمنى خارابىلىققا يېقىن كەلتۈرمىگەنىدى. شۇنداق بىر-ئىككى ئاي ھەپىلەشتى. چېرىكلەرگە قارىساڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كىيىم-كېچەكلىرى رەتسىز، ئۈستىۋېشى توپا-تۇمان، بەكمۇ ئاۋارە كۆرۈنەتتى. ھە دېسىلا ئەتراپتىكى يېزىلاردىن توخۇ، تۇخۇم ئوغرىلاپ دېھقانلارنىڭمۇ ئارامىنى قويمىدى. شۇ چاغدا ھەممىمىز: ھەي، بۇلارنىڭ ئالتۇن تاپالىغىنىمۇ تايىنلىقمىكىن، بولمىسا خەقنىڭ كاتتىكىنى مالتىلاپ يۈرمەس ئىدى، دېيىشكەنىدۇق. بىر كۈنلەردە ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا غايىب بولۇشتى. بۇ يەرگە شۇنداق تەلەي سىناپ كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلار خېلى بار. ھازىرغىچە بىرەرسى يوغانراق بىرنېمە تېپىۋاپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتىغا داستىخان راسلىدى. ئەكرەمنىڭ كۆزى نان-توقاچلارنى تىزىپ چاي قويۇۋاتقان قىزغا ئاغدۇرۇلدى. قىزنىڭ كېلىشكەن قامىتى، ساغرىسىدا ئويناپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچى، ئۇنىڭ يۇمران بەدەنلىرىدىن كېلىۋاتقان خۇشپۇراق يىگىتكە ئىللىق بىر سېزىم ئاتا قىلماقتا ئىدى. بوۋاينىڭ باياتىنبىرىقى سۆزى تاھىرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويغانىدى. ئۇمۇ قىزنىڭ چاي قويۇۋاتقان قولىغا تىكىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، خىيالى: «تەس گەپكەندە! ... ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى شۇنچە ئاختۇرۇپ تاپالمىغان ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى قۇرۇق قول كولاپ بىز قانداق تاپالايتتۇق؟» دېگەنلەردە ئىدى. «ياق، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى، — دەپ خىيالىنى داۋام قىلدى تاھىر، — كىم بىلىدۇ، يىللاردىن بىرى يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان دۇنيالار بەلكىم تىرەنلا بىر يەردە، قايسىبىر تەلەيلىكنىڭ بىر كەتمەن چېپىپلا قومۇرۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ...»

— خوش قېنى، جوزىغا يېقىنراق كېلىپ چاي ئىچىڭلار، — دەپ يىگىتلەرنىڭ خىيالىنى بۆلدى بوۋاي، — سىلەر نېمىشقا ئىزدەيدىغان نېمەڭلەرنى كۈندۈزى ئىزدىمەي، خارابىلىقتا قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرىسىلەر؟

ئىككى يىگىت ئىتتىك بىر-بىرىگە قاراشتى. بوۋاي نان ئوشتۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— بىز تەرەپتە چوڭ بىر مازار بار، — دەپ گەپ باشلىدى تاھىر چايدىن ئوتلاپ تۇرۇپ. ئۇ، گەپنى تولىراق قىلاتتى. بوۋاينىڭ نەۋرە قىزىغا قىزىقىپ قېلىۋاتقان ئەكرەم بولسا ئۈنچىقماسراق يىگىت ئىدى، — چوڭلار ئۇنى «ناھايىتى ئۇلۇغ مازار» دېيىشىدۇ، زادى كىمنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى بىزمۇ ئۇقمايمىز. مازارنىڭ ئېگىز گۈمبەزلىرى قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالدى. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا شاخلىرىنى يېيىپ ئۆسكەن بىر-بىرىدىن يوغان قارىياغاچلار بار. بالا ۋاقتىمىزدا، كۈندۈزى ئۇ يەردە مۆكۈ-مۆكۈلەك ئوينايتتۇق. كېچىسى مازارنىڭ ئەتراپى شۇنچىلىك قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. قارىياغاچلارنىڭ ئۈستىدە جىنلار ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك، دەپ ئەيمىنىپ، ئۇ يەردىن ھېچكىم ئۆتەلمەيدۇ. مازارنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئۆيدە مازارنىڭ شەيخى يېتىپ-قوپىدۇ. قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، مۈكچىيىپ ماڭىدىغان غەلىتە ئادەم. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ شەيخنىڭ جىنلارنى يۇۋاشلىتىۋېتىدىغان ئايەتلىرى بارمىش، شەيختىن جىنلارمۇ قورقىدىكەن. مەھەللىمىزنىڭ ئادەملىرى يىراقتا سەپەر قىلماقچى ياكى چوڭراق بىر ئىشقا تۇتۇش قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئازراق ياغ پۇرۇتۇپ، قويماق-پوشكال سېلىپ، ھېلىقى شەيخنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ...

— قېنى، چاي ئىچكەچ سۆزلە، — دېدى بوۋاي.

تاھىر ئازراق نان يەپ، چايدىن بىر سومۇرۇۋېلىپ، ھېكايىسىنى داۋام قىلدى.

— بىزمۇ شۇنداق قىلماقچى بولدۇق.

— نېمە قىلماقچى بولدۇڭلار؟

— چوڭلارنى دوراپ، شەيخنىڭ دۇئاسىنى ئالماقچى بولدۇق. بىراق، ياغ پۇرۇتۇپ، پوشكال سالىدىغانغا نەدە پۇل. مەن بىر يېتىم بالا. ھېلىقى تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇرىمەن. ئۆزى ياخشى ئادەم، بەك كەمبەغەل. چېكىنىۋېلىپ: تاھىر، خۇدايىم بىزگىمۇ «ئال قولۇم» دەپ ئازراق بىرنېمە بېرىۋەتسە، بىر باي بوپكەتسەك-ھە! دەپ قۇرۇق خىيال قىلىدۇ، ئىشى راۋاج تاپمايدۇ. ماۋۇ ئەكرەم ئاغىنەمنىڭمۇ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن. دادىسى شۇنداق يۇۋاش ئادەم، ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئۆگەي ئانىسىنىڭ ھەر يىلى قورسىقى دومبىيىپ تۇرىدۇ. ئارقا-ئارقىدىن بەشنى تۇغدى. ئۆكىلىرىنى يۇدۇپ

كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بۇ ئاغىنەمنىڭ بويىمۇ ئۆسمەي قالدى. ئۆگەي ئانىسى شۇنچىلىك زالىم. ئۇنىڭغا تويغۇدەك تاماقمۇ بەرمەيدۇ.

تاھىر شۇ گەپلەرنى قىلىپ ئاغىنىسىگە قاراپ قويدى. يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ چىنىلەرگە چاي قويۇۋاتقان قىز ئەكرەمگە ئىچى ئاغرىپ قاراپ قالدى. ئەكرەم ئاغىنىسىنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلغىنىغا خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

- ھوي، چاي ئىچىڭلار، چاي ئىچكەچ پاراڭ قىلىڭلار! - دېدى بوۋاي.

- شۇنداق قىلىپ، ئەكرەم ئىككىمىز: ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ دەپ مەسلىھەتلەشتۇق، - دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تاھىر ئاغزىدىكى ناننى چايناپ تۇرۇپ، - توختا، بىر ئامالىنى قىلىمىز، دېدىم. قوشنىمىزنىڭ كاتىكىدىن تۇخۇم بېسىپ ياتقان بىر توخۇنى ئوغرىلاپ، ئاستىدىكى تۇخۇملىرىنىمۇ قوشۇپ يانچۇققا سېلىپ چىقتىم. شەيخنىڭ ئالدىغا باردۇق. ھېلىقى ئەسكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىشىمىزگىلا ئۇ:

- كېلىڭلار باللىرىم. ھە، سەپەر قاياقتا؟ - دەپ سوراپ قالدى.

ئەكرەم ئىككىمىز ھەيران بولۇپ بىر-بىرىمىزگە قاراشتۇق. ئۆينىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى ئارانلا پەرق ئەتتۇق. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە: بۇ شەيخ شۇنداق سىرلىق ئادەمكەن. ئۇنىڭ بىلمەيدىغان ئىشى يوقمىش. غايىبتىن كەلگەن ئاۋازلار ئۇنىڭغا كىمنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى، مەخپىي سىر ۋە بۇندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ تۇرارمىش. ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدىكەن. بىزمۇ گەپنىڭ راستىنى قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ قەدىمي شەھەر خارابىلىقىغا بېرىپ، تەلىيىمىزنى بىر سىناپ باقماقچى بولغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. شەيخ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي:

- ھە، بىلىمەن، بىلىمەن، سىلەر بارماقچى بولغان يەر نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا بىر شەھەر ئىدى. توقلۇق، باياشادچىلىقتىن شەھەرنىڭ ئادەملىرى بۇزۇقچىلىققا پېتىپ قېلىپ، ئاللانىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ، بىر كېچىدىلا ئاسماندىن قۇم-تۇپراق يېغىپ، شەھەر توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان، - دېدى.

بىز «توۋا! » دەپ ياقىمىزنى تۇتتۇق. شەيختىن:

- ئۇنداقتا بىز ئۇ يەرگە بارساق بولارمۇ؟ بارمىساق بولارمۇ؟ - دەپ سورىدۇق. شەيخ:

- بېرىشقا نىيەت قىلغان بولساڭلار بېرىڭلار، ئەمما ئۇ يەرنى كېچىسى ئاختۇرۇڭلار، - دېدى.

بىز بۇ گەپنى چۈشەنمىدۇق. قاراڭغۇ كېچىدە نېمىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟ ئۇ بىزنى ئوغرىلىق قىلغىلى كېتىپ بارىدۇ، دەپ قېلىۋاتامدۇ، قانداق؟ دەپ ئۇنىڭدىن:

- نېمىشقا؟ - دەپ سورىدىم. شەيخ:

- ياراتقان ئىگەم كېچىنى كۈندۈزدە جاپا چەككەنلەرنىڭ ئارام ئېلىشى، ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ شۇ ئىشلارنى خۇپىيانە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ياراتقان. كۆمۈكلۈك خەزىنىنى ئىزدىمەكنىڭمۇ مەخپىي بولغىنى ياخشى. سىلەر ئۇ يەرنى ئەڭ ياخشىسى كۈننىڭ قىزىلى يىتكەندىن باشلاپ ئاختۇرۇپ، تاڭ سەھەردە ئەزان ئاۋازى چىقىشى بىلەن ئاۋارىچىلىقىڭلارنى توختىتىڭلار! - دېدى.

ئەيتاۋۇر تازا ئېسىمدە يوق، شەيخنىڭ گېپىنىڭ ئورانى مۇشۇنداقراق بولدى. قولىمىزدىكى توخۇ، تۇخۇملارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ: رەھمەت! دېدۇق. ئۇ:

- بۇ نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ كەلگەندەك تۇرىسىلەر، ئالمايمەن، - دېدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئاپارغان نەرسىلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قايتىپ چىقتۇق. . .

تاھىر يەنە مەھەللىدىن چىققاندا باغلاقتىن بوشانغان قوزىدەك خۇشھال بولۇپ قانچىلىك قىيغىتىشقانلىقىنى، يولدا بىر تونۇردىن كۆمەچ ئوغرىلاپ يېيىشكەنلىرىنى، كېچىسى ياتىدىغان جاي تاپالماي، بىر كونا تۇگمەنگە كىرىپ يېتىپ تازا قورقۇشقانلىقىنى، باغدىن ئالما ئوغرىلايمىز دەپ تامدىن ئارتىلىپ، بىر ئىشلەمچىنىڭ باغۋەنىنىڭ قىزى بىلەن سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى. . . يەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلىمەكچى ئىدى. باشقىلارنىڭ چېيىنى ئىچىپ بولۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، سۆزدىن توختاپ ئالدىدىكى چېيىنى ئىچىۋېتىشكە تۇتۇندى. ئۇ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى:

- شۇنچە يوللارنى بېسىپ، ئىزدەپ-سوراپ بۇيەرنى ئاران تېپىپ كېلىۋېدۇق، قېرىشقاندەك ئاخشام بوران چىقىپ كەتتى. بىر كونا خاماننى تېپىپ، مەڭگەنگە يۆگىنىپ ياتتۇق. بىر چاغدا كۆزىمىزنى ئاچساق، بوران توختاپ، ئۈستىمىزدە يۇلتۇزلار كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتىپ، خارابىلىققا ئالدىراپ يېتىپ كەلدۇق. ئۇيەر-بۇيەرنى ئەمدىلا كولاشتۇرۇپ تۇراتتۇق، بۇ تەرەپتىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىشىمىزنى توختاتتۇق، - دەپ ئاياغلاشتۇردى.

چايدىن كېيىن بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى. دۇئادىن كېيىن بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى داستىخاننى يىغىپ دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

- ئەزاننى كىم ئېيتىدۇ بوۋا؟- دەپ سورىدى ئەكرەم.

- كىم ئېيتاتتى، مانا مەن ئېيتىمەن.

- كىمنى نامازغا چاقىرىسەن؟ بۇ ئەتراپتا باشقا ئادەممۇ يوقتەكقۇ؟

- بۇ قەدىمي خارابىلىقتا ئىلگىرى ھالال ئەمگەكلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن ئاتا-بوۋىلىرىمىز ياشاپ ئۆتكەن، دەپ بىلىمەن، - دېدى بوۋاي، - ياش ۋاقتىمدا، بۇ خارابىلىق ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغان نۇرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ھەر كۈنى ناماز

ۋاقتىدا، بۇ ئەتراپتا ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ روھى بولسىمۇ ئاڭلىسۇن، دەپ ئەزان چاقىرىمەن. ھەر نامىزىمدا ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. نامراتچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان كۈنۈمگە شۈكرى قىلىپ، بۇ يەردە شۇنچە ئۇزۇن يىل ياشاپتىمەن. بىرەر پارچە ئالتۇن تېپىۋالارمەنمىكىن، دەپ شۇ خارابىلىقتا بىرمۇ كەتمەن چېپىپ باقماپتىمەن. بۇمۇ بىر ئەقىدە. مېنىڭ سىلەردەك ياشلىق چاغلىرىم بولغان. لېكىن، سىلەر تېخى مەندەك قېرىلىق دەملەرگە كەلمىدىڭلار. نۇرغۇن نەرسىلەرنى كېيىن چۈشىنىپ قالىسىلەر.

تاھىر بىلەن ئەكرەم بوۋاينىڭ زادى نېمە دېمەكچىلىكىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى. تاھىر: «بىزنىڭ ھېلىقى شەيخ. . .» دەپ يەنە بىر گەپنى باشلىماقچى بولىۋىدى، بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى.

– بىلگۈچى ئاللا، – دېدى بوۋاي، – شەيخلەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە تارقىلىپ يۈرگەن مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار: بىر زامانلاردا، مۇشۇ خارابىلىقنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە ئاقكۆڭۈل، ساددە بىر دېھقان ئۆتكەنىكەن. ئۇششاق بالىلىرى بىلەن كۈنى تولىمۇ نۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتىكەن. ئۇ ھەركۈنى: «ھەي خۇدا، بىر كاللەك ئالتۇننى غايىبتىن تاشلاپ بەرگەن بولساڭ، مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلۇپ، مەنمۇ ئارامخۇدا ساڭا ئىبادىتىمنى قىلغان بولسام» دەپ تىلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ھاسىسى بىلەن ئۇنى تۈرتۈپ ئويغىتىپ:

– قوپ ئورنۇڭدىن، قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىغا بار. خارابىلىق ئوتتۇرىسىدا بىر توپ يۇلغۇن ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. يۇلغۇننىڭ ئوڭ تەرىپىنى كولىساڭ بىر تاش چىقىدۇ. تاشنى ئورنىدىن قوزغاتساڭ تۆۋەنگە قاراپ كەتكەن يول كۆرۈنىدۇ. «بىسمىللا!» دەپ ئوڭ پۇتۇڭنى ئېلىپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، ئالدىڭدىكى يول بىلەن ماڭساڭ خەزىنىگە يېتىسەن، – دەپتۇ.

دېھقان چۆچۈپ ئويغانسا چۈشى. تاڭ يورۇپ قالغانىكەن. ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، مەھەللىنىڭ يېنىدىكى قەبرىستانلىقتا قارايدىغان شەيخنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ئۇنىڭغا كېچە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ:

– شەيخ ئاتا، سىزچە قانداق قىلسام بولىدۇ؟ – دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ. شەيخ:

– بالام، سەن چۈشۈڭدە ساقاللىق شەيتاننى كۆرۈپسەن. ھەرگىز ئۇنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، خارابىلىققا بېرىپ، كەلسە-كەلمەس يەرلەرنى كولاپ يۈرگۈچى بولما! – دەپتۇ.

شەيخ دېھقاننى شۇنداق دەپ يولغا سېلىپ قويۇپ، خارابىلىققا ئاستا ئۆزى بېرىپ قاراپ بېقىپتۇ. قارىسا راس. خارابىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزغۇچ چېچەكلىگەن بىر توپ يۇلغۇن باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ تۇرغۇدەك. شەيخ يەڭلىرىنى شىمايلاپ، يۇلغۇننىڭ يېنىنى بىر ھازا كولىغانىكەن يوغان بىر تاش چىقىپتۇ. تاشنى ئىنجىقلاپ يۆرۈپ ئورنىدىن قوزغاتقانىكەن، تۆۋەندە تاش پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ. شەيخ: «تاپتىم! تاپتىم!» دەپ ۋارقىراپ، خۇشاللىقىدا «بىسمىللا» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇدۇل كەلگەن پۇتىنى ئېلىپ تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، شۇنداق قارىسا، ئۇنىڭ ئىچى كەتكەن ئۆڭكۈر ئىكەن. ئۇ بىر-ئىككى قەدەم باسمايلا، پۇتىنىڭ ئەتراپىدا مىغىلداپ يۈرگەن يىلانلارنى كۆرۈپتۇ. «ئاللا، توۋا!» سېلىپ قېچىپ چىققىچە يىلانلار ئۇنى قوغلاپ يېتىپ، چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. كىشىلەر ئەتىسى بېرىپ قارىسا، شەيخ يۇلغۇننىڭ قېشىدا ئۆلۈپ ياتقۇدەك، خارابىلىق بولسا ئىلگىرىكىدەكلا تىمتاس تۇرغىدەك. . .

– يائاللا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپ بۇ!؟

– دەۋەتتى ئەكرەم.

– ئەگەر، ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۆزى بېرىپ يۇلغۇننىڭ يېنىنى كولاپ باققان بولسا قانداق بولاتتىكىن؟ – دەپ سورىدى تاھىر.

– بۇ بىر رىۋايەت، – دېدى بوۋاي، – ياش ۋاقتىمدا بۇ خارابىلىق ھەققىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى بىلەتتىم، ھازىر ئۇنتۇپ كەتتىم. . . ھە راست، ھېلىقى چېرىكلەر بۇ يەردە ئالتۇن ئىزدەپ يۈرگەن چاغلاردا، كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىنىڭمۇ تارقىلىپ يۈرگىنى ئېسىمدە. قەدىمكى زاماندا، دەل مۇشۇ خارابىلىقنىڭ ئورنىدىكى شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر قېتىم، شەھەرگە كۈچلۈك ياۋ بېسىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا، شاھ خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تاغ ئىچىدىكى بىر مەخپىي ئۆڭكۈرگە يۆتكەپتۇ. كىشىلەر تۆگىلەر بىلەن تۆگە ھەيدىگۈچىلەرنىڭ تاغ تەرەپكە ئۆتكىنىنىلا كۆرىدىكەن، ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرمەيدىكەن. شاھ ھېلىقى مەخپىي ئۆڭكۈرگە ئالتۇن-كۈمۈش توشۇغان ۋە ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ سىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن، دېيىشىدۇ. شۇڭا ھازىرغىچە ئادەملەر بۇ ئۆڭكۈرنى ئىزدەيدىكەنۇ، تاپالمايدىكەن. بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان چېرىكلەرنىڭ تاغ ئىچىنى قىدىرىپ، نەچچىسىنىڭ ئېگىز قىيالاردىن غۇلاپ چۈشكىنىنى ئاڭلىغانىدۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئۆڭكۈرنى زادىلا ئىزدەپ تاپقىلى بولمىغۇدەك. شاھ ئۇ ئۆڭكۈرنى قازدۇرۇپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن دەريا سۈيىنى باشلىۋەتكەنمىش.

– ئۇنداقتا، بۇ خارابىلىقتا ئىزدەپ تېپىۋالغۇدەكمۇ ھېچنېمە قالمىغان دېگىنە بوۋا؟ – دېدى تاھىر.

– كولاپ كۆرمەكچى بولساڭلار كۈندۈزى كولاڭلار، – دېدى بوۋاي، – تەلىيىڭلار بولسا بىرەر پۇللۇق نەرسە ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس. قاراڭغۇدا قىلغان ئىشنىڭ بەرىكىتى بولامدۇ؟ . . . مانا مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ-قوپۇپ، چاينىمۇ مەشەدىلا ئىچىڭلار. بىرەرىڭلارنى ئۆيدىكى نەۋرە قىزىمغا چېتىپ ئوغۇل قىلىۋالغان بولسامغۇ خويمۇ ياخشى بولاتتى. يىراقنى يېقىن قىلىدىغان سىلەردەك بىر

ئوغۇلغا تولىمۇ موھتاجمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەكرەم نېمىشقىدۇر ئۆپكىدەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى. تاھىر يۈگرەپ بېرىپ، ئورنىدىن قوپماقچى بولۇۋاتقان بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى.

* * *

يىگىتلەر خارابىلىقنى خېلى كۈنلەرگىچە قېدىرىشتى. ئۇلارنىڭ قولىغا قاناقتۇر چاقچۇق پارچىلىرى، ئاقىرىپ ياغاچقىلا ئوخشاپ قالغان قۇرۇق ئۆستىخانلاردىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى.

ئاخشىمى-ئەتىسى ئازراق سوغۇق چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، كۈن ئۆرلىگەندە كۈز ئاپتىپىنىڭ يەنە ئوبدانلا تەپتى بار ئىدى. ھارغان، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىككى يىگىت ئاپتاپقا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشاتتى. يىراق-يېقىندىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تېخى يېشىللىقنى يوقاتمىغان بولۇپ، بۇ يېشىللىقتا قايسىبىر مېۋىلەرنىڭ قىزارغان يوپۇرماقلىرى ئارىلىشىپ ئۆزگىچە بىر كۈز مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى. تىنىق ئاسماننىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدە ئېسىلىپ تۇرغان پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار ھەرىكەتسىز تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، سىنچىلاپ قارىغانسېرى ئاستا-ئاستا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ سىماسىغا ئوخشاپ قالاتتى. قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى بولسا ئەسىرلەردىن بېرىكى سۈكۈتىنى بۇزماي جىمجىت ياتاتتى.

— قارىغاندا ئىككىمىزدە تەلەي دېگەن نېمە يوقكەندە؟ — دېدى ئەكرەم، — ئالتۇن تۇرماق، بىرتال پۇچۇق يارماق تاپالىغان بولساق كاشكى. . .

— ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دېدى تاھىر، — بىرزامانلاردا بىر ئادەم مۇشۇ خارابىلىقتىن بىر تىللا، پەقەت بىرلا تىللا تېپىۋېلىپ كاتتا باي بوپكەتكەنىكەن.

— بىر تىللا! ؟ — ئەكرەم بىر تىللانىڭ ئەمەلىي قىممىتىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغىنىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيتتى، — بىر تىللا دېگىنىڭگە قانچە نان كېلىدۇ؟ — دېدى ئۇ.

— نېمە دېدىڭ؟

— سېنىڭ بىر تىللارىڭغا قانچە نان كېلىدۇ؟ — دەۋاتىمەن.

— قانچە نان كېلىدىغىنىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم يۈز نان ياكى ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق نان كېلىدىغاندۇ. لېكىن، تىللا تاپقان ئادەم نانلا يەپ ئولتۇرمايدۇ-دە!

— ئەمىسە، ئۇ بىر تىللا بىلەن قانداق قىلىپ شۇنچە باي بوپكېتىپتۇ؟

— ئۇ ھېلىقى تېپىۋالغان تىللاغا ماۋۇ بازاردىن ئازراق بىر نەرسە سېتىۋېلىپ، يەنە بىر بازارغا ئاپىرىپ ئىككى تىللاغا سېتىپتۇ. ئۇ بازاردىن ئىككى تىللالىق مال ئېلىپ، باشقا بىر بازارغا ئاپىرىپ تۆت تىللاغا سېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ پۇللىرى ئاستا-ئاستا كۆپىيىپ، ئاخىرىدا كارۋانلىرىنى ھەيدەپ، شەھەرمۇشەھەر ئارىلاپ سودا قىلىدىغان چوڭ بايغا ئايلىنىپتۇ. ھەربىر شەھەردە چوڭ-چوڭ دۇكانلىرى، باغلىق قورۇ جايلىرى بوپتۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بۇ خارابىلىق يېنىغا قايتىپ كېلىپ، تاشدۆڭگە ئاشۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرغانىكەن. كۆرگەنسەن، نېمىدېگەن ھەيۋەت؟!

— ھەممىسى قۇرۇق گەپ! — دېدى ئەكرەم، — بۇيەردە: پالانچى بۇ خارابىلىقتىن مۇنداق بىر نېمە تېپىۋېلىپ ئۇنداق باي بوپكېتىپتىكەن، مۇنداق چوڭ ئىش قىپتىكەن، دەيدىغان رىۋايەتتىن تولا نېمە يوقكەن. كولساڭ، تاشتىن باشقا ھېچنېمە يوق.

— دەۋاتىمەنغۇ، ئالتۇن-كۈمۈش دېگەن كۆرگەنلا ئادەمگە ئۇچراۋەرمەيدۇ-دە! ئىككىمىزنىڭ پەقەتلا تەلىيى يوقكەن.

ئەكرەم يەنە ئاغىنىسى ئېيتقان ھېلىقى بىر تىللا توغرىسىدا ئويلاپ قالدى.

— نېمىشقا ھېلىقى ئادەم تاشدۆڭگە بۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرغانىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— نېمىشقا دېگىنىڭ نېمە گەپ؟ — دېدى تاھىر جەينەكلىنىپ، يېنىچە بولۇپ ئاغىنىسىگە قاراپ.

— نېمىشقا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر مەسچىت سالاي دېگەن خىيال كىرىپ قاپتۇ ۋە ئۇ مەسچىتنى مۇشۇ قاقاس دۆڭگە سالغۇسى كەپتۇ؟

— ئۇ، مۇشۇ خارابىلىقتىن تېپىۋالغان بىر تا[ل] تىللا بىلەن شۇنچە بېيىپ كەتكەندە. بەلكىم [ئۇ] خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى بۇ خارابىلىق يېنىغا بىر مەسچىت سېلىپ قايتۇرماقچى بولغاندۇ؟ بۇ يەردە ناماز ئوقۇغانلار مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ پات-پات مېنىڭ روھىمغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ تۇرسۇن، دەپ ئويلىغاندۇ.

— ئەگەر ساڭا شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم، بىلىكىگە ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان چۈمۈلىنى ئۈرۈپ چۈشۈرۈۋېتىپ.

— مەنما؟ — دېدى تاھىر، — ھە، ماڭا شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا. . . ھە، نېمە قىلاتتىم؟ . . . مەنمۇ شۇنداق بىر ئىش قىلاتتىم.

— نېمە ئىش ئۇ؟

— ھېلىقى سودىگەردەك بىرنى ئىككى، ئىككىنى تۆت قىلىپ سودا بىلەنلا ھەپىلىشەتتىم. بىر تىللاغا قانچە نان كەلمىسۇن، نان دېگەننى ئۆيدە ئولتۇرۇپ يەۋەرسەڭ، ئۇمۇ تۈگەپ، يەنە قورساق ئاچىدۇ-دە! باشتا نانمۇ يېمەي ئوقەت قىلماق كېرەك. . . سەنچۇ؟ بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا سەن قانداق قىلاتتىڭ؟

— بىر تىللا ئۇچرىغان بولسا. . . ھە، ئۇچرىغان بولسا. . . قانداق قىلاتتىم. . . قېنى ئۇ تىللا؟ . . . سەنمۇ تاغاڭغا ئوخشاش قۇرۇق خىيال قىلىشۋەرمىگىنە!

— ياق ئەمدى بىر دەۋاتقان گەپقۇ. مىسالى، ساڭىمۇ شۇنداق بىر تىللا ئۇچراپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ دېمەكچى.

— قانداق قىلاتتىم؟ . . . تىللانى كۆتۈرۈپ بېرىپ، بىزگە ھەركۈنى چاي بېرىۋاتقان ھەيدەر

بوۋاينىڭ ئالدىغا قويۇپ: «بوۋا، تاپقان دۇنيايىم مۇشۇكەن، نەۋرە قىزىڭنى ماڭا نىكاھلاپ قويساڭ، ئىككىمىز سىنىڭ خىزمىتىڭنى قىلساق» دەيتتىم.

— ھەي كاساپەت، بوۋاينىڭ قىزى گۈلسۈمگە كۆزۈڭ چۈشۈپتۇ-دە!

دوستلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. خارابىلىقتا چۈشمەكچى بولۇپ تۆۋەنلىگەن بىر جۈپ دالا تورغىيى كۈلكە ئاۋازىدىن ئۈركۈپ، يەنە ئۇچۇپ يۇقىرى ئۆرلىدى. كۆپكۆك كۈز ئاسمىنىدىكى ھېلىقى ئاق بۇلۇتلار ئەمدى نېپىز ئاق داكىدەك بولۇپ يېيىلىپ كەتكەنىدى.

— ھېچنېمە تاپالماي، مەھەللىگە قۇرۇق قول سالپىيىپ بارىدىغان بولساق، تازا كۈلكىگە قالىمىز-دە! — دېدى ئەكرەم.

— تېخى ھېلى مەھەللىمىزدىكى شەيخ: بۇ ھارامدىن بولغانلار قاچان كېلەر، دەپ مەھەللىنىڭ بېشىدىلا كۈتۈپ تۇرامدىكىن، دېگىنە؟

— قانداقچىسىگە؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم ئاغىنىسىنىڭ گېپىگە چۈشەنمەي.

— بىز ھېلىقى توخۇ بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا چۈجىلىرى چىقايلا دەپ قالغان تۇخۇملارنىمۇ ئاپىرىپ بەردۇق. شەيخ خوجام: بۇنى ئوغرىلاپ كەلگەندەك ۋۇرسىلەر، ئالمايمەن، دېگىنىبىلەن بىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، قاراڭغۇ ئۆيدە بايقىماي قورۇپ يېگەن بولسا، ئىچى ئوقتەك سۇرۇپ كەتتىمە!

ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مەن مەھەللىگە قايتىپ بارمايمەن، — دېدى تاھىر.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولدى ئەكرەم.

— بارساڭ يەنە شۇ كۆڭۈلسىز ئۆي. تاغامنىڭ چېكىنىۋېلىپ قۇرۇق خىيالنى سۈرگىنى سۈرگەن. دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاڭلاۋېرىپ ياد بولۇپ كەتكەن گەپلەر. تاغام ياش ۋاقتىدا، ئالدىغا ھەر كۈنى بىر قارىغۇ دىۋانە ئۇچرايدىكەن. دىۋانىنى بىر كىچىك قىز يېتىلەپ يۈرىدىكەن. ھېلىقى دىۋانە كۆزى كور بولسىمۇ، تاغامنى ئاياق تاۋۇشىدىنلا تونۇۋالاتتىكەن. ھەر قېتىم تاغامغا ئۇچراپ قالغاندا ئۇ:

— ئۇرايىم، مۇنۇ قىزىم رەسىدە بولاي دەپ قالدى، مەندىن كېيىن قالسا ئۇنىڭغا باشپاناھ بولغىدەك بىر ئەر كىشى بولمىسا بولمايدۇ. شۇ قىزىمنى سەن نىكاھلاپ ئالساڭ، -دەيدىكەن.

تاغام ئىچىدە: مەن ئەمدى سەن قەلەندەرنىڭ قىزىنى ئالامتىم، دەپ ناھايىتى خاپا بولاتتىكەن. كېيىن، ئۇ قىزنى باشقا بىرسى نىكاھلاپ ئاپتۇ. قەلەندەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەرگە سالغان كىگىزلىرىنىڭ ئاستى، ئەسكى يوتقانلىرىنىڭ ئەستىرى، ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرىدىكى يوچۇقلاردىن تارتىپ كونا ئۇچاقنىڭ مورىلىرىغىچە ھەممە يەردىن شۇنداق جىق پۇل چىقىپتۇكى، ساناپ تۈگەتكىلى بولمىغانمىش. شۇنىڭ بىلەن دىۋانىنىڭ كۈيئوغلى بىر كېچىدىلا كاتتا باي بوپكېتىپتۇدەك. تاغام ھېلىقى دىۋانىنىڭ قىزىنى ئالمىغىنىغا تاھازىرغىچە پۇشايمان قىلىدۇ... يەنە ئۇ ئولتۇرۇۋېلىپ شۇنداق غەلىتە چۆچەكلەرنى توقۇيدۇكى، ئاڭلاپ باقمىغان ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ. بىر دېھقان سوقا بىلەن يەر ھەيدەۋاتسا، تۇپىنىڭ ئاستىدىن بىر قالپاقنىڭ پوپۇكى كۆرۈنۈپ قاپتۇدەك، قالپاقنى كۆتۈرسە ئاستىدىن بىر باش چىقىپتۇدەك. كولاۋەرسە بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن جەسىتى ئىكەن. جەسەتنى تارتىپ چىقىرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئاستىدا ئالتۇن ئىگەر-جابدۇقلىرى بىلەن توقۇغلۇق بىر ئات تۇرغىدەك... مانا مۇشۇنداق ئاجايىپ-غارايىپ گەپلەر. تاغامنىڭ ئەھۋالى شۇ. مەھەللىدە ئۇنىڭدىن باشقا تارتىشىدىغان كىمىم بارتى.

— مەھەللىگە بارمىساڭ نەگە بارىسەن؟ — سورىدى ئەكرەم.

— چەت مەملىكەتكە چىقىپ كېتەيمىكىن دەيمەن.

— نەگە؟!

— چەت دۆلەتكە. ئاڭلىمىدىڭمۇ، ھەيدەر بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە: بۇيەردىن يۇقىرىلاپ يەنە بىرەركۈن ماڭساقلا چېگرىغا يەتكۈدەكمىز.

بىر-ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا گەپتىن گەپ چىقىپ، ھەيدەر بوۋاي يىگىتلەرگە چېگرىنىڭ بۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى، چېگرىغا يېقىن مەھەللىلەردىكى دېھقانلارنىڭ ماللىرى بەزىدە چېگرىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتسە، دېھقانلارنىڭ ئۆزى بېرىپ ھەيدەپ كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بوۋاي يەنە: «بىر زاماندا، ئەتراپىمىزدىكى يۇرتلاردىنمۇ خېلى ئۆيلۈكلەر ئۇياققا ئۆتۈپ كەتكەن. بەزىلەر مېنىمۇ بىللە كېتەيلى، دېگەن. مېنىڭ مۇشۇ ئاق مەسچىتتىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. ئاتا-بوۋا، دوست-يارەنلىرىمنىڭ قەبرىسى مۇشۇ ئەتراپتا. كۆردۈڭلار، ئەتراپ چەكسىز تىنچ دالا. باھاردا بۇ يەر رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى ئېچىلىپ شۇنچە چىرايلىق بوپكېتىدۇ. كۈننىڭ تەپتى، بورانلارنىڭ ئۇشقۇتۇشى، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى كىشىگە ياراتقان ئىگىسىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى.

— چېگرىنىڭ پايلاقچىلىرى تۇتۇۋالسا قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەكرەم.

— بۇ تەرەپكە بىر موزىيىمىز قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، شۇنى ئىزدەپ كېلىشىم. موزايىنى تاپمىسام، دادام ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دەپ يىغىنى سالىمەن.

ھەر ئىككىلىسى تەڭ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سەنچۇ؟ بولمىسا بىللە كەتمەمدۇق؟ — دېدى تاھىر.

— مەن ئۇنداق يىراققا كەتمەي، — دېدى ئەكرەم، — دادام بەك يوۋاش ئادەم، قېرىغاندا ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ؟

— ئىنىلىرىڭچۇ؟ دادىڭ قېرىپ كەتكىچە ئىنىلىرىڭمۇ چوڭ بولار؟

— ئۆگەي ئانام يامان خوتۇن. دادام قېرىپ ئىشقا يارىمايدىغان بولغاندا، بالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ

دادامنى ئۆيدىن قوغلاپلا چىقىرامدىكىن دەيمەن.

— مەھەللىگە قايتىسەن؟

— ھازىرچە قايتماي، ھەيدەر بوۋايغا ئوغۇللا بوپكېتەيمىكىن دەيمەن. دادام قېرىغاندا يېنىمغا ئەكىلىۋالىمەن.

— ھىم. . . بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى يۈرىكىڭگە ئوبدانلا ئوت ياققاندەك تۇرىدۇ-ھە! ؟

ئىككى يىگىت قاھ — قاھلاپ كۈلۈشكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى قېقىشتى.

— مېنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغىنىمنى بوۋاي بىلمىسۇن، — دېدى تاھىر.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يىگىتلەر تۆۋەنگە — قەدىمىي شەھەر خارابىسى تەرەپكە قاراپ ماڭماي، يۇقىرىلاپ كەتتى. ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدا ھاسا تايىقىغا تايىنىپ تۇرغان ھەيدەر بوۋاي يىگىتلەرنىڭ بۈگۈنكى سەپىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

بۇلۇتسىز تىنىق ئاسماندا ئەتىگەنلىك قۇياش پارلاپ تۇراتتى. يىگىتلەر ئاق مەسچىتتىن يىراقلاپ، ئالدىدىكى بىر دۆڭدىن ھالقىپ چۈشتى. ئوت-چۆپلىرى سارغايغان تۆپىلىكلەر بارغانسېرى يۇقىرىلاپ، قارىغايلىق تاغلارغا بېرىپ ئۇلىشاتتى. ئۇنىڭمۇ ئۈستىدە بولسا قارلىق چوققىلار يالتىراپ تۇراتتى. نېمىشكىدۇ ئىككى يىگىت ئۈنچىقماي كېلىشمەكتە ئىدى.

— بولار، مۇشۇ يەرگىچە ئۇزۇتۇپ قويغىنىڭمۇ يېتەر، — دېدى تاھىر بىر مەنزىلگە يەتكەندە، — ئەمدى قايتىپ كەت!

ئۇلار قۇچاقلاشمىدى، قولمۇ ئېلىشمىدى، «خەير، خۇداغا ئامانەت! » دېيىشىپ ئاددىيلا خوشلاشتى. بۇ ئايرىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تېخى ئۇلار چۈشەنمەيتتى. . .

* * *

ئارىدىن ئاتمىش يىل ۋە بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئوشۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندۇ، تاھىر ئەپەندى قايتىپ كەلدى.

شۇ ئۇزۇن يىللار ئىچىدە تاشدۆڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلاردا كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. قېرىلار ئالەمدىن ئۆتكەن، ياشلار قېرىغان، كىملەردۇر تۇغۇلۇپ، يەنە كىملەردۇر ياشلار قاتارىغا قېتىلىپ ھاياتلىق سىمفونىيىسى ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرغانىدى. . . ئېگىز بوي، پۇزۇر كىيىنگەن بۇ ئادەمنىڭ بىر يىللاردا بۇ يەردىن كەتكەن، بۇرۇتى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان يىگىت تاھىر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئەسلىيەلمىدى. تاھىر ئەپەندىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىدىكى ھېلىقى چېكىۋېلىپ ئاجايىپ قىزىق خىياللارنى سۈرىدىغان تاغىسى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. مەھەللىدە تاھىرنى تونۇغىدەك ئادەملەرمۇ قالمىغانىدى.

تاھىر ئەپەندى شەھەرلەردىكى ئېگىز بىنالار، ماشىنىلار غۇيۇلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كەڭ يوللار ۋە ئادەملەر مىغىلدىشىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك سودا سورۇنلىرىنى كۆردى. توپتوز ئېلىنغان يوللار يېزىلارغىچە، يېزىلارنىڭ كىچىك كەنتلىرىگىچە سوزۇلغانىدى. يېزىلاردىمۇ ئادەملەر كۆپەيگەن، دېھقانلارنىڭ ئىككى-ئۈچ تال توغرا ياغاچ بىلەنلا توسۇپ ياساپ قويىدىغان قورۇلىرى ئورنىغا دەرۋازىلار بېكىتىلىپ، مەھكەم قۇلۇپ سېلىنىدىغان بولغانىدى. تاھىر ئەپەندىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، يېزا يوللىرى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى — قەدىمكى ئەگرى — بۈگرى ھالىتىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى. تاھىر ئەپەندىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئېسىگە مەھكەم ئورناپ قالغان يېزا يوللىرىنىڭ قىياپىتى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇ، ئاغىنىسى ئەكرەم بىلەن مەھەللىسىدىن ئايرىلىپ، قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىنى ئىزدەپ ماڭغاندا، ئەنە شۇنداق كاتاڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى-بۈگرى، توپىلىق ھارۋا يوللىرى بىلەن ماڭغان، يېيىلىپ ئاققان سۇلارنى كېچىپ ئۆتكەن، ياغاچلىرى قاغجىراپ كەتكەن قانداقتۇ بىر سۇنۇق كۆۋرۈكتە پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇشقان، قايسىبىر شورلاردىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ، كىملەرنىڭدۇر مېۋىلىك باغلىرىغا كۆز تاشلىغان. . . بۇ ئاددىي كۆرۈنۈشلەر تاھىر ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا داڭلىق رەسسام سىزغاز قىممەتلىك رەسىمدەك بىر ئۆمۈر ساقلانغانىدى.

تاھىر ئەپەندى تاشدۆڭگە قايتىپ كەلدى. بۇ يەر ھېلىمۇ «تاشدۆڭ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتى. ئاق مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا پاكار-پاكار دېھقان ئۆيلىرى چۈشۈپ، بۇ يەر يېڭىدىن بىر مەھەللىگە ئايلانغانىدى. توپىلىق يوللاردا ئۇششاق بالىلار ئويناپ يۈرەتتى. ئەتراپ كەڭرى كەتكەن دالا، يۇقىرىلاپ بېرىپ قارىغايلىق تاغلارغا ئۇلىشىدىغان تۆپىلىكلەر، قارىغايلىق تاغلارنىڭ ئۈستىدە بولسا ئاقۇاش چوققىلار يەنە شۇ قەدىمىي تۇستە سۈكۈتتە تۇراتتى. قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىنى بولسا كىشىلەر تۈزلەپ ئېتىزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. . . تاھىر ئەپەندىنىڭ پىكاپى ئاق مەسچىتكە يېقىنلاشقاندا، مەھەللە تەرەپتىن بىر توپ بالىلار چىقىپ پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتى. بۇ دۆڭلۈككە بۇنداق قوڭغۇز پىكاپلار كەمدىنكەم كېلەتتى.

تاھىر ئەپەندى يىراقتىنلا پىكاپتىن چۈشۈپ، ئاق مەسچىتكە ئاستا-ئاستا قەدەم ئېلىپ يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۇپۇلدەيتتى. ئاق مەسچىت ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىن كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئاق مەسچىت ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىدى. كۆز ئالدىدا بولسا ئېگىز مۇنارلىرى چۈۋۈپ تاشلانغان، ئۈستىدىكى توپىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن پېشايۋاننىڭ توغرا ياغاچلىرى ئېگىلىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ياغاچلارغا چېكىلگەن گۈللەر، تام-تورۇسلاردىكى قاپارتما نەقىشلەر ئۆچۈپ خىرەلەشكەن، ئىشىكلىرى قاغجىراپ يېرىلغان خارابە بىر ئىمارەت تۇراتتى. ئەڭ پاكىز ساقلىنىپ قالغىنى مەسچىت ئىچىدىكى ئون ئىككى تۈۋرۈك ئىدى. تۈۋرۈكلەر يىللارنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن قارىداپ، ئىلگىرىكى ئىسكەتىنى يوقاتقان بولسىمۇ، تۈۋرۈك ياغىچىغا چېكىلگەن نەپىس نەقىشلەر يەنە مەسچىتنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سەلتەنىتىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

تاھىر ئەپەندى مەسچىتتىن چىقىپ، ئاق مەسچىتكە يانداپ سېلىنغان ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئىشىك ئالدىدا چاچلىرى ئاپئاق، مۈكچەيگەن، ئورۇق بىر موماي تۇراتتى. «بۇ كىمدۇ؟!» تاھىر ئەپەندىنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى.

— ياخشىمۇ سىز خانىم؟ — دېدى ئۇ.

«خانىم» دېگەن سۆز مومايغا غەلىتە ئىشتىلدى. بۇيەردە ئۇنى ھەممەيلەن «گۈلسۇمخان» دەپ چاقىراتتى.

— تىچلىقمۇ؟ — دەپ بىلىنەر-بىلىنمەس ئېگىلدى موماي.

تاھىر ئەپەندى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇردى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى گۈلسۇمخان موماي، — نېمە دەيدىغانسىز؟ شۇ تاھىر سىزمۇ؟... رەھمەتلىك ئەكرەم گېپىڭىزنى جىق قىلاتتى.

موماي بىر قولى بىلەن بېشىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ياغلىقىنى تۇتقىنىچە، ئىتتىك مېڭىپ تاھىر ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلغىنىچە كۆز يېشى قىلدى. تاھىر ئەپەندى مومايىنىڭ ئورۇق گەۋدىسىنى مەھكەم قۇچاقلاپ باغرىغا تارتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ياشقا تولغانىدى... بۇندىن ئاتمىش يىللارچە ئىلگىرى، تاھىر ئەپەندى بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئاغىنىسى ئەكرەم ئۇنى يىراقلارغىچە ئۇزۇتۇپ بارغان، ئۇلار قۇچاقلاشماي، قولمۇ ئېلىشماي، «خۇداغا ئامانەت!» دەپ ئاددىيلا خوشلاشقانىدى. ئۇ چاغدا تاھىر ئۆزىنى ناتونۇش مەملىكەتلەرگە ئەمەس، يېقىن ئارىدىكى بىر بازارغا قىزىقچىلىق كۆرگىلى كېتىپ بارغاندەكلا يېنىك ھېس قىلغانىدى. شۇ ئايرىلىش بىلەن ئۇ يېرىم ئەسىردىن ئۇشۇق ۋاقىت بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلمىدى. ئۇ، ئاغىنىسى بىلەن ئەمدى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچى، ئۇنىڭغا ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئاغىنىسىنىڭ سۆيگەن جۈپتى بولسىمۇ ھايات ئىكەن...

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە! — دەپ مېھماننى ئۆيگە باشلىدى موماي.

ئۆيگە كىرگەندە تاھىر ئەپەندىگە ۋاقىت يېرىم ئەسىر كەينىگە چېكىنىپ كەتكەندەك بىلىندى. شۇ قەدىمي ئۆي، شۇ ئويۇقلار. ئويۇقلارغا تىزىلغان نەرسە-كېرەكلەرنىڭ تۈرى ئۆزگەرگەن. سۇپا، ئوچاق باشلىرى بۇرۇنقىدەكلا سېغىزلاي بىلەن پاكىز سۇۋالغانىدى. تۆۋاق ئۈستىدىكى قىزىرىپ پىشقان نوگاي چۆمۈچ كۆرۈنمەيتتى. ئىچكەرىكى ئۆيدە يەنە شۇ قەدىمي ساندۇق. ساندۇق ئۈستىدىكى چىرايلىق قاتلاپ يىغىلغان ئورۇن-كۆرپىلەر...

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، مانا بۇ كۆرپىگە كېلىڭ!

... رەھمەتلىك ئەجەب تولا گېپىڭىزنى قىلاتتى. مانا سىز ياپياشلا تۇرۇپسىز. ئەكرەم رەھمەتلىك كېيىنكى چاغلاردا بەك ئاغرىقچان بوپكەتكەنىدى. كۆرۈۋاتقانسىز، مەنمۇ قېرىپ كەتتىم. ئاغرىپ بىرەركۈن يېتىپ قالغىنىمنىغۇ بىلمەيمەن، كۈندىن كۈنگە ماغدۇردىن كېتىۋاتىمەن.

موماي جوزا راسلاپ، چاي قۇيۇپ، مېھمان بىلەن ئولتۇردى. ۋاقىت نېمىدېگەن رەھىمسىز. ئەينى يىللاردىكى گۈزەل قىزنىڭ ئايدەك رۇخسارىغا يىللارنىڭ شاماللىرى سانسىز ئۇششاق قورۇقلارنى يالداما قىلغانىدى. بىر چاغلاردا، شۇ گۈزەل قىزنىڭ ئىشقىي ئوتى تاھىر ئەپەندىنىڭ ئاغىنىسىنى مۇشۇ ئاددىي، توپا تاملىق ئۆيدىن نېرى كېتەلمەس قىلىپ قويغانىدى. شۇ جەلپكار قىزنىڭ مۇشۇ ئورۇق موماي ئىكەنلىكىگە ھازىر كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ئەكرەم قاچان ۋاپات بولدى؟ — دەپ سورىدى تاھىر ئەپەندى.

— مانا، ئالدىمىزدىكى ئاي كىرسە، توپتوغرا بەش يىل بولىدۇ. بوۋامنىڭ قەبرىسى يېنىغا كۆمدۇق. ئۆزى شۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى...

— ھەيدەر بوۋاي!؟

— ھە، ئېسىڭىزدە باركەن-ھە؟... بوۋام ئەكرەم ئىككىمىزنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپ، بىر-ئىككى يىلغا قالمايلا كۆز يۇمغان... سىز كېتىپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بوۋام ئەكرەمدىن: ھەي، ھېلىقى ئاغىنەڭ نەگە غايىب بولدى؟ دەپ سوراپ يۈردى... ئەكرەم سىزنى كۆرگەن بولسا قانچىلىك خۇش بوپكېتەرئىدى...

مومايىنىڭ كۆزىگە يەنە لۆممىدە ياش كەلدى.

— بۇ ئەتراپ مەھەللە بوپكېتىپتۇ. — دېدى تاھىر ئەپەندى.

— شۇنداق بولدى، — دېدى موماي، — كىچىكلەر چوڭىيىپ، باللار تۇغۇلۇپ، ئادەم كۆپىيىپ كەتتى. كوممۇناۋاقتىدا ئەترەت بىر قىسىم ئادەملەرنى بۇيەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ مەھەللە قىلدى. تۆۋەندىكى قەدىمي شەھەر خارابىلىقى ئېسىڭىزدىدۇ؟... ھېلىقى سىلەر ئالتۇن تاپىمىز، دەپ كولىغان؟

— نېمىشقا ئېسىمدە بولمىسۇن.

— شۇ خارابىلىقنىڭ توپىسىنى تاشلىقتا ئەكىلىپ تۆكۈپ، مىڭ جاپادا بۇيەرلەرنى ئېتىز قىلدۇق. ھازىر خارابىلىقنىڭ ئورنىمۇ ئېتىز بوپكەتتى...

— ئاق مەسچىتمۇ ئىسكەتىدىن كېتىپتۇ؟ — دېدى تاھىر ئەپەندى.

— ۋىيەي، بۇ مەسچىتنىڭمۇ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىدى دەيسىز؟ — دېدى موماي، — بىر زامانلاردا ئاق مەسچىتنى ئەترەت ئاشلىق ئامبىرى قىلدى. كېيىن ئۇ ئەترەتنىڭ ئىشخانىسىمۇ بولدى. ھەممە ئادەم بىر قازاندىن تاماق يەيدىغان چاغلاردا، چوڭ قازاننى شۇ مەسچىتكە ئېسىپ، ئۇيەرنى ئاشخانىمۇ قىلدى. تۇۋا، ئەجەب بىر زامانلار بوپكەتكەنتىغۇ-تاڭ! لەڭمەننىڭ پىلتىسىنى جان سانىغا قاراپ ساناپ بېرەتتى. ئۆيگە ئەكىلىپ پىشۇرۇپ يەيتتۇق.

هېچكىمنىڭ قورسىقى تويمايتتى. نېمىگە پۈتلاشتىكىنىتاڭ بىلمىدىم، بىر چاغلارغا كەلگەندە، يېڭىگە قىزىل لاتا تاقىۋالغانلار چىقىپ مەسچىتنىڭ مۇنار - پەشتاقلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. ئىشقىلىپ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار... كېيىن، سىياسەت ياخشى بولۇپ، مەسچىتنى جامائەتنىڭ ئىشلىتىشىگە قايتۇرۇپ بەردى. بىراق، تېرىلغۇ يەرلىرىمىز بەك ناچارلىشىپ كەتتى. خارابىلىقنىڭ ئاپتاپ يېگەن توپىسىنى تۆككەندە باشتا بىر قانچە يىل يامان ئەمەس هوسۇل بەرگەن. سۇمۇ خېلى مولتى. هازىر سۇ يوق. كۆرگەنسىز؟ تۆۋەندىكى سايىنىڭ سۈيى پەقەتلا قۇرۇپ كەتتى. ياز بولسا بۇيەردىكى ئەرخەقلەر ئىش ئىزدەپ تەرەپ-تەرەپكە چىقىپ كېتىدۇ. نېمە ئىشكىن بىلمىدىم، هەممە ئادەم باي بولساملا دەيدۇ، هېچكىم باي بولالمايدۇ...

ئاق مەسچىت، قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى ۋە بۇ هەقتە هەيدەر بوۋاي ئېيتقان رىۋايەتلەر تاهىر ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدە ئۆتمۈش توغرىسىدىكى ئۇنتۇلماس بىر ناخشىدەك بىر ئۆمۈر ساقلانغاندى. شۇ تاپتا تاهىر ئەپەندىگە گۈلسۈمخان موماي ئەنە شۇ ناخشىنىڭ داۋامىنى ئېيتىۋاتقاندەك بىلىندى.

تاهىر ئەپەندى ئاق مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئېلىپ قەبرىستانلىققا چىقتى. دوغىلاق كەلگەن، قىزىل يۈز، ساقاللىق بۇ ئادەمنىڭ ياش جەھەتتىن تاهىر ئەپەندىدىن خېلىلا كىچىكلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار هەيدەر بوۋاي بىلەن ئەكرەمنىڭ خۇشبۇي شىۋاقلار قاپلىغان قەبرىسى يېنىدا يۈكۈنۈشتى. ئىمام خېلى ئۇزۇن بىر سۈرىنى قىرائەت قىلىپ تاماملىدى. دۇئادىن كېيىن، قايتىپ كېلىۋېتىپ تاهىر ئەپەندى ئىمام بىلەن پاراڭلاشتى.

- تەقسىر، سىلى مېنى تونۇمايدىلا هەقچان؟

- ئاڭلىدىم، - دېدى ئىمام، - ئۆزۋاقتىدا مۇشۇ يۇرتلاردىن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتىكەنلا. خەقلەرنىڭ هەممىسى هازىر سىلىنى كاتتا باي بوپكېتىپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

- ھە، تولىمۇ ياش، گۆدەك چاغلىرىم ئىكەن. ئالدى-كەينىمنى ئويلىماي، تەۋەككۇل قىلىپلا كېتىپ قاپتىكەنمەن. بىر ساۋاتسىز دېھقان بالىسىنىڭ يات يەرلەردە جان باقمىقى ئوڭايمۇ دەيدىلا؟ ئۇرۇلدۇم - سوقۇلدۇم، قانچە ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈردۈم. ئىشقىلىپ، بىر ئىنساننىڭ تۇغۇلۇپ ئۆلگىچە بېشىغا چۈشىدىغان قىسمەتلەرنىڭ هەممىسى مېنىڭ بېشىمغىمۇ چۈشتى. خۇداغا شۈكرى، هازىر بەك كاتتا باي بولمىساممۇ، ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان يەردە تۆتنىڭ ئالدى. هازىر ئويلىسام، ئەينى چاغلاردىكى تەۋەككۇل قىلىپ يات مەملىكەتلەرگە چىقىپ تەلەي سىناپ بېقىش خىيالىم دەل مۇشۇ تاشدۆڭدە، ئاق مەسچىت، قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيدا بولغانىكەن... سىلى ئۇ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىلىمىكىن؟ ئۇنىڭدا يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈرگەن كارۋانلار، ئاجايىپ پىكىرلەرنى قىلىدىغان دەرۋىشلەر، بىر تال تىللا بىلەن بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەر هەققىدە سۆزلىنىدۇ. بالا ۋاقتىمدا شۇنداق بىلىندىمىكىن، ئىشقىلىپ شۇنچىلىك گۈزەل... سىلى گېپىمنى چۈشىنىۋاتقانلا-هە؟... دېمەكچى بولغىنىم، تاشدۆڭدىكى يۇرت - جامائەت ئۈچۈن ئازراق پۇل خەجلەپ بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسەممىكىن، دەيمەن.

- ياخشى نىيەت! - دېدى ئىمام، - نېمە ئىش قىلىپ بېرەي دەيدىلا؟

- ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا مەن ئاق مەسچىتنى كۆرگەن. ئۇ چاغدا بۇ مەسچىت ناهايىتىمۇ هەيۋەتلىك ئىدى، هازىر كونىراپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەيلا دەپ قاپتۇ. ئەڭ ياخشى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، مەسچىتنى قايتا سالدۇراي دەيمەن. ئاق مەسچىتنى ئۆز ۋاقتىدا سالدۇرغان زاتنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن، مەسچىتنىڭ ئىچىدىكى ئون ئىككى تۈۋرۈكنى ساقلاپ قالىمەن. بۇ تۈۋرۈكلەر هېلىهەم مەزمۇت تۇرۇپتۇ. قالغان يەرلىرىنىڭ هەممىسىنى يېڭىلايمىز. ئۇنىڭ تام-تورۇسلىرىغا يەنە ئاجايىپ نەقىشلەرنى چەكتۈرىمەن. مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن، ئىچىگە قىپقىزىل گىلەملەرنى سالغۇزىمەن. بۇ - يۇرت ئۈچۈن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا قىلغان بىر خەيرلىك ئىشىم بوپقالار.

- بۇنچىلىك هەشەمەتچىلىكنىڭ نېمە هاجىتى؟

- بۇ نېمە دېگەنلىرى!؟ - دەپ هەيران بولدى تاهىر ئەپەندى.

- مەسچىت ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇن راهەتلىنىدىغان جاي ئەمەس. جانابىي رەسۇلۇللا دائىم ئاددىي مەسچىتلەردە، بورا ئۈستىدىلا ناماز ئوقۇيتتى. هەدىسلەرگە بۇ ئېنىق يېزىلغان.

تاهىر ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى.

- تەقسىر! - دېدى ئۇ، - جانابىي رەسۇلۇللا ياشىغان دەۋر بىلەن هازىرغىچە قانچىلىك يىللار ئۆتتى؟... مەن قاهىرە، ئىستانبۇل، دەمەشقلەردىكى ئاجايىپ مەسچىتلەرنى كۆرگەنمەن. بۇ مەسچىتلەرنىڭ قانچىلىك كاتتىلىقىنى كۆرمىگەن ئادەمگە سۆزلەپ بەرمەك قىيىن. ئەجەبا، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار سىلى دېگەن هەدىسلەرنى ئوقۇمىغانمىدۇ؟... مەن ئاق مەسچىتنى بىر كۆرگەن ئادەم «ۋاي!» دېگۈدەك قىلىپ شۇنداق بىر سالدۇرايكى، ئۇ يالغۇز يارىتقان ئىگەمگە ئىبادەت قىلىدىغانلا ئورۇن ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ بىناكارلىق هۈنىرى، نەققاشچىلىق سەنئىتى، ئەقىل-پاراسىتىنى ئۆزىگە جەم قىلغان كاتتا قۇرۇلۇش بولىدۇ.

* * *

تاهىر ئەپەندىنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن سالدۇرماقچى بولغانلىق خەۋىرى مەهەللىگە پۇر كەتتى.

-نېمىدېگەن ئۇلۇغ نىيەت! - دەپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى ئۇلار.

- بىر ساۋابلىق ئىش قىلاي دەپتۇدە!

- شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ چەت ئەللىك بۇرادەر كاتتا باي ئوخشىمامدۇ؟

- شۇنداقتە. بولمىسا شۇنچىۋالا يوللارنى بېسىپ كېلىپ، بۇ يەردە پۇل خەجلەلەمدۇ؟

- نەچچە يەردە زاۋۇتلىرى، چوڭ شەھەرلەردە كېچە-كۈندۈز چىراغلىرى ۋاللىداپ يېنىپ تۇرۇدىغان دۇكانلىرى بار، دەمدۇنېمە.

- بەلكىم، پۇلنىمۇ ئۆزى بېسىپ چىقىرامدۇ تېخى. . .

- مۇشۇ ئاق مەسچىتنى ئىلگىرى ياساتقان ئادەم كىم بولغىيدى؟ - دەپ سوراپ قالدى بىرەيلەن.

شۇنىڭ بىلەن، ئاق مەسچىت، قەدىمىي شەھەر خارابىلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر يەنە باشقىدىن ھېكايە قىلىنىشقا باشلىدى. كىملەردۇر بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئاللىقانداق بىريەرلىرىنى چۇشۇرۇپ قويۇپ، يەنە قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە ئۆزى خالىغان مەزمۇنلارنى قېتىپ قويۇشاتتى.

- ئاق مەسچىت توغرىسىدا گەپ چىق، - دەپ گەپ باشلىدى ياشتا چوڭراق بىرەيلەن، - ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن ئاق مەسچىتنىڭ ئورنىدا بىر كەمبەغەلنىڭ ئاددىي بىر كەپىسى بار ئىكەن. بىز توپىسىنى توشۇپ، تۈزلەپ، ھازىر ئۈستىگە بۇغداي-قوناق تېرىۋاتقان قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىنى بىلىسىلەر. ھېلىقى كەمبەغەل ھەركۈنى نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، كەپىسىدىن چىقىپ، قەدىمىي شەھەر خارابىلىقىغا قاراپ: «خۇدا بىركۈنى بەختىمنى بېرەرسەن!» دەپ دۇئا-تەلەپ قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ شۇ خارابىلىقتا بېرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا بىرسى «تۇر ئورنۇڭدىن!» دەپ ۋارقىرىغاندەك بوپتۇ. چاچراپ ئورنىدىن تۇرسا، ئەتراپتا ھېچكىم يوق. نېرىراقتا بىر سېغىزخان ھە دەپ بىرنېمىنى چوقۇلاۋاتقۇدەك. ھېلىقى كەمبەغەل بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ: «سېغىزخان بۇ يەردە نېمىنى چوقۇلاۋاتقاندۇ؟» دەپ بېرىپ قارىسا، ئۇ يەردە توپىنىڭ ئاستىدىن بىر كومزەكنىڭ بېقىنى كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك. كومزەكنى كولاپ ئالسا، ئىچى لىق ئالتۇن ئىكەن. شۇ ئالتۇنلار بىلەن ھېلىقى كەمبەغەل كاتتا باي بوپكېتىپتۇ. ئاخىرىدا، ئەسكى كەپىسىنىڭ ئورنىغا مانا شۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

- بەلكىم! - دەپ تەستىقلاشتى بىر قانچەيلەن،

- ئېسىڭلاردىمىكىن، شۇ خارابىلىقنىڭ توپىسىنى توشۇۋاتقان چېغىمىزدا ئۇ يەردىن تازىمۇ يوغان بىر كۇپ چىققان ئەمەسمۇ؟ . . . «ۋاي، دۇنيا چىقتى، دۇنيا چىقتى!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. ئادەم دېگەن ئولىشىپ كەتتى. مىڭ تەستە كولاپ ئالدۇق. تېخى بەزىلەر: «توختاڭلار، ئىچىنى ئاختۇرۇشقا ئالدىرىماڭلار، ئاۋۋال يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش كېرەك» دەپكەتتى .

- ئىچىدە نېمە باركەن؟ - دېدى بىرسى تاقەتسىزلىنىپ.

- ھېچنېمە يوق، لىق توپا.

- ئىچىدىكىسىنى ئاللىبۇرۇن باشقىلار قۇرۇتۇپ بولغان دېگىنە؟

- شۇنداقمىكىن، كۆپنى بىرنېمىلەر قىلىپ مەھەللىگە ساق ئەكەلدۇق. كوممۇنا ۋاقتىدا، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە كولىلېكتىپ ئاشخانىدا بۇ كۆپكە سۇ توشقۇزۇپ ئىشلىتىپ يۈردۇق. كېيىن نېمە بولدى؟ يوقالدىغۇ.

- مۇنۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرماقچى بولۇۋاتقان ئەپەندىنى ئەللىك - ئاتمىش يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن ئادەم دېيىشىدىغۇ؟ ھېلىقى يوغان كۆپتىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى مۇشۇ قېرى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتكەنمىدۇ يە؟ !

- ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ! . . .

تىمتاس مەھەللە باشقىدىن جانلىنىپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى غۇلغۇلا بىرنەچچە كۈن توختىماي داۋاملاشتى. كىشىلەر ئويلىغانسېرى چەت ئەللىك ئەپەندىنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن ياساتماقچى بولغان غەرىزىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلىدى.

- بۇ باي غوجاملارنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، - دەپ مۇھاكىمە قىلاتتى بىرەيلەن، - يۈز كوي پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتكەندە، ئاندىن يانچۇقىدىن ئون كوي چىقىرىدۇ. ئەجەب بۇ باشقا ئىش قىلماي، بىزگە مەسچىت سېلىپ بەرمەكچى بوپقاپتۇ-ھە! ؟

- پۇلۇڭ جىق بولسا ھەر بىر ئۆيگە پاقىلدىتىپ بىر كاللەكتىن تاشلىمامسەن. مانا، ياخشىلىق دېگەن. خەقنىڭ بىر ئوبدان ناماز ئوقۇۋاتقان مەسچىتى بىلەن ھەپىلىشىپ نېمە قىلىسەن!

- باي نەدە، ۋاي شۇيەردە. توۋا دەڭلار، كىم سىلەرگە پاقىلدىتىپ بىكارغا پۇل تاشلاپ بەرگۇدەك؟ . . . مانا، ئاباس بايۋەتچىنى بىلىسىلەر. شەھەرنىڭ يېڭى بايلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوقتى. پۇلنى تاپتى، تاپتى، ئاخىرىدا، ھەممىنى قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋېتىپلا قاراپ ئولتۇردى. ھازىر ئۆزىمۇ بىرنانغا زار. . .

- مېنىڭمۇ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، - دېدى باياتىنبېرى باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈنچىقماي ئولتۇرغان بىرەيلەن ئېغىز ئېچىپ،- بۇ گەدىنىگىچە چاچ قويغان ئەپەندىم قانداق قىلىپ كونا مەسچىتكە پۇل خەجلىمەكچى بوپقالدى؟ . . . مانا، پالانچى كېلىپ زاۋۇت قۇردى، دۇكان ئاچتى؛ پۈكۈنچى كېلىپ شەھەرگە كاتتا مېھمانخانا سالدۇردى. بۇ دېگەن مەسچىتتە!

- ئىشكنى توراپ، نامازغا كىرگەنلەرگە بېلەت ساتامدۇ - يە؟

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

- سىلەر ئاڭلىمىغانمۇ؟ - دەپ سۆز ئالدى يەنە بىرەيلەن، - ئاشۇ خارابىلىقنىڭ ئۆزى بۇرۇن كاتتا شەھەر بولغانىكەن. بۇشەھەرنىڭ پادىشاھى بەكمۇ قورسىقى تار ئادەمتىكەن. ئۇلەر ۋاقتى يېقىنلاشقاندا

ئۇ: «مەن ئۆلۈپ كەتسەم، خەزىنىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كىملەر خەجلەپ كېتەر» دەپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. تاشدۆڭنىڭ ئۈستىنى چوڭقۇر كولۇتۇپ، خەزىنىدىكى ھەممە دۇنيانى شۇ يەرگە كۆمۈپ جايلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ ئاق مەسچىتنى سالدۇرۇپتۇ. ئاندىن، بۇ سىرنى بىلىدىغان بارلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپتۇ. ئاخىرىدا شەھەرمۇ خارابىلىشىپ، بۇ ئەتراپتا ئاق مەسچىتتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىكەن...

– ھىم!... گەدىنىگىچە چاچ قويغان ئەپەندىمنىڭ ئاق مەسچىتنى بۇزۇپ باشقىدىن سالماقچى بولغان غەرىزى ئەمدى ئايدىڭلىشىپ قالدى. قارىغاندا، بۇ ئەپەندىم ئاق مەسچىتنىڭ تارىخىنى خېلى پىششىق بىلسە كېرەك. مەسچىتنى بۇزۇپ، ئاستىدىكى خەزىنىنى ئۆزى جايلاپ، بىزگە قۇرۇق مەسچىتتىن يەنە بىرنى سېلىپ بېرىپ قويۇقنى خادا قىلماقچى ئىكەندە!

– مەسچىتنى باشقىدىن سالغان بىلەن، ئىچىدىكى ئون ئىككى تۈۋرۈكنى ساقلاپ قالغۇدەك، – دەپ سۆز قىستۇردى بىرسى.

– شۇ ئون ئىككى تۈۋرۈكنىڭمۇ ئىچى كاۋاكمىش. پادىشا تۈۋرۈكلەرنىڭ ئىچىگە لىققىدە ئالتۇن تىققۇزۇپ ئۆرە قىلغۇزغانىكەن، – دەپ سۆزنى ئاياغلاشتۇردى بايىقى ھېكايىنى ئېيتقان كىشى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ، كۆزلىرى پارقىراپ قالدى. «ئەجەب ئاشۇ ئۇيەر-بۇيەرلىرىگە قوپال مىخلار قېقىلغان، جامائەت ھەركۈنى كىرىپ سەللە-پاي، چاپان-چارىلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان تۈۋرۈكلەرنىڭمۇ ئىچى لىققىدە ئالتۇن بولسا-ھە!...»

* * *

شۇ كۈنى، سۈتتەك ئايدىڭ كېچە بولدى. ھېچكىمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. كىملەرنىڭ قانداق يوللار بىلەن بېيىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ جاھاندا، ھەممىنىڭ كاللىسىدىن تۇيۇقسىز بېيىپ كېتىش خىيالى تۇماندەك ئەگىپ نېرى كەتمەيتتى... تۈن يېرىملاشقاندا ئىتلار قاۋاپ، كەتمەن-گۈرجەكلەرنىڭ نېمىلەرگىدۇ تېگىپ جاراڭلىغان ئاۋازلىرى تاڭ يورۇغىچە بېسىلمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تاھىر ئەپەندىنىڭ پىكاپى سىلىق مېڭىپ تاشدۆڭگە چىقىپ كەلدى. ئۇ، ئاق مەسچىت يېنىغا يېتىپ كېلىپ پىكاپتىن چۈشۈپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالدى. مەسچىت پۈتۈنلەي ئۆرۈلگەن بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭ خىش-كېسەكلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ، تۇپىلىرىنى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچىلىك ئالدىراش ئىدىكى، ھېچكىمنىڭ تاھىر ئەپەندىگە قارىغۇدەك چولىسى يوق ئىدى. كۆزلىرى قانغا تولغان ھالدا قەيەرلەرنىدۇر كولايتتى، بىر-بىرىدىن نېمىلەرنىدۇ قىزغىنىشاتتى. مەسچىتنىڭ ھېلىقى ئون ئىككى تۈۋرۈكمۇ پارە-پارە بولغان ھالدا يە[...] ياتاتتى...

تاھىر ئەپەندى بېشى قايغاندەك بولۇ[...] سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىد[...] ئۇنىڭ بېجىرىم تۇرغان چىرايىغا قورۇقلار چۈشۈپ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقاردى. ئاق مەسچىت بىلەن تەڭ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەقىدىسىمۇ بەربات بولغانىدى.

2000-يىل، ئۆكتەبىر، غۇلجا

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات – سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر قۇربان ماموت(M1)    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر رىسالەت مۇھەممەت(M2)

# ئىككى قىزبېشى① رىۋايىتى

(ھېكايە)

ئابدۇسالام قاشتېكىن



بۇنى ھېكايە ئەمەس، بەلكى رىۋايەت دەپ چۈشەنگەيسىز.

— ئاپتوردىن

ئۆلۈم ئىنسان ئۈچۈن ئەبەدىيلىككە سوزۇلغان تېپىشماق. ئەزرائىل خۇددى قوغۇنلۇققا چۈشكەن ئوغرىدەك چوڭ — كىچىك، توك-پىشىق دېمەي خالىغاننى ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ. مەرھۇم ئوقۇتقۇچىمىزنىڭمۇ شۇنداقلا كېتىپ قېلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟

ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە سۆرەتتىن ئۆتىدىغان شىۋىرغاندا توڭۇپ — تىترەپ مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا كىرىشىمگە بىر خىزمەتدىشىم:

— ھوي، ئابدۇسالام، ئەرئېلى مۇئەللىم قازا قىپتۇ، بېشىڭلىغا شەپكە كىيىۋېلىڭلا، بىرىپ كېلەيلى، - دېدى ئۇ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» نىڭ ئورنىغا. چىرايىدىكى ئۆكسۈرۈنلۈك دەۋاتقانلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، لېكىن. . . بۇ گەپكە ئىشىنىش؟ . . . تېخى ئاخشاملا ئۇ مەكتەپ نۆۋەتچىخانىسىدا بەخىرامان شاھمات ئويناپ قېپقالغان تۇرسا. . .

— چاقچاق قىلمايدىغانسىلە؟

— خۇدايا تۇۋا دەڭلا ئاداش، ئۆلۈم ئىشىدىمۇ چاقچاق قىلامدىمەن؟

— قاچان قازا قىپتۇ؟

— تۈنۈگۈن كەچ شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا — سائەت سەككىزلەردە ئۇشتۇمتۇت كېسەل تېگىپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ نۆۋەتچىكەندۇق، يېنىدا مەمەت بىلەن جۈمەنىيازمۇ بار ئىكەن، ئۇلار ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكەپتۇ، لېكىن ئۇ يولدا نەپەستىن قالغانىكەن. . .

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگىنىمچە شەپكە ئىزدەپ ماڭدىم. بایاتىن مەكتەپ ئالدىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا يىغىلىشىۋالغان بىر نەچچە دېھقان ئىچىدىكى بىر قۇچاق پاسار② كۆتۈرۈۋالغان يېشى چوڭراق بىرسىنىڭ مېنى كۆرۈپلا:

— مانا ئەمەسمۇ؟ بۇ مۇئەللىملەرمۇ ئۇقمايدۇ ئەمەسمۇ بۇ ئىشلارنى تېخى، مانا باشتاق③ كەپتۇ ماۋۇ مۇئەللىممۇ، — دېگىنىچە ھويلىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنى يادىمغا كەلدى. ئۇ چاغدا مەن ئۇ گەپلەرگە ئانچە بەك دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدىم.

شۇنداق قىلىپ، يىغلاپ — قاقشاپ مەكتىپىمىزدىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىمىز ھەم ھازىرقى كەسپدىشىمىز ئەرئېلى مۇئەللىم بىلەن ۋىدالاشتۇق. مەكتەپ مۇدىرىمىز ئەتە بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى بامداتقا ئۈلگۈرۈپ بەلقۇم مازىرىغا بېرىپ مەرھۇم كەسپدىشىمىزنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتنىشىپ «جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش» ھەم مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ قايتىشقا ئورۇنلاشتۇردى. دېگەندەك، تەسىرىمىز ياخشى بولغانمىش، تېخى خەقلەر: «ئوقۇتقۇچى دېگەن خەقمۇ پات-پات ئۆلۈپ تۇرسا بولغىدەك، بولمىسا مەسچىتنى تاپالمايدىكەن» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىشىپتىمىش. بۈنىڭغىمۇ: «بوپتۇلا، ھەرنېمە دېسە دەۋالسۇن،

ئۆزىنىڭ ئاغزى» دېيىشىپ تۈگۈلۈپ يۈرۈۋەردۇق.

ئەرزبىلى مۇئەللىمنىڭ يەتتە نەزىرىسىگە قازان ئاسقان كۈنى ھەممىمىز مەرھۇمنىڭ ئۆيىگە پاتىھە ئوقۇدۇق. باياتىن يولدا كەلگۈچە خىزمەتدىشىمىزدىن بىرسى: «سۈرەتەبارەك» نى بىلىمەن، دېگەنتى، سۆپىغا چىقىپلا سىياسىي مۇدىرىمىزدىن ئەندىكتىمۇ، ئەيتاۋۇر، قاراڭغۇدىكى سايىدەكلا جىمىۋالدى. . .

پاتىھەدىن كېيىن ھازىدارلار سالاسۇن شادىلىرى④نى كۆتۈرۈشۈپ مازار بېشىغا ماڭدى. بىزمۇ ئۇلارغا ئەگەشتۇق. مەرھۇمنىڭ تۇپراق بېشىدا كەكەساقال قارىم«سۈرەتەبارەك» نى مۇڭلۇق ئاۋازدا قىرائەت قىلدى. ئاخىرىدا ھەممىمىز دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئۆزىمىز بىلگەن يەدىدە ئۆزۈن دۇئا قىلىشتۇق. دۇئادىن كېيىن ياغاچچىلار سالاسۇننى قۇراشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئارىمىزدىن بىرى سالاسۇن شادىلىرىغا رەتلىك چېكىپ ئېسىپ قويۇلغان ھەرخىل رەڭدىكى تۇمارلارنى كۆرۈپ، قارىمدىن سورىدى:

- قارىم، ئاۋۇ تۇمارلارغا پۈتۈلگىنى نېمە؟

- ئاللانىڭ توقسان توققۇز ئىسىم - سىفاتى.

- نېمىشقا ئۇنى بۇ يەرگە ئېسىپ قويىمىز؟

- كىتابلاردا: «مۇشۇنداق قىلسا مۇردىغا قەبرىدە ئەمىنلىك بولىدۇ» دېيىلگەن. . .

سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن قارىم بىزگە:

- ھەرقايسىلىرى بۇ يەردە تۇرۇپ ئەمدى ئاۋارە بولۇپ قېلىشىلا، شۇڭا ئاستا قايتىشسىلا، بىز سالاسۇننى قۇراشتۇرۇپ بولۇپ كەينىلىرىدىن يانىمىز، - دېدى.

ئوقۇتقۇچىلار بۇنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغاندەك بىردىن - ئىككىدىن قايتىشقا تەمشەلدۇق.

- ھوي ئابدۇسالام، مۇشۇ مازارغا يېقىنلا يەردە بىر ئالتۇن بۆشۈك بارمىش، ئۇنىڭدا بىر بوۋاق ھېلىھەم يىغلاپ ياتارمىش، سىلە ئۇنى ئاڭلىغانمۇ؟- دېدى يېنىمدىلا كېتىۋاتقان خىزمەتدىشىم ھەسەن.

- راستىمكەن؟

- راستىمىش، مەن بۇ گەپنى بوۋامدىن ئاڭلىغان.

- بوۋاڭلا كۆرگەندىن بۇيان ئۇ بۆشۈك جايىدا تۇرىدىمۇ-يوق، ئۇنى كىم بىلىدۇ، تېخى خەقلەر ئۇنى ئوغرىلاپ ئاپىرىپ سېتىپ خەجلەپ بولدىمۇ؟ - چاقچاق قىلدىم ئۇنىڭغا.

- ياق، ئۇ بۆشۈك بارغۇ، زەيداننىڭ⑤ ئېچىدىمىش، ساپ نىيەت بىلەن قارىسا كۆرۈنەرمىش، لېكىن ئۇنى سۆزگىلى قول سۇنسا يوقاپ كېتەرمىش.

- بۆشۈك بار يەر نېرىمىدۇ؟

- مۇشۇ بەلقۇم مازاردىن يېرىم سائەتتە بېرىپ بولغىلى بولىدۇ، دېگەندەك قىلغان.

- ئۇنداق بولسا، ساپ نىيەت بىلەن بېرىپ بىر كۆرۈپ كەلمەمدۇق؟

- شۇنداق قىلامدۇق ئەمىسە؟

- شۇنداق قىلايلىچۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەسەن ئۇ يەرنى ئۇنىڭ-بۇنىڭغا تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى، لېكىن ھېچكىم پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى، ھەتتا ئىككىمىزنى ئەخمەققە چىقاردى.

قانداق قىلىمىز؟ - ھەسەن ماڭا قارىدى.

- ئىككىمىزلا بارايلى.

- ناۋادا تاپالمىساقچۇ؟

- تاپالمىساق: «تاپالمىدۇق ئەينا» دەپ يېنىپ كېلەرمىز، تاپالىساق، كۆرۈپ كېلەرمىز.

- ماقۇل، مېڭىڭلا ئەمىسە.

- تازىمۇ بىر خەقكەن بۇ، - دېدىم كېتىۋېتىپ، - ئامېرىكىغا بارايلى دېمىگەندىكىن بارسا نېمە بولىدۇ؟

- دېمىسىمۇ، ئوقۇتقۇچى دېگەن بىر ئۆمۈر ئىشلىسىمۇ ئامېرىكىنى ساياھەت قىلغۇدەك پۇل تاپالامتى.

- توخۇغا دان چاچقاندەك بېرىلىدىغان ئازغىنا مائاش، تېخى ئۇنىڭ ۋاقتىدا بېرىلمەيۋاتقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مائاشنىڭ چىقىدىغان يېرىگە قۇرۇپ قويۇلغان قىسماقلارنىڭ تولىلىقى، ماراپ ياتقان ئوغرى مۈشۈكلەرنىڭ جىقلىقى. . .

- ھوي! ھەسەن، ئابدۇسالام نەگە ماڭدىڭلار؟ !

- بىرسىنىڭ بىزنى قىچقارغان ئۇنى ئاڭلاندى. قارىساق، 2-دەرىجىلىك ياردەمچى ئىلمىي مۇدىرىمىز بىزگە تۇۋلاۋېتىپتۇ.

- زەيداندىكى ئالتۇن بۆشۈكنى كۆرۈپ كەلگىلى، - جاۋاب قايتۇردى ھەسەن.

- توختاڭلار بىزمۇ بىللە بارىلى.

- مېڭىڭلا، يېنىپ ئۇلار بىلەن بىللە بارىلى، ئۈچچە بارساق تېخى ياخشى ئەمەسمۇ؟

- بىللە بارىلى دېسە، نېزىقىشىدۇ بۇ ئاغىنىلەر، ماڭغىنىمىزنى كۆرۈپ بارغۇسى كەپقالدى. . . - دەپ غۇدۇرىغىنىمچە ئۇنىڭغا يەنە ئەگەشتىم.

- نەدىكەن ئۇ ئالتۇن بۆشۈك؟ - سورىدى خىزمەتدىشىمىز مۇھەممەتئېلى بىز توپقا قايتقاندىن كېيىن.

- مۇشۇ زەيدان بويىدىمىش.

- ھە، مەنمۇ ئاڭلىغان.

- ھوي، ئاغىنىلەر، بىز ئالدى بىلەن ئاۋۇ شىرئەلى قارىمدىن سوراپ باقايلى، ئاندىن ھەممىمىز ئۈچچە بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى، قانداق دېدىم،- دېدى ئارىمىزدىن بىرسى.

- ياخشى گەپ. . .

- ئوبدان گەپ بولدى. . .

- شۇنداق قىلايلى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى قولىنى كانايچە قىلىپ توۋلىدى:

- ھوي شىرئەلى قارىم، مايەرگە كەلسىلە!

قەبرە بېشىغا توپا دۈۋىلەۋاتقان شىرئەلى قارىم ئوپۇل - تopۇل يېنىمىزغا كەلدى.

- مۇشۇ ئەتراپتا بىر بۆشۈك بار، دەپ ئاڭلىدۇق، راست بارمۇ؟

- بار، راست بىر ئۇلاق⑥ بار.

- ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟

- مۇشۇنداق 50مېتىرچە ماڭسىلا، - ئۇ قولى بىلەن غەرب تەرەپنى كۆرسەتتى، - چوڭ دادامنىڭ قەبرىسىگە بارغىلى بولىدۇ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىرئاز ماڭسىلا چوڭ دادامنىڭ بوۋىسىنىڭ بېشى بار، ئۇنىڭ يېنىدا بىر چىغىر يول بار، شۇ چىغىر يول بىلەن مېڭىپ زەيدانغا چىقىپ باش تەرەپكە قاراپ بىر ئاز ماڭسىلا يېتىپ بارىلا.

- رەھمەت، بىز ئۇ يەرنى بىر كۆرۈپ كېلەيلىمىكىن دېگەن. . .

- ئوبدان بوپتۇ، خەيرلىك ئىش قىپلا.

بىز ھەممىمىز يولغا چىقتۇق.

- ھەي، توۋا دەيمەن، ئۇ بۆشۈك بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ - سوراپ قالدى ئارىدىن بىرى.

— ئۇ، بۆشۈك ئەمەس، ئۇلاق، — دېدى مۇختار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ.

— ئۇلاق؟ !— ھەممىمىز تەڭلا ئۇنىڭغا قاراشتۇق.

— مەن مۇنداق بىر گەپ ئاڭلىغان، — دەپ گەپ باشلىدى مۇختار، — بىزنىڭ مەھەللىدە تىكەندەك يالغۇز بىر تۇل ئايال بار ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى، ئۇ مىڭبىر جاپادا بېقىۋاتقان قويلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر قوچقارنى ئوغرى ئاپتۇ. ئايال ھەرقانچە يىغلاپ-قاقشىغىنى بىلەن قوي خېلى ئۇزۇنغىچە تېپىلمىدى. بىر كۈنى كېچىسى چۈشىدە ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىدە لەپىلدەپ تۇرۇدىغان، قاشلىرى كۆزىنى، كىرپىكلىرى يۈزىنى ياپقان، باشتىن ئاخىر ئاپئاق كىيىنگەن، يوغان سەللىلىك خىزىر سۈپەت بىر بوۋاي ئۇنىڭغا: «بەلقۇم مازارغا بىر قارا توخۇ ئاپىرىپ قان قىلىپ بىر كېچە ئېسىلىپ يىغلاپ تىلىسىڭىز، دۇئايىڭىز ئىجابەت بولغاي» دەپتۇ. دېگەندەك، ئايال شۇ ئىشنى قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېلىقى گۇماندار بىر كېچىدە ئۇن - تىنسىزلا ئۆلۈپ قالدى. ماڭا ئۇ ئايال شۇ گەپنى دەپ بېرىۋاتقاندا: «مەن راستلا چۈشۈمدە خىزىرنى كۆرگەن» دەپ سۆزلەپ كەتكەنىدى. سۇلتانىم ۋاقتىدا كۇففارلار بىلەن بولغان بىر جەڭدە قاتتىق يېڭىلىپ قورشاۋغا چۈشۈپ قاپتۇ، قورشاۋدىن ئىككى قىزى بىلەن ئۆزىلا قۇتۇلۇپ قېچىپ چىقالىپتۇ. ئۇلار قېچىپ مۇشۇ يەرگە يېقىنلا بىر يەرگە كەلگەندە ياۋلار ئۇنىڭغا يېتىشىۋاپتۇ. سۇلتانىم قىزلىرىغا: «تېز قېچىپ جېنىڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار» دەپ قىزلىرىنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز ھالدا دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قېپقاپتۇ. ئىككى قىز قېچىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ھېرىپ - ئېچىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتلىرىغا يەم بەرمەكچى بولۇپ توختاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا دۈشمەن ئۇلارغا يېتىشىۋاپتۇ ۋە ئۇ ئىككىسىنى قەتل قىلىشىپتۇ. بۇ ئۇلاق ئۇلارنىڭ ئېتى بوغۇز يېگەن ئۇلاقمىش، ئۇنىڭ ئاستىغا بۇ ئىككى قىزنىڭ بېشى دەپنە قىلىنغانمىش. . .

— ئۇنداق بولغاندا، مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ بېشىمۇ بار ئىكەن - ھە!

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — مۇختار گېپىنى توختىتىۋالدى.

— ئۇ ئىككەيلەن بۇ يەردە ئاتايىتەن توختىغىنىدىن قارىغاندا، بەلكىم ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەردە بىر كاتتا دەڭ بولغان بولسا كېرەك، بولمىسا، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇلار ئۇلاق كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بولالمايدۇ - دە!

مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا ئۇ يەرگە يېتىپ باردۇق. راستلا بايىقى رىۋايەتتىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن ھەممىمىزنىڭ ئۆيىدە بار ياغاچ ئۇلاق كۆزىمىزگە چېلىقتى. ئۇلاقنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز دۇئاغا قول كۆتۈردۇق. كۆز ئالدىمىزدا ئاددىيغىنە بىر ئۇلاق، ماڭا ئۇنىڭ يېنىدىكى باغلانچىلىرى چۈۋۈلۈپ كەتكەن بىر قۇچاق قۇرۇق شاخ ئاشۇ شەھىدلەرگە شاھىد بولۇپ مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك بىلىندى.

كەچقۇرۇن ئۆيگە كېلىپلا مەھەللىمىزدىكى، ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپ يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتقان تۇل مومايىنى يوقلاپ چىقتىم. ئۇ مېنىڭ: «بۇ ئەتراپتا شەھىدلىك بارمۇ؟» دېگەن سوئالىمغا ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىنى تولىمۇ ئۇزۇن، لېكىن تاققا - تۇققا گەپلەر بىلەن سۆزلەپ بەردى:

— باغچىدىكى⑦ مازاردا شەھىد بار دېيىلىدىكەن. ئىلگىرى شەھىدخوجامنىڭ بېشىدا بەش - ئالتە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز ناھايىتى يوغان قاپاق تېرەكلەر بار ئىكەنمىش، «پولات تاۋلاش» ۋاقتىدا مۇئەللىملىكتىن چىققان ياش بىر باشلىق ئۇنى كېسىشكە بۇيرۇق بېرىپتىكەن چېغى، شۇ كېچىسى ئۇنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس بوپقالدى، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئۇ ئۈن-تىنسىزلا ئۆلۈپ قالدى. . . مۇشۇ ھېلىقى ئىمامىي ئاسىم، ئىمامىي جەئفەرىي سادىق، يالغۇز ئوغۇل پاششىم دېگەندەك خوتەندىكى ئون ئىككى ئىماملىرىمىزنىڭ بېشىنى زىيارەت قىلغۇچىلارمۇ ئالدى بىلەن باغچىدىكى ئاشۇ مازارنى⑧، ھاتتادىكى بەلقۇم مازارنى ⑨، گۈللۈك مەيداندىكى بەلقۇم مازارنى تولۇق زىيارەت قىلىپ ئاندىن يولغا چىقمىسا، زىيارىتى قوبۇل بولماسمىش. خوتەندىن ھەجگە بارغانلارنى ھەرەمدىكىلەر: «سىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ئۇلۇغ جايىڭلار خوتەندە شۇنداق جىق تۇرسا، بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟» دەپ ئەيىبلەرمىش. . .

مەن ئاستا قايتىپ چىقتىم. سۇلتانىم، ئىككى قىز، باغچا مازار، بەلقۇم مازار. . . دېگەندەك ئۇقۇملار نەرىمدىدۇر يېيىلىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمچە خۇشھال بوپقالدىم. خىيالىمدا تورىم گېنېرال كىملەرگىدۇر سۆزلەۋاتقاندەك قىلاتتى: « مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جايدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنى، خەلقى ۋە تارىخىغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببىتى قالمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندا، پۇقرالار ئۇستۇبشى جۇل - جۇل، ئاچ - يالىڭاچ سەرگەردانلارغا ئايلىنىدۇ، مۇنداق كىشىلەردە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ئىستەك بولمايدۇ» . مەن ئەتراپقا سىلكىنىپ قاراپ قويدۇم، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

## يەرلىك سۆزلەرگە ئىزاھات

①بېشى - قەبرىسى دېگەن مەنىدە. ② پاسار - قوناق شېخى. ③ باشتاق - يالاڭباش. ④ شادا - كېۋەز شېخى، بۇ يەردە ئۇ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن. ⑤ زەيدان - زەي ئېقىتىش ئۈچۈن مەخسۇس چېپىلغان ئۆستەڭ. ⑥ ئۇلاق - ياغاچتىن ياسالغان، ئۆي ھايۋانلىرىغا يەم بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۇسكۈنە، بۇنداق ئۇسكۈنە ئادەتتە ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرسى، ئوقۇر، بۇ ئادەتتە ئات، قېچىر، ئېشەك قاتارلىق تاق تۇياقلىق ھايۋانلارغا يەم بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ، توم ياغاچلاردىن ئويۇپمۇ ياسىلىدۇ؛ يەنە بىرسى، ئۇلاق، بۇ ئادەتتە قوي، كالا قاتارلىق قوش تۇياقلىق ھايۋانلارغا يەم بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ پۇتى قىسقا بولىدۇ ياكى بولمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، يالاق، بۇ، ئىت، مۈشۈك قاتارلىق يەمنى يالاپ يەيدىغان ئۆي ھايۋانلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ھازىر ئىت، مۈشۈكلەرنىڭ يوقىلىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ يالاق ئىشلىتىش ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدىكى رىۋايەتتە ئوقۇر ئەمەس، ئۇلاق ئىشلىتىلگەندىن قارىغاندا، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، ئۇ يەردە دەڭ ئەمەس بەلكى قويچىلارنىڭ ئېغىلى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ⑦، ⑧، ⑨ جاي ناملىرى.

---

ئاپتور: (ئابدۇسالام قاشتېكىن - ئابدۇللا سالامەت) قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# ئۆي توشقىنى ۋە ياۋا توشقان

(ھېكايە)

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

قانۇن ئورگانلىرى قورال - ياراقلارنى يىغىۋالغان ۋە ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئورۇنلىرى قارچىغا تۇتۇشنى چەكلىگەندىن بۇيان مەھەللىمىزگە بىردىنلا ياۋا توشقان يامراپ كەتتى. ئېتىز - باغلاردا، يوللاردا ئۇلارنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرۇش مۇمكىن ئىدى. بەزى كىشىلەر ئانچە- مۇنچە قىسماق قۇرۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىسماققا چۈشكەنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ ئۆلۈۋالغاچقا، قىسماقمۇ تاشلىنىپ قالدى. چۈنكى قېنى ئېقىپ كەتمىگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايتتى.

شۇ سەۋەبتىن توشقان گۆشىگە ئامراقلار ئاساسەن ئۆي توشقىنى باقىدىغان بولدى. ئۆي توشقىنى ياۋاش ۋە مۇلايىم بولۇپ، ئۆۋىسىدىن چىقىپ كەتسە ئادەتتە قوغلاپمۇ تۇتۇۋالغىلى بولاتتى. تۇتۇلۇپ قالمىغان تەقدىردىمۇ ئۆي ئەتراپىدىن يىراق كەتمەي ئايلىنىپ يۈرەتتى، بىر مەزگىلدىن كېيىن قارىساڭ، ئاشۇ چىقىپ كەتكەن بىر-ئىككى توشقان نەچچە ئون بوجىنىنى مەھەللىگە تېرىۋەتەتتى. ئۇلارنىڭ سىمىزلىرىنى بىر تەرەپتىن تۇتۇپ يېگەچ تۇرساڭ، قالغانلىرى يەنە كۆپىيىپ ئۆلگۈرەتتى.

شۇڭا، مەنمۇ ئانچە - مۇنچە ئۆي توشقىنى بېقىپ قويغانىدىم. لېكىن ئايالىم توشقان گۆشىگە ئۆچ بولغاچقا، ئۇ توشقانلارنى ئاساسەن ھاراققا زاكۇسكا قىلاتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بەك كۆپىيىپ كېتىپ، يېقىن - يورۇقلىرىمغىمۇ بىر نەچچە جۈپتىن بېرىۋەتتىم.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن شەھەردىن ماشىنام بىلەن يالغۇز چىقىۋېتىپ، مەھەللىمىزنىڭ بېشىدىكى توغراقلىققا كەلگەندە ماشىنىنىڭ كۈچلۈك چىراغ نۇرىغا تىكىلىپ تۇرغان بىر ياۋا توشقاننى كۆرۈپ قالدىم. توشقان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ قاچىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ياۋا توشقاننىڭ كۈچلۈك يورۇقلۇقنى كۆرگەندە قاچمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا دەرھال ماشىنىنى تورمۇزلىدىم ۋە چىراغ خىرەلىشىپ قالمىسۇن، دەپ لوم تۆمۈردە مايىنى بېسىپ قويۇپ ماشىنىدىن چۈشتۈم.

توشقان قاچمىدى، ئۇنى ئوڭايلا تۇتۇۋالدىم. لېكىن قولۇمغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن چىرقىراپ، يۇلقۇنۇپ قوللىرىمنىڭ نەچچە يېرىنى تاتىلاپ قانىتىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى تۇتۇۋالغىنىمدىن خۇش بولۇپ، ماشىنىغا چىقتىم. «شەھەردە كەچ قېلىپ ئوغلۇمغا ھېچنەرسە ئالالمىغانىدىم، ئۇنىڭغا بۇ ياۋا توشقاننى سوۋغا قىلسام، چوقۇم بەك خۇش بولىدۇ» دەپ ئويلىدىم.

مەن ماشىنىنىڭ ئىچىدە توشقاننى قەيەردە قويسام بولار، دەپ ئويلاپ قولۇمغا قارىسام توشقاننىڭ بېشى ساڭگىلاپ قاپتۇ. ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ

باقتىم، توشقان ئالىقاچان ئۆلگەنىدى.

«ئاناڭنى، يا مەن ئۇنى قاتتىق سىقىۋەتمىگەن تۇرسام؟ ! شۇ ھالىغىمۇ جانلىق بوپقاپتىكەن! » ئاچچىقىمدا توشقاننى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ياۋا توشقان دېسە كۆز ئالدىمغا جېنى ئەڭ ئاجىز، يارىماس بىر جانىۋار كېلىدىغان بولدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۆي توشقىنى خېلىلا چىدامىلىق ۋە ئادەمگە يېقىن ئىدى.

شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي تولۇقسىزدا ئوقۇيدىغان ئوغلۇم دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق ئارالچىلاردىن بىر نەچچە ياۋا توشقان تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ ئەسلىدىمۇ توشقانغا بەك ئامراق بولۇپ، بۇ قېتىم بەك خۇش بوپكەتتى. لېكىن بۇ توشقانلارمۇ ئۆلدى. توغرىسى ئۆلۈۋالدى. گەرچە ئوغلۇم بۇ توشقانلارغا ئوتياش - چامغۇر، بىدە - پاسار، غازاڭ - غوزۇڭ دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ھەتتا ئۆزى يەۋاتقان پولۇ - لەغمەنلەرنى سېلىپ بەرسىمۇ يېمەي قويدى. ئاخىرى ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىنى ئۈچ كۈنلا ياشىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغلۇمنىڭمۇ ياۋا توشقانلاردىن رايى يانغان بولسا كېرەك، تام قوشنىمىزنىڭ ئوغلى تۇتۇۋالغان بىر ياۋا توشقاننى مەجبۇرىي قويغۇزىۋەتتى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بۈگۈن ئادىتىم بويىچە ئۈستەلگە مۈكچىيىپ خەت يېزىپ ئولتۇراتتىم، ئىشىك چېكىلىپ، ئوغلۇم كىرىپ كەلدى.

- دادا، مۇئەللىم ئۆي قۇشلىرى ھەققىدە ماقالە يېزىپ كېلىشكە تاپشۇرۇق بەرگەنىدى، لېكىن مەن ئۇلار ھەققىدە يازماي توشقاننى يازغانىدىم، ۋاقتىڭ يەتسە كۆرۈپ باققان بولساڭ.

مەن ئوغلۇمنىڭ ماقالىسىغا قىزىقىپ دەررۇ كۆرۈپ بېقىشقا رازى بولدۇم ۋە ئوغلۇم چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ ماقالىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. ماقالىغا «ئۆي توشقىنى ۋە ياۋا توشقان» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى. مەن: «ياۋا توشقاننىڭ يارىماسلىقىنى يېزىپتۇ - دە؟ ! » دەپ ئويلىغاچ ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«مەھەللىمىزدىكى ياسىن چۈپۈر مەن كىچىك چېغىمدا بالىسى بىلەن تىلەمچىلىك قىلاتتى. گەرچە ئوغلى خېلىلا چوڭ بوپقالغان بولسىمۇ، دادىسى تىلىگەن نەرسىلەرنى يۈدۈپ، دادىسىغا ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ئاڭلىسام، ياسىن چۈپۈرمۇ دادىسى بىلەن تىلەمچىلىك قىلاتتىكەن» .

ماقالىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە: «ئەجەب ماۋزۇسى ئۇيان، ۋەقەلىكى بۇيان ماقالە يېزىپتا، بۇ بالا» دەپ ئويلىدىم، شۇنداقتىمۇ ئاۋۋال ماقالىنى ئوقۇپ تۈگەتمەكچى بولدۇم.

«ياسىن چۈپۈر بۈلتۈر قازا قىپكەتتى، شۇنىڭ بىلەن تىلەمچىلىك قىلىش ئوغلىغا قالدى. بۇ ئوغۇلنىڭ ھازىر ئايالى ۋە ئىككى بالىسى بار. بەزىدە ھارۋىسى بىلەن يىراقلاردىن ئۇنى - بۇنى تىلەپ ئۇنى توشقۇزۇپ كېلىدۇ. يەنە بەزىدە روپاش ئايالىنى كىچىك بالىسى بىلەن ئۆيدە قويۇپ، مەكتەپ يېشىغا يېتىپ قالغان قىزىنى يېتىلەپ ئىشىك ئالدىمىزغا پەيدا بوپقالىدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ ئاتا مىراس«ھۈنەر» ىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئانچە - مۇنچە بىرنەرسە بېرىمىز.

بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى دادام بىر ياۋا توشقان تۇتۇۋاپتىكەن، ھايال ئۆتمەي ئۆلۈۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن دادام ياۋا توشقاننى يارىماس، دەپ ئۈچ كۆرىدىغان بوپقالدى. مەنمۇ بىرنەچچە ياۋا توشقاننى شۇنچە ئەتىۋارلاپ باقساممۇ ھېچقايسىسى كۆنمىدى. بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۆلۈش بولدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇرۇنمۇ ياۋا توشقاننى بېقىپ باققانلار بولغانىكەن، لېكىن ئۇلارمۇ كۆندۈرەلمەپتىكەن.

ھېلىمۇ مەھەللىمىزدە كۆپلىگەن ياۋا توشقانلار ئەركىن - ئازادە يايراپ يۈرىدۇ. كەينىدىن قوغلاپ تۇتۇش زادى مۇمكىن ئەمەس. تاسادىپىي تۇتۇلۇپ قالغانلىرىمۇ ئۆلۈپلا تۈگىشىدۇ.

ياسىن چۈپۈر، ئۇنىڭ دادىسى ۋە بالىسى - ھەممىسى ئۆي توشقىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ، باشقىلار بەرگەننى يەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئەركىن - ئازادە ياشايدىغان شارائىت كەلسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى خالىمايدۇ. باشقىلارغا باش قويۇپ ياشاشنى شەرەپ بىلىدۇ. شۇڭا، مەن ياۋا توشقاننى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ياۋا توشقانلار باشقىلارنىڭ ئازراق نەپلىرىگە ئالدىنىپ بېقىنىپ ياشاشقا كۆنگەن بولسا، ھازىرغىچە تۇمەنلىگەن ياۋا توشقاننىڭ نەسلى ھاراققا زاكۇسكا بولغاندىن سىرت، كۆرىمىڭلىرى سولاقتا بولغان بولاتتى. ئۇلار يارىماسلىقتىن ئۆلمىدى، بەلكى ئۆزىنى، ئۆز نەسلىنى ئىنسانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمىغانلىقتىن، ئىسسىق جېنىدىن كەچتى. شۇڭا، ھازىر ياۋا توشقانلارنىڭ ھاياتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆي توشقانلىرىنىڭ ئەكسىچە تاغ- داللاردا، باغ - ئېتىزلاردا - ئىشقىلىپ، ئۆزى خالىغان يەرلەردە ئەركىن - ئازادە ياشاپ كەلمەكتە.

ئۆزى خالىغاننى قىلىپ، خالىغان يەردە ئويناشتىن ئارتۇق كۆڭۈللۈك ئىش بولامدۇ جاھاندا؟ ! »

ماقالە تۈگىدى. لېكىن ماقالىنىڭ ئاخىرقى قۇرىدىن خېلى ئۇزاققىچە كۆزۈمنى ئۈزەلمىدىم. چۈنكى ئوغلۇم تەگسىز خىياللىرىمنى باشلاپ، ئاللىقاچان ياۋا توشقانلار توپىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

2000-يىل 15-ئاۋغۇست، قاراقاش - تۈزلۈقئوتاق

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزا تۈزلۇقئوتاق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M1)



# كەچكۈزدىكى باھارنامە

ئىمىن ئەھمىدى

## 1

تارىخنىڭ ئۆتمۈشىدىن ئىگىز ئاچقۇم يوق،
ئۆتكەن كۈن، ئاققان سۇلار يانمايدۇ تەكرار.
زەپەر كۈندۈز كۆكىدىن كۈن ئۆتكەندەك،
شادلىق كېچە ئاسمىنىدىن ئاي ئۆتكەندەك؛
ئەندىشىلىرىم سۆيۈشتە يىتتىپ كەتكەندەك،
ئارزۇلىرىم ھەر سۇبھىدە يارنى كۈتكەندەك،
كەلگۈگە تېۋىنغان دىلىم قاردەك بىغۇبار.
كۆڭۈل سەيناسىدىن غايىب گۈگۈمدىكى داغ،
قاراڭغۇدىكى ھىجران، يورۇقتىكى ئار.
بەختىگە تەۋرىنىدۇ كاككۇك قونغان تال،
خىيالىمنى ئەللەيلەيدۇ جۇدۇنسىز شامال،
كۈلكەمنىڭ شېخىدا بىر ساھىبجامال،
ياپرىقىدا سەلكىن كەبى تۈنەر ئىپتىخار.
بۇ، ھارۋىسى چىغىر يولدا سۇنغان بوۋاينىڭ –
مۇڭلۇق چاناقلىرىغا ئۈنگەن ئىنتىزار.
بۇ، ئەسكى تامدا چاق ئىگىرىپ يۈرگەن
موماينىڭ –
يىكىگە يىپ ئورنىدا تۈرۈلگەن باھار.
ئۆپۈقنىڭ تۈنجى ھۆسنى ئەينەكتەك مانا،
چوققىلاردىن سەكرەپ چۈشكەندەك ئەنھار.
ھۆرلۈكنىڭ چاقمىقى ۋە گۈلدۈرماما،
ئايەم كۆڭۈللىرىدىكى مەشرەپ ۋە ساما،
يەنىلا قۇتۇپ يۇلتۇزى يەنىلا شۇڭقار،
شېھىتلەر ئاپتىپىدىن ئىللىغان زېمىن
بىر قەدىم چۆچەكنى قىلىدۇ ئىزھار.

رېئاللىق كۆز ئۆڭۈمدا ھەربىر رىۋايەت،
مەلئۇن سىرتماقلارنى ئۈزگەن ئەللىك يىل
ئەتتى مېنى مۇقەددەس مەنزىلگە ئەسرار.
ئەقىدە چىن بولغاندا يېرىلارمىش تاش،
تۆمۈر دەرەخلەردىنمۇ ئېچىلارمىش گۈل،
سۆرەلگەن ئىتەكلەرمۇ ياقا بولارمىش،
دەرۋەقە تەكلىماكاندا گۈدۈك ئۈنى بار.
تەڭرىتاغ قاپتىلىدا تۆكۈلگەن ياش،
تىلەنتاغ ئېتىكىدە ياڭرىغان چۇقان،
يۇلغۇن يىلتىزلىرىدا تاپتى بەر قارار.
شۇڭا گاداي كۆلبەمدىكى سىخىي چۈشۈمدىن
تەۋەللۇت ھېسلىرىم ئۆمرۈمگە سەردار.
كۆزدىكى يامغۇر يەڭلىغ كەچۈرمىشلىرىم
مېنى يېڭى ئەسىرگە ئۈندەيدۇ ھەر بار.

لېكىن ئازغۇن مۇساپىلەر چىقمايدۇ ئەستىن،
قايمۇققان بورانلاردىن كەلگەن پاجىئە،
ساۋاق مېنى تۆۋىلەرگە ئەيلىدى دەركار.
ساختا شۆھرەت ئادەملەرنى قىلدى تەلۋە،
بىر مويەردىن ئالدۇق ئەللىك مىڭ جىڭ ئاش،
قازانلارنى كۆيدۈرۈپ چىقاردۇق داشقال،
ئاران تۇردۇق بىر-بىرىمىزنى يەۋەتكىلى،
گادايلىق مېھمان بولدى ئۆينىڭ تۆرىدە،
تاس قالدى ئاتقان ئوقلار كەتكىلى بىكار.
ۋىسال بوھرانلىرىدىن ۋەيران ئەقىدەم
بىر ئۇلۇغ مۇئەممانى قىلدى ئىختىيار.

ھەرنە ئارمان يەم بولدى پۇشايمانغا،
پەزىلەت چېكىسىگە ئۇندى تىكەنلەر،
نادانلىقتىن دوقمۇشلارغا تىكلەندى مۇنار.
ۋادەرىخ، تۇپراق بىزنى ياراتتى، يارالمىدۇق ھېچ،
يارالمىغانغا ئەمەس ئىدى تۇپراق سەۋەبكار.
ئەمدى بىلدىم كەمبەغەلگە جەننەت يوقمىش،
پەرىشتىلەر تارقاتمايمىش گۇۋاھنامە،
ئىككى دۇنيا ئۆز ھالىغا ئۆزى جاۋابكار.
شۇ ۋەج قورقمەن ئارقامغا قاراپ مېڭىشتىن،
ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك كەينىمدىن جىنلار،
شۇ ۋەج ئىلھام ئىزدەيمەن جەڭدىن-چېلىشتىن.
بىر قېتىملىق ئازاب، بىر قېتىملىق كۈچ،
بىر قېتىملىق تولغاق بىر قېتىملىق ئوت،
بىر قېتىملىق ئۆلۈم بىر قېتىملىق جان،
قايتىدىن تۆرەلسە دەيمەن سۆيۈملۈك دىيار.
شۇ ۋەج قېرىنداشلارغا تۇتىمەن شاراب،
ئەجدادلاردىن ھەممىمىزگە سۆيگۈ يادىكار.
شۇ ۋەج ھەسرىتىمنى قىلىمەن ئۇرۇق،
شۇ ۋەج يېرىپ بېرىمەن كۆكسى-قارنىمنى،
بولمىسۇن دەپ ئادىمىلىك يەنە شەرمىسار.
كەل دوستۇم، يېڭى ئەسىر ئۈچۈن ئىچەيلى،
مەستلىكتىكى راست گەپكە رەنجىمەيدۇ يار.
جىمى ئىللەت - گۇناھلاردىن بىراق كېچەيلى،
ئەتىكى تاڭ بۇگۈنكىدىن چوقۇم ۋاپادار.

2

ئۈچىنچى مىڭ يىل ھەشەمىسىزلا يېتىپ كەلدى،
چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئۇنىڭ ئەكسى ھەم.
دېدى بارچە: ئەسىر ھالقىشقا يارلىق كەلدى،
بەجايىكى بىر قىزدىن يىگىتكە قارلىق كەلدى،
سائەت، مىنۇتلارنىڭ بوسۇغىسى يوق،
قوغلاپ تۇتۇش ئۈچۈن قاچقان بەختلەرنى
ۋاقىتنىڭ قۇچىقى بىلىندى بەك كەڭ.
تەۋەككۇل دەرياسىغا چۈشتى كېمىلەر،
دولقۇندا ھايات بىلەن مامات تەڭمۇ تەڭ.
قارشى قىرغاق باتۇرلارغا پەقەت بىر غېرىچ،
تەپەككۇر ئۇچىقىدىن ئۆرلىدى يالقۇن،
بەيگە مەيدانى ئىزدىگەن چەۋەندازلار
ئارغىماقلارنىڭ تۆشىنى چىڭىتتى مەھكەم.
بىتەھقىق بۇ قەھرلىك، كەسكىن بۇرۇلۇش،
بۈيۈك بىر ئىنژېنېر باشلاپ بەرگەن جەڭ.
بوش تۇرساڭ چېكىنىش، چىڭ تۇرساڭ بۆسۈش،
خەتەر، پۇرسەت، رىقابەت ئۇندا مۇجەسسەم.
بۇ، غەربىي يۇرت ھۆسنىگە گۈللەش نۆۋىتى،
بىز كۆتۈرمەكچى بولغان شاھانە ئەلەم.
بۇ، زامانىنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋىجدان دەۋىتى،
بۇ، جەزىرىلەردىن چىققان ئىزگۇ بىر نىدا،
تىنىپ كەتكەن ئېرىقنىڭ شىلدىرلاشلىرى،
بۇ، چاڭقىغان لەۋدىكى كونا تەشنالىق،
پايانسىز يايلاقتىكى ئاتنىڭ كىشنىشى،
ئېگىز بىنالاردىكى ئالىي تەسەۋۋۇر،
قارلىغاچلار چىشلەپ ئېپكەلگەن كۆكلەم،
بۇ، دېڭىز بويىدىن قۇملۇققا قاراپ -
ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان رېلىس،
بۇ، شەرقنىڭ كۆركى، مىللەتنىڭ پەخرى،
ئويغانغان ئارسلاندىكى غالىب قەدەم.
كەينىمىزگە قايتىشقا ئىمكان يوق ھەرگىز،
قايتىش ياماشتۇرار كۆزىمىزگە نەم.
قايتىش بىزگە ئالايغان، خەنجەر تەڭلىگەن -
يەلكىمىزدىن باسقان مۇدھىش كۈنلەرنىڭ
جاھالەت گودىكىغا چۈشۈش دېگەن گەپ؛
شۇڭا قاشاقلىق، يەلقاۋلىق تۆشەكلىرىدە
ياستۇق قىلاپ يېتىش مىللەتكە ماتەم.
ئوخشاش ساپ ھاۋادىن بولدۇق ھەمنەپەس،
ئوخشاش غايە بىلەن بولدۇق تەقدىرداش،
مىڭ ئەپسۇس، دېڭىز بويى كۆكنىڭ قەرىدە
باھار ئەركى قاشقوۋۇقتىن ئۆتكەنگە نەۋاق،
ھېلىمۇ بىزنى تاشلاپ ئەتمىدى ئالەم.
ئۆزى تورۇكلاپ چۈشەر ئۈجمە ئەمدى يوق،
ساھىلدىكى بۇژغۇنلار شالالىدۇ قۇمنى.
قۇملۇقتىكى بورانلار تاللايدۇ ئالتۇن،
قورقۇمىسىزلار ئالدىدا داۋانلار تۈز،
قورقۇنچاقلار نەزىرىدە قومۇشمۇ لەھەڭ.
كۆتۈپ ئولتۇرۇشنىڭ پەيتى ئەمەس بۇ،
ئۆرۈلىدۇ كىمكى بىرسىگە بولسا يۆلەنگەن.
جەننەت ئۆتۈپ كەتسە ناۋادا ياندىن،
بۇ غاپىللىقنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ ۋەتەن.

دېمەك ئۈچىنچى مىڭ يىل ھاياتلارنىڭ،
ھاياتلىق ئەمەس يالغۇز جان بىلەن تەن.
ھېكمەتلىك بىر سۆزى بار ئەجدادلارنىڭ:
«قۇش ئىگىسى بىلەن ئادەم مېڭىسى بىلەن.»
بىلەمسەن، تارىختىكى بۇ كاتتا مەرىكە،
ئېسىگە ئەفلاتونىنىڭمۇ زادى كەچمىگەن.
كۆڭۈزىمۇ ئويلىغان ئەمەس يېڭى قەسىرگە
كېلىشىنى «مۇھاكىمە - بايان» ى بىلەن.
يالت-يۇلت قىلىدۇ تىرىك ئادەملەر ئارا
خاس ھاجىپ، دانىشمەندىكى گىگانت قەلەم.
مۇنالىزادىكى سىرلىق تەبەسسۇم ۋە
بىلىكى يوق ۋېناستىكى تەڭسىز بەدەن.
ئەنە لى-بەي كوزىسىغا شېئىر چىلانغان،
بۇ رەت غەرىزى مەي ئەمەس شانلىق ئۆتەڭ.
ئويىچە پىراقىغا قۇياشنى چىللاپ،
گۆرۈدىكى جۇۋىسىنى كىيىپ مەردانە،
بەرمەكچىمىكىن دالالارغا نەزمىسىدىن رەڭ.
نەرەتارتىپ لۇشۇن، پاراغەتتەكۆيۈپ گومورو
كىرگۈزمەكچى مىسرالارغا كلاسسىك تەم.
قەشقەردىن مەھمۇد، خوتەندىن زەلىلىي،
ئىلىدىن بىلال
مۇڭلۇق كۈيلىرى بىلەن كېزىپ سەھرا،
بولماقچى يېپەك يولىنىڭ ئۇلىغا ھەمدەم..
دېمەك ئۈچىنچى مىڭ يىل ھاياتلارنىڭ،
ئۈچىنچى مىڭ يىلغا كىرمەك كېرەك روھ بىلەن.
تەييارغا ھەييار بولساق ھەمىشە لاي سۇ،

تىرىشقانغا غورىدىن ھالۋا، چۆللەردىن زەمزەم.
قارا، جىمجىت ئوكيانلارنىڭ ئىچىدە شاۋقۇن،
سۈكۈتتىكى مايسىلاردا ئۆزگە مۇددىئا.
غازاڭسىز ئورمانلارنىڭ باغرىدا كۈلكە،
پىنھان جىلغىلارنىڭ تېگىدە شاۋ-شۇۋ،
قۇياشتىن يىراق جايلارنىڭ تەكلىرىدە ئوت،
قۇياشقا يېقىن تاغلارنىڭ مۇزىدا گۈلخان.
كىمكى ئۆمىلىسە جەسەت كەبى،
قوبۇل قىلمايمىش ئۇنى ھەتتا جەھەننەم.
شۇڭا يولۋاسلار كىرمەكچى قومۇشلۇققا،
سايدىكى قورام تاشلار بولماقچى گۆھەر.
بوز تورغاي يۇلتۇزلاردىن تاپماقچى شادلىق،
كۆرۈنمەيدۇ بىر چاغدىكى قوغۇنلۇق يولى،
كېچىپلا ئۆتىدىغان كېچىكلەرمۇ يوق،
يانارتاغ بۆشۈكىدە تىترەر دەممۇ دەم،
ئىقبال غۇنچىسىنى قىسماقچى قىرلار،
ئورنىدىن دەس تۇرماقتا مۇشۇ يەردىن
سۆيۈش تاپقان ھەممە گۈل-گىياھ،
سۆيۈش تاپقان ھەر بىر ئادەم...

ئەنە، سېغىنىش قاچىسىدىن ھىجران
ئىچكەنلەر،

تارىخ قوقاسلىرىدا ئۆزىنى پاكلاپ -
ئاداققى مەسلەك ئۈچۈن جاندىن كەچكەنلەر
نامسىز قەبرىلەرنىڭ نامىنى ئەسلەپ،
كۆتۈرۈپ ھەيكەللەردەك بېشىنى مەغرۇر،
يېڭى مىڭ يىلغىمۇ زىننەت بەرمەكچى بۇدەم.
قىيغاچ ئاي كىرمەكچى تولۇن بولۇپ،
ھەتتا مايقوڭغۇزمۇ بولۇپ چولپان؛
خاتا ھالدا دوزاخقا كەتكەنلەر،
جەننەتنى ئالدىراپ ئۇ دۇنيادا كۈتكەنلەر،
نەپسى ئۈچۈن قىيامەت قايىمغا چىنپۇتكەنلەر،
پۇشايمان مۇنچىسىدا تارىنىپ قايتا،
يېڭى تاڭ شەپقى ئىچرە بولماقچى دەرقەم.
قەترە قۇملار كىرمەكچى جۇلالاپ زەر بولۇپ،
ئىجتىھات، پەزىلەت كىرمەكچى ساپ تەر بولۇپ،
سەبىي باللار كىرمەكچى كومپيۇتېردا ئەر
بولۇپ،
يۇمران نوتىلار كىرمەكچى قەيسەر بولۇپ،
يېزىلار كىرمەكچى بازار بولۇپ...
ئەجدادلاردا ھاياجان، شەيئىلەردە نامايىش،
مەنىۋى چۇقان يېڭى ئەسىرگە زۇننار.
لېكىن بىر تىنىقتا تۈگەيدىغان كونا مىڭ
يىلدىن
يېڭى مىڭ يىلغا كىرىش ئەمەس يالغۇز پەم.

3

بىزنى ئۆزئارا ئەزىز ئەتكەن مۇھەببەت،
ئەلنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۆمرۈمگە ئىمكان.
مېنى چوڭ قىلدى گۈلگۈن تۇپراق پەپىلەپ،
چىمەنلەردىن ئادىمىيلىك تاپتىم ئەركىلەپ،
بىلدىم ھايات يەنە كەلمەيدۇ مېنى پەتلەپ،
ئانامدىن قالغىنى ئەبەدىيلىك دەرمان.
شۇ ۋەج قەلبىم قاتلىمىدا ياۋلارغا تۇساق،
ئۇنىڭ مەزمۇتلۇقىغا بىرلىك ئىمتىھان.
تەنھالىقتىن ئۆكۈنگەن ۋۇجۇدۇمدا
ئۇن يەتمەس دالالارنىڭ ئىزناسى بار.
قان تامغان ناخشىلىرىم دوستلۇققا ئېجىل،
ئەقلىمنىڭ ئېتىزلىرىغا ئىشەنچ قوماندان.
تومۇرۇمدا ئىناقلىقتىن پۈتكەن دەريا،
ئاسار-ئەتىقە ئەمەس ۋاپا تامغىسى،
ئالاكۆڭۈللۈكنى ماڭا ھېچكىم ئېيتمىغان.
روھىم چوڭقۇرلۇقىدا ئۆزگە بىر دۇنيا،
مالامەتلەردە ۋەدەمنىڭ بىسى يانمىغان.
ئېتىقادتىن كىملىكىمنى قىلىمەن قىياس،
سارغايغان ۋاراقلاردىن تىڭشايمەن مۇقام.
مېھرىبانلىق بوستانىغا قانمىدىم ئەجەب،
يېگانە نىيىتىم بار بىر ئۆزۈمگە خاس،
خەلقىم نۇسرەت تاپسا كۆتۈرىمەن جام.
كەتكەن باش، سۇنغان بەللەر جىسمىمگە
قۇدرەت،
جەۋلان قىلغان شەلپەر تۇغ بولۇپتۇ چوغلۇق،
خوجايىنلىقتىن تەۋەللۇت بەخت دېڭىزى،
ئايان ماڭا كىملەر تەمكىن، كىملەر پەرىشان!
ئەقىدەمنى تېرىغان پايانسىزلىقتىن
يىغىپ ئالغانلىرىم ئەتىكى نىشان.
قۇشتەك ئۇچۇپ يۈرگىنى مېنىڭ غۇرۇرۇم،
ئۇيقۇ، غەپلەتلىرىم يەر بىلەن يەكسان.
قۇرۇشقا يۈزلەنگىنى بىلىمسىزلىكىم،
بىلىم ئەلۋەتتە يۇرتقا تاج، ۋەتەنگە قالقان.
بىلىم دەپ تۆكۈلگەن ياش ئالتۇن بەئەينى،
شەربىتى پەرزەنتلەرگە سىرقىغان قان.
مەلۇملۇق، كىم تارىختىن كەتتى، تۈگىدى،
يەنە كىمنى نېمە خىسلەت ساقلاپ قالغان!
مەن ئوت ئوغرىلىغان پرومېتېيغا
مۇشتەك چېغىمدىن تارتىپ چوقۇنغان.
ئۇنى قىينىغان بۈركۈتتىن پەرۋايىم پەلەك،
ماڭا بۈركۈت ئىدى پرومېتېي تاغقا قونغان.
بىلىم، ئۆملۈك، ئىشەنچتىن قېرىيدۇ يىل،
بىلىم، ئۆملۈك، ئىشەنچتە چۆللەر گۈلىستان.
ئىككى قىيا ئۆزرە ماڭغاندا ئادىل[1]
قالمىدىمۇ ئېغىزنى ئېچىپ چوڭقۇر ھاڭ!
گەر بولسا رېستوراندا جاننىڭ قىممىتى،
بىرلىرى ئۆيىنى يۆتكەپ كېتەمدىكىن تاڭ؟
جاز مۇزىكىلاردىكى شاۋقۇن تۈپەيلى
ئالمىدەك چىرايلار شامدەك ئاقارغان!
يىگىتلەر شىجائىتى رومكىدا بىھوش،
نېچۇككى زېرىككىشتىن قىزلار ھۆسنى چاك.
بىر بۇلۇڭدا مۆكۈيۈپ ياتقان كىتابلار،
چۈشكۈنلۈككە دورا يېگەن بېتاپلار،
ئۆزقولى بىلەن ئۆزىگە ئورۇلغان مۇشت
قىلماقتا شۇنچە ئىتتىك پاراسەتنى پاك.
خېرۇئىن كونا تېما يازارمەنلەرگە،
پۈتمىدۇ تېخى ئەيدىزدىن يېڭىچە ئاھاڭ.
يىغا بىلەن كەلگەن تۇرۇپ ئانا يەرگە،

---

[1] ئادىل — «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر.

يىغلىيالماي ئۆلۈپ كېتىش ھەممىدىن يامان.
قان سۈدىن ئېغىر ئىدى، مۇھەببەت تاغدىن،
سۈدىن ئېغىر قان بۇدەم ئىشرەتكە ئەسىر،
كۆپۈك بولۇپ لەيلەيدۇ پېۋا ئۈستىدە؛
سۈدىن ئېغىر قانلار باسمايدۇ جىگىنى،
قالمىغاندەك ئوغۇللارنىڭ قېنىدا ئەرلىك،
ئەرزان كۈلۈمسىرەشكە يۈرگەن سوكۇلداپ،
داغدام يولنى گۈڭگا قىلىپ قويغاندەك تۇمان.
تاغدىن ئېغىر مۇھەببەتمۇ پەرھادقا قاپتۇ،
يىگىتلەر شېرىن ئۈچۈن كېزەلمەيدۇ يۇرت،
شۇ ۋەج «يىغلاڭغۇ بۇلاق» تا[1] قورىمايدۇ ياش؛
كۆپۈپ كەتتى ۋاپاسىزلىقنىڭ لۇغەت مەنىسى،
پۇلپەزلىكتىن پەيدا بۈگۈن كۆڭلى قارىلىق،
ئالىي مەكتەپتىن ئەمدى چىققان بەتخەجلەر
نادانلىق پوسمىسىنى كىيدى بىگۇمان.
مەھەللىدە خەت بىلمەسلەرنى يوشۇرۇپ تېخى،
ساۋاتسىزلىق تۈگىدى دەپ ئالىمىز ئىنئام.
ئېلىپنى تاياق دېيەلمەسلىك ئۆتمۈشنىڭ ئىشى،
زامانىۋى كورلۇق بىزگە تەئەللۇق تامام.
ئوقۇش پۇلى بېرەلمىگەن سەھرا قىزىغا
مەكتەپنىڭ مۇدىرىمۇ تېگەر سىڭايان.
نامرات دەپ ئىسپات ئالماق بولسا بەگزادە،
خېلى چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئۆيىگە مېھمان.
گاھى ئوتتۇرا ئەسىرگە ئوقۇيمىز ئايەت،
يوق كەبىي بۈگۈن بىزدە بىرىمۇ قەھرىمان.
يەتتە بوۋىمىزنى ئويلاپ ئاچىمىز ھازا،
بۈگۈنكىلەردىن خۇددى ئۇلار ئۇلۇغدەك،
كۆز ئالدىمىزدا خۇددى ھېچنەرسە يوقتەك؛
بۈگۈن بىزدىن قان ئاقمىغاندەك،
بۈگۈن بىزدىن تەر چىقمىغاندەك،
ئانامىنىڭ چاچلىرى ئاقارمىغاندەك،
تەكلىماكان ھالاك بولغاندەك،
كونا خامانلارغا توقۇيمىز داستان.
ھەر كىشىنى ئۆز-ئۆزىگە خۇدا دەپ قويسا،
كۆتۈرۈلۈپ كېتەمدۇ نېمە ئادەمدىن ئىمان؟

بۇ بىرىنچى ئىلتىجا يېڭى مىڭ يىلغا،
ئىلتىجا يېڭى مىڭ يىلنىڭ تۇنجى يىلىغا،
روھىمىزغا باتۇرلۇقتىن ياسايلى قانات.
بىلىمدىن سۇ ئىچسۇن چاقنىغان ئەقىل،
مەنزىلسىز سەيياھلارنى يەۋېتەرمىش چۆل،
ئادەمنىڭ روھى چۈشسە چاپالمايدۇ ئات؛
ئوكيانلار ھەشەمەتلىك بولسىمۇ قانچە،
يۈكسەكلىكنىڭ شان-شەۋكىتى دەريادا ھامان.
ئويغىناسلىق مەھكۇملۇقنىڭ تېگى-تەكتى،
ئادەم كۆپىيىپ ئادىمىلىك ئازايمىسۇن،
مىللەتنىڭ ئامانلىقى ئەخلاققا مىزان.
تېتىپ باقايلى بىزمۇ چەكلەنگەن مېۋىلەرنى،
مۇشۇ مەقسەت غەربىي يۇرتتا يارالسۇن ئەدنان.
بۆلۈنگەننى بۆرە يەيدۇ، دېگەن گەپ بار،
تىزىمىزدىن ئېشىپ باقسۇن چاپاننىڭ پېشى،
مىليون گەۋدىلەر بولسۇن يانمۇ يان.
تاغلار قۇچاقلاشسۇن،
جەزىرىلەر قايىنىسۇن، تاشسۇن،
ئىجاد ئېكىنىمچىلىك قەپىسىنى چاقسۇن،
قۇياش لەرزان كۈلۈپ باقسۇن،
چوققىلار چوققىلارغا مەيدىسىنى ياقسۇن،
كۆزى يۇمۇلغان بۇلاقلار قايتىدىن ئاقسۇن،
كۆچۈپ يۈرگەن قۇملاردىن ياسالسۇن بارخان.
كارۋانلار يىپەك ئارتىپ ماڭسۇن خاتىرجەم،
يوللار بۇرۇنقىدەكلا تۇتاشسۇن رىمغا.
ئاۋات چاڭئەن كوچىسى چىقمىسۇن ئەستىن،
كولدۇرما ئۈنى چۆللەردە ياندۇرسۇن گۈلخان.
ئىپتىدائىي كەپىلەرگە قەرزدارىمىز،
كۆمۈلمىگەن ئىزلارغا قەرزدارىمىز،
ئىگىسىز قالغان سۆڭەكلەرگە قەرزدار بىز،
«كىرورەن گۈزىلى» گە قەرزدارىمىز،
بىزنى ئۆستۈرگەن تەكتى ماكانغا قەرزدارىمىز،
ئاچقۇچ كۆمۈلگەن بۇ يەر ئاستى بايلىققا تولغان.
يېڭىش ئۆزىمىزدىن يېڭىلىشمۇ ھەم،
خارلىق ئۆزىمىزدىن ئۇلۇغلۇقمۇ ھەم،
بىلىم ئۆزىمىزدىن بىلمەسلىكمۇ ھەم،
ئىقتىدار ئۆزىمىزدىن ئەبگالىقمۇ ھەم،
زاكىمىز بىر تۇپراقتىن يەرلىكىمىزمۇ ھەم،
ئوغۇز سۈتىنى خام ئەمگەنمىز دېگەنلەر يالغان.
روھقا ئەزەل-ئەبەد قىلىچ ئۆتمەيدۇ،
جاۋاھىر سۆزىدۇ ئىنسان ھايات كانىدىن،
بولسا گەر ساداقەتنى يولىغا سالغان. . .

4

كۆزى ئېچىلغان ھەۋۋا قوغلاندى جەننەتتىن،
ئاپىرىدە قىلىپ ھاياتقا ئىجادىي مەزمۇن،
«يۇرتنىڭ بالىسى بىز، ئەلنىڭ ئىگىسى بىز»
دېگەن جۈملە ئانىلارغا بولدى تەسەللى؛
ھەر سۇبھى ۋۇجۇدۇمدا سىمابتەك سېزىم،
يۇرتنىڭ بالىسىغا ئانا بولغانلىق،
ئەلنىڭ ئىگىسىگە ئانا بولغانلىق،
قىزلاردىكى گۈزەللىكتىن بەردى بېشارەت.
ئاۋۋال ئەلگە، مىللەتكە تەئەللۇق پەرزەنت،
شۇ ۋەج مىللەت ئانىلىرى چېچى چۇۋۇلۇپ،
ھۆسنىگە مۇشەققەتتىن سىزىپ خەرىتە،
كوچا-كويدا تىلەپ يۈرسە سەدىقە،
يۇرت بالىسى - ئەل ئىگىسىگە ئەڭ چوڭ
ھاقارەت.
ئۇلار ئۆشىنىسىدە بالا ئەمەس زامانىنى يۈدۈپ،
ئانىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئەلگە تونۇتقان.
ئۇلار قۇچىقىدا بالا ئەمەس ئۈمىد كۆتۈرۈپ،
يېگەن-كىيگىنىنى تامام ئۇنتۇغان.
شۇۋەج يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى يىلىغا
زىننىقىدا ئەركىم ئوينىغان،
تىنىقىدا قەلبىم ئوينىغان،
ئۇلاپ بەرگەن كۆچى بىلەن دەۋرىم ئوينىغان،
بېقىپ بەرگەن مەردلىرىدىن خەلقىم ئوينىغان،
كېچىلىرى ئاق سۈت بېرىپ مېنى ئويلىغان،
يۈرىكىدە قورۇق يوق ئانىلار كىرسۇن.
ھەر كۈلۈشىدە شېئىر تۆكۈلىدىغان قىزلار،

[1] «يىغلاڭغۇ بۇلاق» - قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇلاق.

ھەر قەدەمدىن باھار پۇرايدىغان قىزلار،
جامالىدىن ئاي نۇرىنى تورايدىغان قىزلار،
پەرزەنت ئۈچۈن بېلى پۈكۈلىدىغان قىزلار،
بىلىم بوسۇغىسىدا قىلىپ چارىسىز،
خېنىملارنىڭ ئۆيىدە بولمىسۇن دېدەك؛
ناۋادا ئوغۇللار نائەھلى، قىزلار بىچارە،
ناۋادا دوستلار نامەرد، قېرىنداشلار يات،
ناۋادا شەرمى-ھايا ئۆلۈك، ئەخلاق زەپپانە،
ناۋادا ئادىمىيگەرچىلىك كەتسە سۇسلاپ؛
ئۆچكەن بولىدۇ ئانىلارنىڭ يانار تېغى،
تۈگىگەن بولىدۇ ئايالالاردىكى بارچە سەنئەت.
تۆتنىڭ بىرى بولغانلارنىڭ ئانىسى بار،
ئەل ئىگىسى بولغانلارنىڭ بالىسى بار،
روناق تاپقان مىللەتنىڭ ھەققىي ھۆرمىتى –
ئۈچۈن ئۇلار شۇ مۇلايىم ئانىلارنى،
بۇرچىنىڭ شەجەرىسى بالىلارنى،
ئېلىپ كىرسۇن مىڭ يىلغا بىللە يېتىلەپ. . .

دەرىخا، ئۈچىنچى مىڭ يىلنىڭ يېڭى باھارى،
يۇرتنى ئادەم ئەمەس قانۇن سورىسۇن.
دەپسەندە بولمىسۇن يېتىم ئاھى،
يېلىنماس بولسۇن كىشىگە كىشى.
بۇغدايدەك سۆزلەردىن تاشلار ئۈنسۇن،
تاقاق ئىشىكلەر چوقۇم تاقاق تۇرسۇن،
ئوچۇق ئىشىكلەر چوقۇم ئوچۇق تۇرسۇن،
ھەرنە خۇشامەتكە قويۇلسۇن چەك،
ئۇۋاللىقتىن تۆكۈلمىسۇن ئەرزدار يېشى.
ھېچكىم ھېچكىمنى ئەتمىسۇن بوزەك،
چېقىمخور، پىتنىخورغا چىقمىسۇن كاۋاك.
ھوقۇق دېگەن ئەلنىڭ رايى-مەسئۇلىيەت،
بولمىسۇن ھېچكىمنىڭ نەپكە ھامىلدار،
پەزىلەت ئەسىرگە تاغدەك راۋان كىرسۇن.
دەرىخا، ئۈچىنچى مىڭ يىلنىڭ تۇنجى يىلىغا،
ئەللىك يىل ئۆكۈز قۇيرۇقىغا دەردىنى
ئېيتىپ،
ئەسكى چاپىنىدا مىللەتكە باھار ساقلاپ،
مىننەتسىز، تەمەنناسىز ياشىغان دېھقان
كىرسۇن.
ئالىيجانابلىقى ھەممىگە ئەنداز،
قەيسەرلىكى ھاياتقا ئۆرنەك،
چىدام-غەيرىتى تارىخقا يادنامە،
غەم-قايغۇسى ياشلارغا ئەسلەش،
يېگىنى ئوت-چۆپ، بەرگىنى ئاق سۈت،
ئۆتكەن داۋانلىرى بىزماڭغان يولدىن جىق،
ئىچكەن تۇزلىرى بىز ئىچكەن سۇدىن كۆپ،
يۇتقان ئاچچىقلىرى زەھەردىن بەتتەر،
داستىخىنى شاھلاردىن مول،
مەشرەپلىرى بىزنىڭ سەھنىدىن قىزىق،
قەبرىسى پاكار تۇرۇپ مازاردىن يۇكسەك،
سۇپرىسى ئۇلۇغ قەھرىمان كىرسۇن.
جىمى جامائەتنىڭ مۇبارەك دىلىغا
چىن ۋە ساپ ئەقىدە – ئېتىقاد كىرسۇن.
ئۈچىنچى مىڭ يىلنىڭ يېڭى يىلىغا
ۋەتەنگە سېغىنغان بارچە جان كىرسۇن.

ۋە لېكىن پادىچى بالا كىرسۇن پادىسى بىلەن،
جاڭگاللار بوپقالمىسۇن يېڭى ئەپسانە.
يېڭى ئۆيلەر كىرسۇن باغلىرى بىلەن،
مېۋىلەر بازاردا دېگەن باھانە.
كاۋاپدان يېنىدىكى شاگىرت يىگىتلەر
كىرىدىغان بولسۇن ئەسىرگە كۆزىنى يۇيۇپ.
ئايىغى قىڭغىر كەتكەن چوڭ-كىچىك زاتلار
كىرىدىغان بولسۇن مىڭ يىلغا دىلىنى يۇيۇپ.
ئېغىزىدىن كېسەل تېگىپ ياتقان بىمارلار
كىرىدىغان بولسۇن ئەل ئىچىگە گېلىنى يۇيۇپ؛
ئۆسمۈرلەرگە ھايات تېلېۋىزور ئەمەس،
ئۈزۈپ بولمايدۇ ئېكران دولقۇنلىرىدا.
كومپيۇتېر بىلەن تىل كەلگۈگە يول خەت؛
مۇنچىدىكى ئىسسىق سۇدىلا يۇيۇنۇپ يۇرسەك،
ئېرىقلار قېرىدۇق دەپ چېكىدۇ پەرياد.
ئېھتىكاپتا ئولتۇرۇپ رومان پۈتمەيدۇ،
يالغۇز شېئىردىلا ئەمەس لىرىك ھاياجان.
ستانوكتا ياساپ چىققان ئەبجەش سۆزلەردىن
بوپقالمىسۇن يەسلىدىكى بالىلار كېكەچ.
ئۇچار-قانات ئورۇن ئالسۇن پېشايۋاندىن،
ئېشەكلەرمۇ ھاڭراپ تۇرسۇن ئەتە-كەچ.
شەھەرلىكلەر ئۆيدىن چىقماس بوپكەتتۇق ،
تورۇبىدا ھېچكىممۇ سوغۇرمايدۇ ئات.
ئومىلىقتا قېتىق ئېلىپ بارمايدۇ قىزلار،
بۇ كۈنلەردە كۆل بويىدا مۇھەببەت يوق،
مۇھەببەتنىڭ ھېكايىسى توقۇلما پەقەت.
سەھرالىقلار كېۋەزلىكتە تۆمۈردىن چىلىڭ،
تاپا-تەنە، ۋايساشلار ئۇلاردىن نېرى.
ئالتە ئادەم بىر بالىنى باقالماي غەمدە،
كۈنلەر كېلىپ ئالتە ئادەم بىر بالىغا يۈك.
ئەقلى ئورۇق، ئۆزى سېمىز نارەسىدىلەر
قىپ قويارمۇ جەمئىيەتنىڭ روھىنى ئۆلۈك.

ئىنسان روھى ئەل-يۇرتنىڭ نۇرىدىلا پاك،
ئىنسان روھى يېڭى ئەسىر يولىدىلا پاك،
ئىشەنچىم بار، ئىشەنچ ۋەتەن روھىدىلا پاك،
ئىشەنچىم بار، تۈمەن يىللىق تەكلىماكان
قىلمايدۇ ئۈمىد دېڭىزىدا ئارزۇنى ھالاك. . .

5

سەھرا يۇلغۇنلىرى بىلەن ئىدى ياش يىگىت،
سەھرا توشقانلىرى بىلەن ئىدى ياش بالا،
سەھرا چىمەنلىرى بىلەن ئىدى كىچىك قىز،
سەھرا ئورمانلىرى بىلەن ئىدى كۆك دالا.
بۇرۇنقى قويۇق چاتقاللار چېپچىمدەك شالاڭ،
يېشىللىق ئىچىگە ئاق چۈشكەندەك،
جاڭگاللارغا بومبا چۈشكەندەك،
يايلاقلارغا پاراشۇتچى قوشۇن چۈشكەندەك،
ئالا-پاساق بوپقالدى يېشىل لىباس؛
ئاق قۇشقاچلار قىشلايدۇ تونۇردا يېتىپ،
شەھەرگە كېلىپ گازمىلتىقتا ئۆلگەندىن كۆرە
مەھەللىدە جان بېرىشنى بىلىدۇ ئەۋزەل.
ئەتلىمە گۆش بالىلىرى چەينەك شورپىسى،
چاڭگىسىنى بۇزغانغا ئوقۇيدۇ لەنەت.

پۈت-قولىدىن ئايرىلغان جەڭچى كەبى
ئۆزۈن دەريالارنىڭ بويى كەتتى قىسقىراپ.
تارىمنىڭ بېشى بىريان، ئايىغى بىر يان،
سۈئورنىدا بىر ۋەھىمە ئاقىدۇ لەيلەپ،
مەھەللىلەرنى يوقلاپ كەلدى قۇم بورىنى،
شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى قۇم بورىنى،
ئادەملەرگە تەھدىت سالدى قۇم بورىنى؛
مەنىۋى مەينەتچىلىكتىن بۇلغاندى ئەل،
يەرمۇ ماددىي مەينەتچىلىككە بولماقتا قۇربان،
كائىناتتىن زېمىنگىچە نارازى سادا،
يېشىللىق ئازلاپ، بۇلغانغاندا روھ،
قايسى يوسۇن گۈللەيمىز غەربىي دىيارنى؟
كونا جايىغا كېلەلمىگەن تاغ سۇلىرى،
تامچىسىنى ئىچەلمىگەن ئاھۇلىرى،
يېپىنچا تونى ئوغرىلانغان ئوتلاقلار،
قۇرۇپ غولاپ چۈشكەن توغراقلار،
يىغلاشقا يېشى يوق ياتار ئېسەدەپ.
باغ ئورنىغا چۆل ياساش كەلدى نەدىن،
يۇرگەنلەر كىم چاكاندىغا چىشىنى بىلەپ؟
بالىلارغا مال بېقىشنى كونا ئادەت -
يەر تېرىش مەدەنىيەت دەپ تازا ئۆگەتتۇق.
چۈچۈكبۇيا يىلتىزى جانغاجان دەپ،
جانىنىڭ يىلتىزىنى كولاپ تۈگەتتۇق.
كىرورەن تۈگىدى، ئانامنىڭ ئۆلگىنى
دادامغا ياراشتى دېگەن مۇشۇ گەپ.
ياق دېسەڭ نى-نى قىتئە كەزگەن قاراقچى
يۈرەرمىدى ئەسكى تامدىن مەنپەئەت ئىزدەپ؟
لوپنۇر قۇرۇپ، قوشنىلارغا دەز كەتكەنمىش،
يۇرمەكتە راست، باش-كۆزنى توپىلار چۈمكەپ.
بىر گۇمانىم: دەسلەپىدە قۇرىغان روھ،
ئاندىن قۇرۇغان بولۇشى مۇمكىن تەبىئەت. . .

مېنى ئۆزئوغلىمىز دەپ بىلگەن بىر جاي بار①
مېنى تارىخى بىلەن ئەللەي ئەتكەن يەر.
مېنىڭ ياشلىقىمغا بولغان مەدەتكار؛
تۇتۇپ بەرگەن ئەقلىدىن دەسلەپكى دەپتەر.
مېنى ھەقىقەتكە تەشنا قىلغان،
دىلىمدىن دىللارغا ئۇچۇرغان كەپتەر.
مېنى«تۆمۈر چوققىسى»غا ئاشىنا قىلغان،
«دولان ئۆستىڭى»دىن ئىچۈرگەن كەۋسەر.
روھىمغا ئاشىقلىقنى بەرگەن مۇسەللەس،
كۆيۈپ بولسۇن دەپ ئوتتا سەمەندەر.
ھېلىمۇ ھەم بۇ جاي ماڭا شۇنچە مۇقەددەس،
كوچا-كوچىلىرىدىن پۇرايدۇ ئەنبەر.
ماڭا توپىسىنى يۆگەك قىلغان بىر جاي بار،
بىر تۇپ كۆچەت، بىر تال چۆپكە بولغان
قەلەندەر.

گەرچە ئۆزى ئاق قەغەز، نامى«كۆكيار» ،
ئەستە تېخى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئويلانغان دەملەر.
گىياھ ئۇنىمەس كۆكسىدە بۇگۇن بوستان،
يېشىللىق ئىزدىگەنگە ئەينى ئەڭگۈشتەر.
بىر تۇپ دەرەخ تۇۋىدە مىڭلاپ داستان،
ۋاراقلىساڭ بەتلىرىدىن گۇپۇلدەيدۇ تەر.
بىر بۈيۈك زات ھۆسنىنى قىلدى تاماشا،
جاراڭلايدۇ قۇلىقىمدا بولۇنغان گەپلەر.
بەزمە قۇرۇپ ئولتۇرساق ئۇندا كەڭتاشا،
دوراپ باقسا بولمامدۇ تەرەپ-تەرەپلەر. . .

كېرەك يېڭى ئەسىرگە يېڭى نىيەت، يېڭى
ئىقبال،
يول ياقىسىدا مەجنۇنتاللار جەۋلان بولسۇن.
مۇھىتنى قۇتقۇزماققا چېلىندى سىگنال،
ئارزۇ-ئىستەكلەرگە قايتا دەۋران بولسۇن.
قانچە نۇۋەت چوڭ سۆزلىدۇق، قىلدۇق قەسەم،
قىلغان قەسەم قىبلىنامە، ئارمان بولسۇن.
ئەسىر يولى شوئار ئەمەس، ئاخىرقى جەڭ،
شانلىق نىشان، شىجائەتكە دەرمان بولسۇن.
تارىمغا يېشىمىزدىن سۇ تۆكەيلى،
لوپنۇر باغرى بۇرۇنقىدەك ئوكيان بولسۇن.
زېمىنىنىڭ نىدالىرىغا سالايلى قۇلاق،
ئىنسانلار بۇلغىنىشقا تويغان بولسۇن.
ئوتلاقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۈگىسۇن تەشۋىش،
بۇلبۇلغا باغ، يولۋاسلارغا ئورمان بولسۇن.
تەشتەكتىكى گۈللەرنى بېقىۋەرمەيلى ،
تەكلىماكان گۈل-گىياھقا تولغان بولسۇن.
ئوغلۇم ماڭا ئوخشاش قۇشلارغا ئامراق،
كۆڭلىدە شەمشاد قەددى ئايان بولسۇن.
قىزلىرىم گۈلگە خۇشتار، چىمەنگە ئامراق،
ئەتىرگۈلگە ئانىسىدەك مېھرىبان بولسۇن.
قۇم-بوراندىن كۈندۈزلىرى ياقمايلى چىراغ،
يېشىللىق قۇمغا قەلئە - قورغان بولسۇن.

6

بىزدە قەھرىمانلىق بولغان ھەمدە سەنئەت،
سەنئەتتىن روھ يىغىلىپ چەمبىرەك بولغان.
بىز سەنئەت بىلەن ئاتالغان ئۆلمەس مىللەت،
سەنئەت سۆيگۈسى سۆيگۇ ئىچرە بەك بولغان.
دۇرۇس، ئاسارەتتە قاقشىغانلارنىڭ
ھەر ئاھىدا بىردىن تىلەك بولغان.
ئۇ بەزەن ئايلانغان قىلىچقا، قانغا،
ئۇ بەزەن ئايلانغان ئېتىمىزغا-دانغا،
ئۇ بەزەن زامىن بولغان تاتلىق جانغا،
پەقەت كۈن ئۆتكۈزۈشكىلا يۆلەك بولغان.
ئۇلار جەزىرە ئاتلىغان ئۆزئارا كۆيۈپ،
جاھاننىڭ قاتتىقلىقىدىن زېرەك بولغان.
كۆڭۈل ئاۋۇندۇرغان ھەر خىل ئويۇندىن،
ئويۇندىن گويا سۇنغان روھقا تىرەك بولغان.
ئاخىر تولا يىقىلىش، تولا مۆدۈرۈشلەرنى
چاندۇرماسلىق ئۇچۇن ئۇسسۇل كېرەك بولغان.
يىغا ئاۋازى، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشلاردىن
مۇڭلۇق ناخشىلار غۇنچە-پورەك بولغان.
پۇت - قولىدىكى نازۇكلۇقتىن
ئوت-چۆپلەر يەلپۈنگەن.
قاش-كۆزىدىكى مەردانىلىقتا
تاغلار تەلپۈنگەن.

① شائىر1968-يىلدىن1986-يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ
قانۇن ساھەسىدە ئىشلىگەن ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇھىم
رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغانىدى. - مۇھەررىردىن.

جەزبىدارلىق سورۇن يېنىغا
بۇغا – ماراللارنى كەلتۈرگەن.
چىرايىدىكى قەيسەر ھېسسىيات
غەم-غۇسسىلەرنى ئۆلتۈرگەن.
ئارزۇلار تىرىلىپ، سۇلار ئويناپ،
ھاياتلىق ئەۋجى يەكمۇ يەك بولغان.
ئاشىق-مەشۇقلارغا تۇتاشقان ئوت،
مۇقامدىن توغراقلارنىڭ كۆزى لىغ-لىغ،
مەنىسىز ۋارقىراشلار پىچەك بولغان.
قۇچاقلىغان بارخاننى سەلكىن،
يانتاقلاردا خۇشپۇراق چېچەك بولغان.
ناخشا-ئۇسسۇل ھېسابلانغان روھنىڭ ئەركى،
شۇ روھتىن تارىم كەبى يۈرەك بولغان.
ۋە لېكىن ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى ھېچكىم
قىلمىغان ئەسىر ھالقىش ئۈچۈن پەلەمپەي.
پەقەتلا ئىقتىدار، تالانت، يېڭىلىق،
پەقەتلا ئىلىم-پەن، زامانىۋىلىق،
ھايات خەزىنىسىگە تۆكۈپ تۇرغان مەي.
«ناخشا-ئۇسسۇل» ماكانى بولغىنىمىز راست،
ئۇنىڭغا ئەزەل جەڭگىۋارلىق ئىدى ئادەت.
بۇ بىر روھ، مۇشكۇللۇكتە پاكلانغان،
ئۇ بىر كۈچ، ئوغلانلار ئالغا ئاتلانغان،
شۇۋەج مىللەت يوقالماي ساقلانغان.
ئۇ بەرگەن قىزلارغا ھۆسن، ئەرلەرگە قامەت.
ئۇ بىزنى بۇرۇنقىدەك سادىق قىلسۇن ئەلگە،
ئۇ بىزنى بۇرۇنقىدەك باشلىسۇن جەڭگە،
شان-شەرەپ ئېلىپ كەلسۇن يەنە ۋەتەنگە،
ئەتمىسۇن بىزنى زىنھار زاللاردا ئەللەي.
بىر ئەۋلادىبىر ئەۋلادنى قويسۇن ئارقىدا،
زاماننى قان-تەر بىلەن قىلسۇن مۇكەممەل.
يىراق ئۆتمۈشلەرنى ئەسلەتكەن مۇقام،
ئۇزاق كېلەچەكنى كۆرسەتكەن ناخشا،
پارلاق ئەتىلەردىن ئىشلەنگەن ئاھاڭ،
گۈزەل كەلگۈسىمىزدىن دېرەك ئۇسسۇللار
كۆتۈرۈپ ماڭسۇن سەپنىڭ ئالدىدا مەشئەل.
يۈرەكنى ئوينىتقان مۇقام كۈيلىرى
قويۇپ تۇرسۇن باللارغا يېڭى-يېڭى قان.
يېزا-قىشلاقلاردىكى مەشرەپ كۈيلىرى
بولۇپ تۇرسۇن مەڭگۈ سەھنىدە خاقان.
ئۆلمەس ناخشا – قوشاقلار، نازۇك ئۇسسۇللار
يېڭى ئەسىر يوللىرىغا سالسۇن پايانداز.
يېقىملىق مېلودىيە، قىزلار-ئوغۇللار
كۆڭلىمىزگە پەيدا قىلسۇن باھار-ياز.
ۋە لېكىن بۇ ئاھاڭلار جۇشقۇن بولسۇن،
ۋە لېكىن ئۇسسۇللار تۇرگۇن بولسۇن،
ۋە لېكىن بۇ ناخشىلار گۈلگۈن بولسۇن،
تولغاقسىز ئىنجىقلارغا قويۇلسۇن چەك.
مىسرالار مۇھەببەتكە، دوستلۇققا تولسۇن،
ھالال نىيەت، ئادىمىيلىك بوشلۇققا تولسۇن،
تىرىكلەر ئەقىل-ئىدراك، قۇدرەتكە تولسۇن،
ئاڭلىسۇن ئۆلۈكلەرمۇ ئۇنى چۆرىدەپ.
ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمۈرگە مەزمۇن بىھېساب،
ناخشا-ئۇسسۇل روھ ئۈچۈنلا يېزىلغان دەستۇر.
ھەرنىچان ئاجىزلىقنى يەكسان ئەيلىسۇن،
ھەرنىچان چۈشكۈنلۈكنى ئەيلىسۇن بەربات.
سەۋەب شۇ، قەدىم يايلاق، كەڭرى سورۇن،
پۈت شىلتىپ، موللاقلاپ يۈرمىگەن ئەجداد.
بۈگۈن ئۇچۇق مەيدە، پاقالچەكلەردىن
قىستاڭ رېستورانلار چەكمىسۇن پەرياد.
ئۇ بىزدىن خەلققە بولغان ھۆرمەتنى ئويغاتسۇن،
ئۇخلاپ قالاي دېگەن پەزىلەتنى ئويغاتسۇن،
ئۇ نامراتلىقتىن تۇغۇلغان ھەسرەتنى
ئويغاتسۇن،
كولدۇرما بولۇپ تەبىئەتنى ئويغاتسۇن،
ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسىرى، راۋاجى، رىزقى
ئۈچۈن يېڭى ئەسىرگە مىللەتنى ئويغاتسۇن.
ئەسىر بوسۇغىسىدىن ئۆتەتتەك كىرسۇن،
سۆزۈك ھاۋادىن لەيلەپ بۇلۇتتەك كىرسۇن.


* * *

ۋادەرىخ، شائىرلىق ئىكەن بەكمۇ تەس،
بىر زامان ئەقلىنىڭ تاجى مىسرالار
بۇ كەمدە بوپقالدى ھەممىدىنمۇ پەس.
«قوشاقچى» ئاتالدى،
قوشاقچىلىقمۇ
نوتۇقلار ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس.
لېكىن، ۋىجدان جاراھىتىنى قەلەمدە ياماپ،
ئىشلەتكەن سىيادىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن
بىزنى بېقىپ ئەي قىلغان مۇشۇ تۇپراققا
بىر تامچا ئىسسىق قان ئاقالمىسا، بەس!
ئاڭلىسام شائىرلىق قايغۇ-نادامەت،
شۇڭا ھەممە ئادەمنى شائىر دەيدىكەن؛
مۇشۇ ۋەج ئاخىرقى شائىرتۈگىگەن چاغدا
قايغۇ-نادامەتلەرمۇ تۈگەيدۇ بىر پەس.
مۇشۇ ۋەج پەيلاسوپلارغا ئىرەن قىلماي،
ئۇلار دېمەيدىغان گەپنى توقۇپ قويىمىز،
ھەتتا كۆك ئاسماننى سۆيۈپ قويىمىز،
قارايغان بۇلۇتلارنى يۇيۇپ قويىمىز،
يەرنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويىمىز،
ئۇخلاپ ياتقانلارنى تۇرتۇپ قويىمىز،
لوپنۇرغا بىر كۆلىمت سۇ قۇيۇپ قويىمىز. . .
مۇشۇ ۋەج، شائىرلىق ئىكەن بەكمۇ تەس!
ئېنىقى، شائىرلارغا بۇ دۇنيادا
سەممىيلىك ئاخىرقى يول خەت.
شۇڭا ئۇلار ئويلاپ يۈرمەيدۇ،
بارار جايى دوزاخمۇ-جەننەت!
خۇشاللىقى، بىر شېئىر بىلەن
كىرىۋالسا ئۆزى يىغلىغان –
مىللىتىنىڭ قەلبىگە بىر رەت.
تىكلەپ قويسا قەبرە تېشىنى
يۇلغۇنلاردىن ئانا تەبىئەت. . .
بولمىساقلا بىز ئاپتاپپەرەس !

2000-يىل 5-دېكابىر، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى(M2)



# ئۇنىۋان باھالايدىغان ئىش ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغاندەك قىلىدۇ!

نەي ۋېن

ھەر قېتىم ئۇنىۋان باھالاش مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، مەيلى مەكتەپلەرنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، مەيلى تەجرىبىخانىلاردا بولسۇن، مەيلى ئائىلىدىكىلەرجەم بولغان داستىخان ئۈستىدە بولسۇن، ۋەياكى ئىشقا كېتىۋاتقان ياكى ئىشتىن چۈشۈۋاتقان نۆۋەتچى ئاپتوموبىللاردا بولسۇن، زىيالىيلارلا بولىدىكەن، ئۇنىۋان باھالاش توغرىسىدا گەپ بولماي قالمايدۇ. «باھالاش مەۋسۇمى» تۈگىگەندىن كېيىن، باھالانغانلار خۇشھال بولسا، باھالىنالمىغانلار سولۇشۇپ قالىدۇ، ھەتتا يەنە بىر مۇنچىسى قورساق كۆپىكى بىلەن رەنجىيدۇ ياكى شۇنىڭدىن تارتىپ پاسسىپلىشىدۇ، ئىش خۇشياقماس بوپقالىدۇ ۋە ياكى رەھبەرلىرى بىلەن تاقارىشىدىغان بوپقالىدۇ.

ھازىرقى ئۇنىۋان باھالاش خىزمىتىدە ئادەمنى نارازى قىلىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان غەلىتە-غەلىتە ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

## دوقمۇشتىكى پاراڭلار

## ئۇنىۋان باھالىغاندا ھەممە ئادەم چەت تىلدىن ئىمتىھان بەرمىسە بولمايدىغان بولدى

ئۇنىۋان باھالاش، قاچاندىن تارتىپتۇ چەت تىلدىن ئىمتىھان ئېلىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىداش ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇنىۋان باھالىغاندا ئومۇمەن چەت تىلدىن قاتتىق ئىمتىھان ئېلىنىدىغان بولدى. ھالبۇكى، ئادەتتىكى چاغلاردا خىزمەت ئۈستىدە چەت تىلدىن پايدىلىنىش پۇرسىتى بىر مۇنچە ئادەملەردە كۆپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت تىل دېگەن نەرسىنى كۈنمۇ كۈن، ئايمۇ ئاي ئۆگىنىپ پىششىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چەت تىل بىر مۇنچە ئادەم ئۈچۈن ئۇنىۋان باھالىغاندا ئۆتمەك تەس بولغان «چەت تىل پىلسىراتى» غا ئايلىنىپ قالدى.

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى رىياسەتچىلىكى جەھەتتە «جۇڭگو بويىچە قالتىس رىياسەتچى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن چېن رۇئەپەندى چەت تىل ئىمتىھانىنىڭ «كاساپىتى» گە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ بىرى. بۇ، ياشتا چوڭ، چاچلىرى ئاپئاق، ئەمما جۇشقۇن رىياسەتچى «خۇاڭخې دەرياسى توغرىسىدا پاراڭ» ، «قانالنىڭ قىسسىسى» ، «بىپايان غەربىي جەنۇبنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىغا ئاجايىپ ياخشى رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. لېكىن ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالىدىغان چاغدا چەت تىل ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇشكۇلات بولدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىلىرى ناھايىتى زور بولسىمۇ، «ئالىي دەرىجە» گە توشىدىغان ـ توشمايدىغانلىقىنى چەت تىل بىلەن باھالاش توغرا كەپقالغاچقا، ئۇ، نائىلاج سالىۋات قىلغان.

سالىۋات قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي تىرىشىپ-تىرمىشىپ باشقا ئاماللارنى تاپقان ئادەملەرمۇ بارئىكەن. ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ كەلگەن بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى «كىتاب تەرجىمە قىلىش» قا باشلاپتۇ. شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تېگى-پېيىنى ئوبدان بىلىدىغانلار: ئۇنىڭ ABC نى بىلىشى ناتايىن، ئۇ، دەرسنى ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ، لېكىن چەت تىلنى ئۆگىنىدىغان زامان ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغانىدى، دەپ ھەيران بوپقاپتۇ. لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇ راستىنلا بىر «تەرجىمە ئەسەر» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ ۋە ئەسىرى دەرھال ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بوپتۇ: چۈنكى مەلۇم خەتلىك تەرجىمە ئەسىرى بولسا، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە چەت تىلدىن ئىمتىھان بەرمىسىمۇ بولىدىكەن. ئەلۋەتتە، ھېلىقى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ «تەرجىمە ئەسىرى» باشقىلارنىڭ قولىدىن چىققان.

«ياردەم كۇرسى» غا كىرىپ ئوقۇشمۇ بىر چارە ئىكەن. ياردەم بېرىش دېگەن گەپ ئىمتىھان سوئاللىرىنى «تىنىپ قويۇش» دېمەكتۇر. بەزى جايلاردا ياردەم بەرگۈچىلەر چەت تىلدىكى ماتېرىياللارنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، كۇرستىكىلەرگە ياد ئالدۇرىدىكەن. بىراق بۇ ھىيلە ھازىر كارغا يارىماس بوپقالدى، چۈنكى ئىمتىھان مەملىكەت بويىچە بىر قېلىپتا ئېلىنىدىغان بولدى-دە. بۇنىڭدا ئىمتىھان ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك قېلىپلىشىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بەزى نۇقسانلىرى تېخىمۇ دوڭغىيىپ چىقماقتا.

## ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا يېلىنىپ، ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرىدىغان ئىش چىقتى

1992-يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئۇنۋان باھالاش ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىرمۇنچە جايلاردا ئوتتۇرا، ئالىي ئۇنۋان ئېلىش شەرتلىرى قاتارىغا: ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى بولۇشى، ئۇنى ئۆلكىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان بولۇشى، ھەجمى خەنزۇچە ئىككى مىڭ خەتتىن ئارتۇق بولۇشى شەرت دەيدىغان بىر شەرت قوشۇلغانىدى. بۇ شەرت شۇنىڭدىن كېيىن بارغانسېرى چىڭىپ، ئەمەلىيەتتە «بىر ئاۋاز بىلەنلا رەت قىلىنىۋېتىلىدۇ» غان ھالغا كەپقالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنۋان ئۈچۈن ئۆزى پۇل خەجلەپ كىتاب چىقىرىدىغان، ئۇنۋان ئۈچۈن باشقىلارغا يېلىنىپ «ئىلمىي ماقالە» ئېلان قىلدۇرىدىغان ئەھۋاللار ئاشكارا سىر-مەخپىيەت بوپقالدى. نەشرىيات ساھەسىدە ھەتتا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئۇنۋان كىتابى» دەيدىغان يېڭى ئاتالغۇ پەيدا بولدى.

ئېھتىياجغا يارىشا بازار بولىدۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە بولۇشى شەرت بوپقالغاچقا، دارىلمۇئەللىمىنگە ئوخشاش مەكتەپلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئاتاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا «قوشۇمچە سەھىپە» لەر چىقاردى؛ ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت دېگەندەك مائارىپ تەشكىلاتلىرىمۇ ھەدەپ «ئىلمىي ماقالە سەھىپە» لىرىنى چىقارغىلى تۇردى. بەزى ئۇششاق گېزىت-ژۇرناللارمۇ «ئۆلكە بويىچە 2-دەرىجىلىك ژۇرنال» دەيدىغان ناملارنى قاشقا قىلىپ تۇرۇپ، نېسىۋە ئايرىۋېلىپ يەيدىغان بولدى. «600-800 يۈەن پۇل تاپشۇرسىڭىز بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ بېرىمىز» دەيدىغان خەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كەينى-كەينىدىن لەپىشىپ كېلىدىغان بولدى. قولىدىن كېلىدىغانلىرى ئۆزى ئەپلەپ-سەپلەپ، قوراشتۇرۇپ يازسا، قولىدىن كەلمەيدىغانلىرى باشقىلارغا يازغۇزىدىغان بولدى دېمەك، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئەمەس، پۇلىنى بەيگىگە سالىدىغان بولدى.

## بىرپارچە دىپلوم قانچىقارماي جان قىينايدىغان خەنجەرگە ئايلىنىپ قالدى

بىر كۈنى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئاچقان يىغىندا بىر كىنو ستودىيىسىنىڭ مەشھۇر دىرېكتورى: «ستودىيىمىزدىكى كەسپىي تاياnچلارنىڭ تولىسى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالىي مەلۇمات سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمەپتىكەن. مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان باھالىتىش سالاھىيىتى توشمايدىكەن. نەتىجىدە شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقتىكى، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار ئوقۇش ستاژى توشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنۋان ئالالمايۋاتىدۇ؛ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارغا بولسا، ئوقۇش ستاژى يېتەرلىك بولغاچقا ئۇنۋان باھالاپ بېرىش شەرت ئىكەن» دەپتۇ.

سەھنە سەنئىتى ساھەسىدە «دىپلومپەرەسلىك» نىڭ كاساپىتى ھەقىقەتەن چوڭ بولۇۋاتىدۇ. پېشقەدەم ئارتىسلارنىڭ قانچىسى ئالىي مەكتەپ يۈزى كۆرگەن دەيسىز؟ سەنئەت قابىلىيىتى ئۈستۈن ئارتىسلارنىڭ ئوقۇش ستاژى توشمايدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ

ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە ساناقلىقلا بىر قانچە ئاتاقلىق ئارتىسىمىز 1- دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. چۈنكى يۇقىرىنىڭ 1- دەرىجىلىك ئارتىس دەپ ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇش شەرت، دەيدىغان ھۆججىتى بار.

ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدە ئوقۇش ستاژى، دىپلوم ھەققىدە تولىمۇ چىڭ بەلگىلىمە يوق. لېكىن شۇ ھۆججەتلەر بەزى تارماق ياكى جايلارغا بارغاندا ئۇ يەردىكىلەر يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى شۇ بەلگىلىمىلەرنى شەرھىلىگەندە دىپلوم، ئوقۇش ستاژى جەھەتتە ناھايىتى ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىكەن. شۇنداق قىلسا« ئىش ئاسانلىشىدۇ» ، باھالاش «ئىللا - ئادىل بولىدۇ» مىش. لېكىن شۇنداق قىلغاندا، تېخىمۇ چوڭ ئادالەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى بىلسە كاشكى!

## ساقال - سۇمبىتىغا ئېتىبار بېرىش ئىلاجسىزلىقنىڭ ئالامىتى

دۆلىتىمىزدە ئۇنۋاندا« ساقال- سۇمبىتىغا قاراش» قا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇنۋان باھالاشقا ئائىت بىر مۇنچە بەلگىلىمىلەردە ھەر بىر دەرىجىدىكى ۋەزىپىنى ئۆتەشنىڭ ۋاقىت چېكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ھۆججەتلەردىكى شۇنداق بەلگىلىمىلەردىن تاشقىرى يەنە ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇددىتى ئوخشاش بولغان ئادەملەر توغرا كەپقالسا، ئىشلىگەن ۋاقتى - ساقىلى سىزدىن ئۇزۇنراق ئادەمگە غىڭ- پىڭ قىلماي يول قويۇشقا مەجبۇر بولىسىز. بار- يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇنداق بەلگىلىمىلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتا خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بىر ئىشخانىسىدا بىرلا ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپە شتاتى تەسىس قىلىنغانىكەن، ئەنە شۇ بىر ۋەزىپە ئۇنۋانىغا 30 نەچچە نەپەر تېخنىك تەلمۈرۈپ قاپتۇ. بۇ جەھەتتە ئىنستىتۇت باشلىقلىرى قاتتىق باش قاتۇرۇپ، ئۇنداق ئۆلچەپ، مۇنداق تەڭشەپ، ئاخىر شۇ ئۇنۋاننى 35 يىل ئىشلىگەن بىر پېشقەدەم يولداشقا بېرىپتۇ. بۇنى ئېلان قىلغان كۈنى ھەممە ئادەم خەپشۇك بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ، ھېچكىم بىرەر ئېغىز پىكىر بەرمەپتۇ. لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى شۇ سەۋەب بىلەن «قەرەللىك پارتلايدىغان بومبا» كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. ئىنستىتۇتقا بىرەر يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇلۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر گۇرۇپپا باشلىقى تەيىنلەش زۆرۈر بولغاندا، ئۇلار ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئىنژېنېرنى تەكلىپ قىلسا، ئۇ ئىنژېنېر بېشىنى چايقاپ: « گۇرۇپپا باشلىقى بولالمايمەن. ھەممىمىز ئوخشاشلا ئىنژېنېر تۇرساق، گېپىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟ » دەپتۇ ۋە يېقىندىلا ئالىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانى ئالغان مويسىپىت يولداش ئۈستىگە ئالسۇن، دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى ئىلاج قىلالماي، بىردەم ئۇنىڭ ئالدىغا، بىردەم بۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ھەممىسىدىن داۋىسىنى يەپتۇ. ئىنژېنېرلاردىن بىرسى تېخىمۇ بابلاپتۇ: «ھەي، باشقا بىر داناراق ئادەمنى تەكلىپ قىلىۋېلىڭ، مەن بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ ساقىلىمنى ئۆستۈرەي، ھازىر ساقال- سۇمباتنىڭ بازىرى چىققانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ؟ »

تۇرلۇك دەرىجىدىكى ئۇنۋانلارنىڭ مۇئەييەن تۈزۈلۈش نىسبىتى ۋە سان چېكى بار، بۇنىڭدا ئەسلىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك، ھەممە ئادەمنى ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنغان. لېكىن ھازىر ئۇنۋانلارنىڭ تولىسى ۋەزىپە جاۋابكارلىقىدىن چەتنەپ تەمىنات بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتاقتا تۇشلۇق قابىلىيەت يوق، دىگەندەك ئەمەلىي مەنپەئەت توقۇنۇشى، خىزمەتداشلار ئارا پۇت تېپىشىدىغان، بىر- بىرىنى پۇتلايدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولماقتا.

## ھەممىدىن يامىنى باھالىغۇچىلار ئىچىدەباشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادىمى بولۇپ،سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدىغان ئادىمىڭنىڭ يوقلۇقى

مەلۇم بىر ئىدارىدە ئۇنۋان باھالىغۇچىلارنى ئايروپىلان بىلەن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى بىر شەھەرگە ئاپىرىپ ئۇنۋان باھالاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە: ئۇنۋان باھالاش جەريانىدا ئىدارىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ياتقان ھۇجرىسىدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، يانفوندا سۆزلىشىشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقىرىپتۇ. چۈنكى ئۇنۋان باھالاۋاتقاندا ناتوغرا كەيپىيات ئارىلىشىپ قالمىسۇن، دەپ ئېھتىيات قىلغانمىش. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ دەيسىز؟ ! چۈنكى باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى كىملەر ئىكەنلىكى ھەممە ئادەمگە ئاللىقاچان ئېنىق مەلۇم بولۇپ بولغان. ھەر قاچان ئۇنۋان باھالايدىغان چاغدا باھالىغۇچىلار ئالدىراش بولىدۇ، باغاق- خەت سۇڭگۇتىدىغانلار، ئىما- ئىشارەت قىلىدىغانلار، ئۆيىگە بېرىپ ھال ئوقۇيدىغانلار، مېھمان قىلىدىغانلار، زەللە ئەۋەتىدىغانلار. . . نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. باھالىغۇچىلارنىڭ يۈرەكسىزرەكلىرى نائىلاج ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، يۈرىكى تومراقلىرىغا بولسا، بۇ

«پۇۋدىمەي موك يەيدۇ» غان غەنىيمەت پۇرسەتتۇر.

باھالىغۇچى ناھايىتى پاك-ئىنسابلىق بولغان تەقدىردىمۇ بەزىلەر ئۆيىگە يوقلاپ بېرىپ تونۇشۇپ قېلىشنى زۆرۈر تاپىدۇ. ھازىر بىرمۇنچە ئىدارىلار ئادەتتە تەكشۈرۈپ-خاتىرىلەپ تۇرۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنۋان باھالىغاندا چەت تىل، دىپلوم، ئىلمىي ماقالە ۋە خىزمەت ستاژى دېگەندەك ئۆزگەرمەس «چىڭ شەرت» لەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن تەسىراتقىلا قاراپ باھالىماقتا.

ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا شاڭخەيدە پروفېسسورلار «كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەملەر كەسىپ ئەھلىگە ئۇنۋان باھالاۋاتىدۇ» دەپ ئەرز سۇنغان بىر ئەھۋال يۈز بەردى. ئەگەر ھەقىقەتەن كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەملەر كەسىپ ئەھلىنى باھالىغان بولسا، بۇنىڭ قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق، چۈنكى كەسىپ ئەھلىمۇ بەرىبىر تەسىراتقا قاراپ باھالاۋاتىدۇ. ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقى - باھالاش ھەيئىتى ئىچىدە باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەملىرى بار بولۇپ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىدىغان ئادىمىڭىزنىڭ بولماسلىقى. مەلۇم بىر ئىدارىدە ئۇنۋان باھالىغاندا، شۇ ئىدارىنىڭ ئىشخانىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقىمۇ، بىر كەسپىي بۆلۈمگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقىمۇ باھالاش ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئىكەن. شۇ قېتىمقى ئۇنۋان باھالاشتا ئەنە شۇ ئىككى تارماق ئوتتۇرىسىدا رىقابەت ناھايىتى كەسكىن بوپتۇ. لېكىن ئىشخانا مۇدىرىمۇ باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، كەسپىي بۆلۈمنىڭ ئادەملىرى لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ. دەسلەپتە، باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان ئادەملەرنى تاللاش، باھالاشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تۈزۈشكە ئىشخانا مۇدىرى مەسئۇل بوپتۇ، ئۇنۋان باھالىغۇچىلار ۋە يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى شەرتلەردىن قايسىسى ئىشخانىغا پايدىلىق بولسا شۇنى توغرىلاپتۇ. ئاخىرىدا، باھالانغانلارنىڭ سانى باھالايدىغان سانغا يەتمەپتىكەن، شۇ ساننى ئىدارىنىڭ ھېلىقى ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باشلىقى تەڭ ئۈلۈشۈۋېلىشنى تەشەببۇس قىپتۇ. ھېلىقى ئىشخانا مۇدىرىنىڭمۇ بىركىشىلىك نېسىۋە ئېلىش نىيىتى بار ئىكەن، كەسپىي بۆلۈمگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىق نائىلاج ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ.

## ئۇنۋان باھالاش تۈزۈمى خالتا كوچىدىن قانداق چىقىدۇ

سەندۇڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ يىل يانۋاردىن باشلاپ ھازىر مەملىكەت بويىچە ئېقىۋاتقان ئۇنۋان تۈزۈمىنى ئادەمنىڭ نامىغا قاراپ باشقۇرۇشتىن ۋەزىپە ئورنىغا قاراپ باشقۇرۇشقا، ئېھتىياجغا قاراپ بىۋاستە ۋەزىپە ئورنى تەسىس قىلىشقا، ۋەزىپە ئورنى ئۈچۈن ئاشكارا رىقابەتلەشتۈرۈشكە، رىقابەتتە ئۇتۇپ چىققانلىرىنى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىشقا ئۆزگەرتتى. بۇ ئىش پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر بويىچە باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئىش بولدى. سەندۇڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بۇ ئىسلاھات ئۇنۋان باھالاش تۈزۈمى جەھەتتە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھەقىقىي ئىسلاھات بورىنىنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرسە كېرەك.

## ئۇنۋان مەسلىسى

ئۇنۋان مەسلىسى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تۈتىشىدىغان مەسىلە. بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنۋان باھالاشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن خۇشھال بولۇپ، دوپپىمىزنى ئاسمانغا ئاتقانىدۇق. لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنۋان توغرىسىدا گەپ چىقسا، تاغاردا بىر قاقشايدىغان بولدۇق. بۇ يىل «ئىككى يىغىن» (مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى) ئېچىلغاندا، زىيالىيلارنىڭ ھەرقايسى ساھەدىن كەلگەن 31 نەپەر ۋەكىلى ھازىرقى ئۇنۋان باھالاش ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلماسلىق بولمىدى، دەپ تەكلىپ بەردى. ئۇلار ھەتتا ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىنى قانۇن چىقىرىش «نەشتىرى» بىلەن تازا ئوبدان ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

راست، ئۇنۋان - زىيالىيلار ئىچىدە تولىمۇ قەدىرلىك بولغان بۇ ئاتاق - مۇقەددەس ئېلىمىزدە قانچىلىغان ئىلىم ئەھلىنى تەلمۈرتمەي كەلدى، دەيسىز؟! ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۇنۋان باھالاش تالاي ئادەمنى رەنجىتمەكتە. ئۇنۋاننىڭ قەدىر-قىممىتى تۆۋەنلىمەكتە، پروفېسسورلار كاساتلاشماقتا، ئۇنۋان ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلار قاتمۇ قات ئېگىز بوسۇغىنىڭ كاساپىتىدىن تاشقىرىدا توسۇلۇپ قالماقتا، ئۇنۋان ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلار قاتمۇ قات مۇشكۈل ئۆتكەللەردىن ھارامزادىلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتمەكتە. ئۇنۋان تېگىشلىك قىممىتىنى يوقىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئۇنۋان باھالاشمۇ كۈندىن كۈنگە ناتوغرا كەيپىياتلارغا باش ئېگىۋاتىدۇ. . . ئۇنۋان باھالايدىغان ئىش ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغاندەك قىلىدۇ!

---

بۇ مۇلاھىزە «ھەر ساھەدىن ئۇچۇر» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2000-يىل ئۆكتەبىر سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل دېكابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمىسى (M2)



# مەدەنىيەت- سەنئەت گېزىتى

## 2001-يىل 1-سان، ئومۇمىي 29-سان

## - مەدەنىيەت - سەنئەت ئۇچۇرلىرى

### (2000-يىل ئۆكتەبىردىن دېكابىرغىچە)

● شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ سابىق باشلىقى، باش مۇھەررىرى، مائارىپچى، شائىر، تىلشۇناس، ئالىي مۇھەررىر ئابدۇسالام توختى ئەپەندى تۈزگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە رەڭلىك «ئېلىپبە» «دۇنيا ئىلىم - پەن تۆھپىكارلىرى ئالتۇن ئوردېنى» غا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 22-نويابىردا ئۆتكۈزگەن تەبرىكلەش يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغان مەشھۇر مائارىپچىلار، ئالىم-ئەدىبلەر، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى قىزغىن سۆز ئېلىپ ئابدۇسالام توختى ئەپەندىنىڭ «دۇنيا ئىلىم - پەن تۆھپىكارلىرى ئالتۇن ئوردېنى» غا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ھەقىقىي بىر پېداگوگ، فىزىئولوگ، پسىخولوگ بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى، بۇ ئېلىپبە سۈپىتى يۇقىرى، ئاممىباب، ئۆلچەملىك، چۈشىنىشلىك بولۇپ بالىلار فىزىئولوگىيىسى، پسىخولوگىيىسىگە تولىمۇ ماس كېلىدىغانلىقىنى، مورفولوگىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن بولسۇن يۇقىرى تەلەپكە لايىقلاشقانلىقىنى، ھەقىقەتەن ئىلىم - پەننىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تەرىپلەشتى.

- ياسىن زايىموف

● كورىيە «ۋىنياڭ» ئۆرپ - ئادەت مۇزېيىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى21-ئىيۇلدىن 22-ئۆكتەبىرگىچە كورىيىدە «جۇڭگو شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مىللىي ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى» ئاچتى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە يىپەك، يۇڭ توقۇلمىلار، تۈرلۈك كىتابلار، ئوقۇشلۇقلار، ئالتۇن-كۈمۈش، مىس بۇيۇملار، پار-پۇرقاچىلار، تاش قوراللار، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان تام رەسىملىرى، سىزما رەسىملەر قويۇلۇپ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ۋە كورىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە يەنە مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، كىيىم- كېچەكلىرى، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرى قويۇلدى. ئۇلارنىڭ تۈرى مول، شەكلى ھەرخىل بولۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە كورىيە تاماشىبىنلىرىنى يىپەك يولىنىڭ گۈزەللەپ ياشناۋاتقانلىقى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ چەكسىز پارلاق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا كورىيە خەلقىنى شىنجاڭنى يەنىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

-ئۆز خەۋىرىمىز

● 17-سېنتەبىردىن 21-سېنتەبىرگىچە ئېچىلغان مەملىكەتلىك سېرىكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيىدا «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، نويابىرنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيىدا ئاتاقلىق ياش ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللا بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

- رىسالەت مۇھەممەت

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مېيىپلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكى31-ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، خەلق ئىشلىرى نازارىتى، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مائارىپ نازارىتى، مېيىپلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ سەنئەت كۆرىكىگە 17 ۋەكىللەر ئۆمىكى، 230 نەپەردىن ئارتۇق ئارتىس قاتناشتى. كۆرەكتە ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق نومۇر ئورۇندالدى.

- مۇھەممەت دائىم، ئاينۇر مۇھەممەت

● مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، جۇڭچىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «توز لوڭقىسى بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ 10-نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسى» 1-نويابىر جۇڭچىڭدا ئاياغلاشتى.

شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ياش ئۇسسۇلچىسى ئامانگۈل سىددىق ئۇيغۇرچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «چۈمبەللىك قىز»نى ئورۇنداپ «1-دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

— ئامىنە ئابدۇرېشىت

● 2000-يىللىق مەملىكەتلىك بوكس چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش مۇسابىقىسى 13-نويابىر كەچتە ئۈرۈمچى «نەنمېن» تەنتەربىيە سارىيىدا ئاياغلاشتى. شىنجاڭ ماھىرلىرىدىن ئەكرەم ئىسھاق بىلەن ئابدۇشۇكۇر مىجىت ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىپ، چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچى «نەنمېن» تەنتەربىيە سارىيى تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولدى. 60 كىلوگراملىقلار بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە ئەكرەم ئىسھاق گۇاڭدۇڭ ماھىرى لى خەنمىڭ بىلەن تۇتۇشتى. ئەكرەم ئىسھاق ئۆزىنىڭ يۆتكىلىشچانلىقى تېز، ھەرىكىتى چاققان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باشتىن ئاخىر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئاخىرىدا 15كە قارشى 25نەتىجە بىلەن رەقىبىنى يېڭىپ، چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن 91كىلوگرامدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر مۇسابىقىسى مەيدان كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتەردى. ئابدۇشۇكۇر مىجىت ئۆزىگە قارىغاندا سەل بەستلىك كەلگەن «ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلى» كوماندىسىدىكى جاڭ جۇنلۇڭ ئالدىدا قىلچە تەمتىرىمەي، باشتىن ئاخىر ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئالتىگە قارشى 12 نەتىجە بىلەن رەقىبىنى يېڭىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن يەنە بىر چېمپىيونلۇق مېدالىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، شەنشىدىن خې تيەنشياڭ، گۇاڭدۇڭدىن ليۇيۇلەن، يۈننەندىن شيوڭجاۋرۇڭ، شەنشىدىن ۋۇشياۋسۇڭ، ئىچكى موڭغۇلدىن ئالمۇس، گۇاڭدۇڭدىن چى ۋەنسۇڭ، شاڭخەيدىن جاڭ جېن، ئىچكى موڭغۇلدىن لى گوجۇن، گۇاڭدۇڭدىن نارسۇ ۋە ئەنخۇيدىن جياڭ تاۋلار باشقا ئون ئېغىرلىق دەرىجىسىدىكى مۇسابىقىدە چېمپىيون بولدى. (ئاسىيا بوكس چېمپىيونى، 27-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشقان بوكس پالۋىنىمىز ئابدۇراخمان ئابلىكىم ساقسىز بوپقالغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشمىدى. — مۇھەررىردىن).

— ئىلھام ئىمىن

● قىشلىق مەشىقنى ئوبدان قىلىپ 2001-يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك 9-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ياخشى نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن، شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ باش تىرېنېرى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت بوكس پالۋانلىرىدىن ئابدۇشۇكۇر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىم، ئەكرەم ئىسھاق، ئابدۇروسۇل روزىلارنى باشلاپ، 19-دېكابىر ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار موسكۋادا تۆت ئاي مەشىق قىلماقچى.

— ئىلھام ئىمىن

● خەلقئارادا شۆھرەت قازانغان دۇنياۋى ناخشىچى دىلبەر يۇنۇس خانىم بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردا يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، 24-نويابىر كەچتە ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا «دىلبەر يۇنۇس ناخشا كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈپ قالتىس ئالقىشقا ئېرىشتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قىزى دىلبەر يۇنۇس خانىم 1958-يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، بېيجىڭ مەركىزىي مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ، 1984-يىلى ئاۋغۇستتا فىنلاندىيىنىڭ خېلسىنكى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مىريام ھايلىن خەلقئارا ناخشا مۇسابىقىسى»دا 2-لىككە ئېرىشكەن. 1985-يىلى 15- ۋە 17-نويابىردا ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا «دىلبەر يۇنۇس ناخشا كېچىلىكى» ئۆتكۈزگەن.

دىلبەر يۇنۇس خانىم 1988-يىلى تەكلىپكە بىنائەن فىنلاندىيە دۆلەتلىك ئوپېرا تىياتىرخانىسىدا ناخشىچى بولغان. ئۇ، چەت ئەلدە تۇرغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى نورغۇن 1-دەرىجىلىك سىمفونىيە ئوركېستىر ئۆمەكلىرىنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئوپېرا – تىياتىرلاردا باش رول ئالغان ھەمدە نەچچە ئونلىغان دۆلەتلەردە نەچچە يۈز قېتىم يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن.

دىلبەر يۇنۇس خانىم ھازىر فىنلاندىيە دۆلەتلىك ئوپېرا تىياتىرخانىسى ۋە شۋېتسىيە مارمودا ئوپېراتىياتىرخانىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ناخشىچىسى. ئۇنىڭغا «فىنلاندىيە دۆلەت ئەڭگۈشتىرى» دەپ نام بېرىلگەن؛ «شۋېتسىيە دۆلەت ئەڭگۈشتىرى» دەپ مەدھىيىلەنگەن.

دىلبەر يۇنۇس خانىم شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورلىقىغا تەكلىپ قىلىندى؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا «دىلبەر يۇنۇس مۇزىكا تەتقىقات مەركىزى» تەسىس قىلىندى.

— رىسالەت مۇھەممەت

● شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق فوتوگرافلار جەمئىيىتى 29-نويابىر ئۈرۈمچى «ئىستىراھەت» مېھمانخانىسىدا ئاچقان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا دۇنيا گىننېس رېكورتى باش شتابىنىڭ مەسئۇلى ئەختەمجان ئەنۋەرگە دۇنيا گىننېس رېكورتى ياراتقانلىق گۇۋاھنامىسىنى بەردى.

ئەختەمجان ئەنۋەر بۇ يىل ئالتە ياشتا بولۇپ، ئاتىسى ئەنۋەر ئابدۇھېلىم ئاتاقلىق فوتوگراف، شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ فوتوسۈرەت مۇخبىرى، ئاپىسى خەيرىگۈل باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. بۇندىن تۆت يىل مۇقەددەم، ئاتا ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ فوتو ئاپپاراتىغا ناھايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر فوتو ئاپپارات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى تەربىيىلەشكە باشلىغان. ئەختەمجاننىڭ تۇنجى ئەسىرى «ھاردۇق ئېلىش» ئۈچ ياش چېغىدا «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇ 1000پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت تارتتى. بۇ سۈرەتلەردىن 38پارچىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» قاتارلىق ئونغا يېقىن گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. بۇ سۈرەتلەردىن «ۋاھ، نېمىدېگەن مەززىلىك» ناملىق بىر پارچە ئەسىرى 5-نۆۋەتلىك «ئالتۇن يەر شارى لوڭقىسى» مەملىكەتلىك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت، فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىدە «كۈمۈش لوڭقا» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2000-يىلى 29-مايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى باللار باغچىسىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن «ئەختەمجان ئەنۋەر فوتوسۈرەت كۆرگەزمىسى» ئېچىلدى. بۇ ئۇنىڭ دەل بەش يېرىم ياش ۋاقتى ئىدى.

— ئالىيە ئەخمەت، ئالىيە قادىر

● «مەملىكەت بويىچە 10-قېتىملىق ئاممىۋى مەدەنىيەت يۇلتۇزى مۇكاپاتى ئۇسسۇل مۇسابىقىسى» 26-نويابىردىن 5-دېكابىرغىچە جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ مۇسابىقىدە قىرغىزچە كوللېكتىپ ئۇسسۇل «بۆلۈڭكۆل بويىدىكى ياشانغانلار رېشتىسى» ئالتۇن مېدالغا، ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدىن شەمسىيە نىياز ئورۇندىغان ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ قىزى» كۈمۈش مېدالغا، موڭغۇلچە ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل «يۇرتۇمنىڭ توپشورى» مىس مېدالغا ئېرىشتى.

- ئامىنە ئابدۇرېشىت

●17-دېكابىردىن 19-دېكابىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسلىق تېمىسى: ج ك پ 15-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى روھى ۋە ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك كومىتېتى 7-ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «غەربىي رايون بويىچە مەدەنىيەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» نىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، 2001-يىلدىكى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

يىغىننىڭ تۇنجى كۈنى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى «جۇڭگو خەلق سەنئىتى يېزىسى» دەپ نام بەرگەن كۇچا ناھىيىسىنىڭ چىمەن يېزىسى، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تاشئېرىق يېزىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ كۈيسۇ يېزىسى، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئاشىر داغۇر يېزىسى، شىخو شەھىرىنىڭ گەنخىزى، باينگو يېزىلىرى ۋە ئاقچى ناھىيىسىنىڭ سەپەرباي يېزىلىرىغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى. يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ مەركەز تەمىنلىگەن 50 يۈرۈش كىنو ئاپپاراتىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەت دەرىجىلىك 16 نامرات ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرىغا تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىن 2000-يىللىق «كوجىما ياسنورىي (شاۋداۋكاگيۇ) شىنجاڭ مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ سىرىك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىق ئەترىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «دولان چېچەكلىرى» نى ئورۇنداش گۇرۇپپىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ «تاغ ئاتا، سۇ ئانا» نى ئورۇنداش گۇرۇپپىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى قاتارلىق تۆت ئورۇن «كوللېكتىپ مۇكاپات» قا، ئادىل ھوشۇر، كۈرەش رەجەپ قاتارلىق يەتتە كىشى «كوجىماياسنورىي مەدەنىيەت مۇكاپاتى» غا، ئەركىن مىجىت، ماھنۇر غوپۇر قاتارلىق توققۇز كىشى «كوجىما ياسنورىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋۇدۇنفۇ، مىجىت ناسىر، مەتتىمىن زاكىر، يېپىلىش مۇراسىمىغا ۋۇدۇنفۇ، مەتتىمىن زاكىر، پاشا ئىشانلار قاتناشتى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر، يېپىلىش مۇراسىمىدا ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋۇدۇنفۇ مۇھىم سۆز قىلدى.

- ئامىنە ئابدۇرېشىت

● يېتىلىۋاتقان ياش ئۇيغۇر ئالىمى، دوكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى ئەسەد سۇلايمان ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت پسىخىكىسى ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى 1994-يىلىدىن باشلاپ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىدى. بۇ ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىدىن «ئۆلۈم ئېڭى ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىمىزنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى» 1999-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 4-قېتىملىق ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە «ياش تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرى» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ «تۇران بىلەن ئىراننىڭ دىئالوگى» ۋە «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى. «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» ناملىق ماقالىسى ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس شىنمىن ياسوشى ئەپەندى بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى مەريەم ساقىم خانىمنىڭ ھەمكارلىقىدا ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ توكيو مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي مەجمۇئەسىدە تەرجىمانلارنىڭ مەزكۇر ماقالىگە يازغان ئوبزورى ۋە ژۇرنال رېداكسىيىسىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن بىللە ئېلان قىلىندى. ئوبزوردا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاپتور مەزكۇر ماقالىسىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۆپ قاتلاملىششىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى نۇقتىلىق بايان قىلىش ئارقىلىق مىللەت پسىخىكىسى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىكنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان. سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي پسىخىك خاراكتېرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن يورۇتۇشقا ئىنتىلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە مۇرەككەپ تارىخىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئومۇمىي نۇقتىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى كۆزەتكەن شۇنداقلا ھازىرقى رېئال ھالىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن» (نىياز قاھار، گۈلزىنەخېلىلنىڭ «زېمىندىن كۆكلىگەن ۋۇجۇد» ناملىق ماقالىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەييارلاندى. - مۇھەررىردىن).

- ئۆز خەۋىرىمىز (M2)

## ئۇنىۋېرسال

## مۇلاھىزىلەر



# جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋە نوبېل مۇكاپاتى

سۇن شاۋسەن

جۇڭگونىڭ پۇتبول (پۇت توپى) چىلىرى «دۇنيا لوڭقىسى» مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا يارىمىغاندەك، جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرىمۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. پۇتبول ئويناش چەك ھۇنەر، پۇتبول ئوينىغان چاغدىكى ھەربىر ھەرىكەتنى تاماشىچىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ھارامزادىلىك ئىشلىمەيدۇ، قايىل بولمايمەن دېسىڭىزمۇ قايىل بولماي ئىلاجىڭىز يوق.

لېكىن، ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنداق مۇكاپاتنى بېرىشتە ئەھۋال ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ، ھەر تەرەپلىمە ئامىللار چېتىشلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرى پۇتبولچىغا ئوخشاش تەڭلىك - خىجالەتچىلىك تارتىپ يۈرمەيدۇ، كۆرسىتىدىغان باھانە - سەۋەبلىرى يېتىپ ئاشىدۇ. مۇكاپات ئالالماسلىقنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا، بەزىلىرى غەرب مەدەنىيىتى شەرق مەدەنىيىتىگە خۇسۇمەت قىلىدۇ، دەيدۇ؛ بەزىلىرى خەنزۇ تىلىنى تەرجىمە قىلىش قىيىن، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ بېرەلمەيدۇ، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلىرى شېۋىتسىيەدىكى نامزات تاللاش ھەيئىتىنىڭ بىلىدىغانلىرى چاغلىق، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلىرى بولسا، نوبېل مۇكاپاتى دېگەن‌كارى - بارى چاغلىق بىر نەرسىكەنغۇ! دەپ پىسەنتىگە ئالمايدۇ. بۇنداقلارنىڭ سۆزىنىڭ ئورامىغا قارىغاندا، مۇكاپاتنى بەرسىڭىزمۇ ئالماسمىش. نوبېل مۇكاپاتى ئالغان چەتئەل يازغۇچىلىرىنى ياراتمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى نوبېل مۇكاپاتى ئالغان (ياپونىيىلىك) داجاڭجەنسەنلاڭ شەرقلىقلەرگە مەنسۇپ يازغۇچى ئىدى، شۇ چاغدا ئۇ ئالۋاستى ياپونەك قانچىلىك بىرنېمىتتى! دېيىشتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا بىر-بىرلەپ تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن بولسا، ھەممىسىنىڭ ئاغزى يۇمۇلۇشقا باشلىدى. داجاڭجەنسەنلاڭنىڭ ھېكايىلىرىدا ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدىكى پىكىر-مۇلاھىزىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا

## ئىبرەت ۋە ئۆزىنى تونۇش

جۇڭگونىڭ ھازىر ھايات تۇرغان يازغۇچىلىرىدىن يېتىشەلەيدىغىنىنى تېخى تاپقىلى بولمايدۇ. باشقىلارنى ياراتمىغانلىقىمىز دەل ئۆزىمىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ چاغلىق ئىكەنلىكىدىن بولماقتا.

جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە يەنە زادى قانچىلىك مۇساپە باردۇ؟

ئاۋۋال نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تارىخىغا قاراپ باقايلى: 1895-يىلى نوبېل مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغان چاغ دەل جۇڭگودا پادىشاھ گۇاڭشۈي پۇقرالار شەرقىي شىمالدىكى كەڭ كەتكەن يەرلەرنى ئېچىپ زىرائەت تېرىسا بولىدۇ، دەپ شەپقەت قىلغان يىل ئىدى، يەنى تۈڭكېڭ، ۋۇيىڭ، تاڭۋاڭ دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا، گۇەنيىڭ تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە پۇقرانىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان يىل ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى شۇ بىپايان زېمىن ئۇلۇغ مەنچىڭ خانلىقىنىڭ «پادىشاھلىق يېرى» بولۇپ، پۇقرانىڭ قەدەم بېسىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. ئۇ يەر ھازىرقى كۆندىكىدەك «تەبىئىي قوغدىلىدۇ»غان يەر ئەمەس ئىكەن، ئاتا-بوۋىمىزنىڭ روھى ئاياغئاستى بولمىسۇن، دەپ ئادەم ئايىغى تېگىش مەنئى قىلىنغان يەر ئىكەن.

مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، نوبېل مۇكاپاتىنى شىۋېتسىيە پادىشاھى ئۆز قولى بىلەن تارقىتىدىكەن.

بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ پەرقىگە قاراپ باقايلى: مۇبادا نوبېل جۇڭگودا تۇغۇلغان بولسا، ئۇلۇغ مەنچىڭ پادىشاھى دۆلەت تەۋەلىكىگىمۇ قارىمايدىغان شۇنداق مۇكاپاتنى تەسىس قىلىشقا ماقۇل بولارمىدى؟ شۇنچە نۇرغۇن مۇكاپات پۇلىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلماي، چەتئەللىكلەرگە بېرىۋېتىشىنىڭ ئۆزى ۋەتەنسىزلىك - ۋەتەنگە خائىنلىق بولامدۇ؟ تۇزكورلۇق ئەمەسمۇ؟ دېمەك، نوبېل شۇ زاماندا جۇڭگودا بولغان بولسا كاللىسى كېتەتتى. ئۆز ۋاقتىدا نوبېل دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئىنسانلار ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئالىملارنى، ئەدىبلەرنى ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن مۇكاپاتلاشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا، شۇ چاغلاردا جۇڭگودا زەكىي (دانىشمەن) ئادەملەر قەھرىتان سوغۇق كۆنلەردە خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، «سىشتەيخۇ ئانا»غا ئالتۇن قېزىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغانىكەن. ئۇ يەردە بىر ئالتۇن كانى مەخسۇسلا سىشتەيخۇنىڭ پەردازلىق ئۇپا-ئەڭلىك خىراجەتلىرىگە ئاتالغانىكەن. دېمەك، ئوخشاش بىر زاماندا ئىككى دۆلەتتە ياشىغان زەكىيلەر نەزەر دائىرە ۋە تەپەككۇردا ئەنە شۇنداق ئاسمان-زېمىن پەرق قىلىدىكەن!

نوبېل مۇكاپاتىغا نامزات تاللاش جەھەتتىكى خىلمۇخىل قۇسۇرلارنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن. لېكىن بىز جۇڭگو ئادەملىرىگە باھالىتىدىغان - تاللىتىدىغان بولسا، ئىش قانداق بولار؟ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگودا ھۆكۈمەت ماقۇل كۆرگەن ئالىي ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىنى تولا چاغلاردا پۇقرا ئانچە ماقۇل كۆرمەيۋاتىدۇ، يەنى راۋا بولمايۋاتىدۇ. پۇقرا ماقۇل كۆرگەنلىرىنى ھۆكۈمەت ئانچە ماقۇل كۆرمەيۋاتىدۇ. تېلېفىلىمى جەھەتتە تامامەن پۇقرا باھالاپ بېرىدىغان قانداقتۇر بىرقانداق مۇكاپات تەسىس قىلىنغانىدەك بولۇۋېدى، ئاقىۋەتتە ماقۇللاش چېكى سېتىۋالىندىغان، ماقۇللىغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى ياغلايدىغان رەسۋاچىلىق يۈز بەردى.

دېمەك، نوبېل مۇكاپاتىغا جۇڭگونىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى يارىمايلا قالماستىن، نوبېل مۇكاپاتىغا باھالاپ تاللاش مۇھىتىمۇ ناھايىتى ناچار. ئەگەر بۇ دۇنياۋى چوڭ مۇكاپات ئۈچۈن باھالاش - تاللاش ئىشى جۇڭگولۇقلارغا قالىدىغان بولسا، چوقۇم رەسۋايى ئەزىم بولىدۇ.

1999-يىللىق نوبېل مۇكاپاتى گېرمانىيىلىك گراسقا بېرىلدى، شۇ چاغدا جۇڭگولۇقلار غىدىڭ-پەدىڭ قىلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ «قەلەي دۇمباق» ناملىق ئەسىرى بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا مەلۇم بولغانىدى. ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىدىن گەپ ئاچمايلا تۇرايلى، گراسنىڭ گېرمان مىللىتىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن گېرمان فاشىستلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلالىشى، ھىتلېرنى شۇنچە قەبىھ-رەزىل قىلىپ تەسۋىرلىيەلىگەنلىكى ئاسان گەپ ئەمەس. مەن ئويلايمەنكى، چىڭگىزخاننىڭ قارا نىيىتى ھىتلېرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا دۇنياغا يېگانە خوجا بولماقچى. چىڭگىزخان ياۋۇزلۇقتا ھىتلېردەك بولمىسىمۇ، ئېھتىمال ئادەملەرنى خۇددى گۆش توغرىغاندەك توغرىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇنداق بولمىسا، موڭغۇلىيە چۆلىدىن قانداق قىلىپ ۋولگا دەرياسىغىچە بارالىسۇن؟ چىڭگىزخان جۇڭگودا يازغۇچىلار، شائىرلار ئىزچىل مەدھىيىلەيدىغان ئۇلۇغ قەھرىمان بولۇپ كەلمەكتە، ياۋروپالىقلار نەزىرىدە بولسا، ھىتلېردىن قېلىشمايدىغان ئەزرائىلدۇر. جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرى ھازىر خان-پادىشاھلارنى - چىن سىخۇاڭ، خەن ۋۇدىدىن تارتىپ تاكى كاڭشى، چيەنلۇڭغىچە زوق ۋە شەۋق بىلەن مەدھىيىلىمەكتە. بۇ يەردە گەپ بۇنداق مەدھىيىلەرنىڭ گراسنىڭ ھىتلېرنى پاش قىلىشتىكى ئويلىرى ئوتتۇرىدا قانچىلىك پەرق بارلىقى مەسىلىسىدە ئەمەس، ئوي-پىكىرنىڭ بىر-بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىدىدۇر. «يۇڭجېڭ خانلىقى» ناملىق تېلېفىلىمدا پادىشاھلارنىڭ ئۆزيېنىدىكى ھەرەم ئاغىلىرىغا ئۆزىنىڭ سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇ فىلىمنىڭ ئاپتورلىرى، رېژىسسورلىرى شۇ ئەركەكلەرنىڭ ئاغۋات بولغاندىن كېيىن، يەنى پىچىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئاندىن يۇڭجېڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغانلىقىنى بىلەمدىكى - تاڭ؟ ھىتلېر شۇنچە قەبىھ - زالىم بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەركەكلەرنى پىچىپ تاشلىماپتىكەن. «ياڭجۇدىكى ئون كۈنلۈك قەتلىئام»، «جىيادىڭدىكى ئۈچ كۈنلۈك قەتلىئام»لار ھىتلېرنىڭ ئوسۇشىم

جازا لاگېرىدىكى قىرغىنچىلىقىدىن قىلچىلىكمۇ قېلىشمايدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئۇلۇغ مەنچىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەنەشۇنداق ياۋۇزلۇقلىرىنى پاش قىلماقتا يوق، ئۇلارنىڭ «رەھىم-شەپقەت ۋە پەزىلى - پەزىلەت»لىرىنى ھەدەپ مەدھىيىلەۋاتسا، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، ئۇلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتى بىلەن بولغان ئارىلىقى قانچىلىك باردۇ؟

بۇ ماقالە ئەسلى «بۈگۈن ئاخشام گېزىتى»نىڭ 2000-يىل 20-ماي سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل ئاۋغۇست سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# «جۇڭگولۇقلارغا نوبېل مۇكاپاتى بەرگۈدەك»

يۈجيەنگو

نوبېل مۇكاپاتىغا نامزات تاللاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، خەنزۇچە خەتتىن ئاز-تولا ساۋاتى بار ∝ ئەپەندى يېقىندا جۇڭگوغا خۇسۇسىي ساياھەت قىلىپ كەلگەندە ئايرودرومدىن چىقىپ بەشيۇلتۇز دەرىجىلىك بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. يۇيۇنۇش ئۈچۈن تازىلىقخانىغا كىرىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، چاي ئۈستىلىدە تۇرغان گېزىتتىكى «راك كېسىلى ئەمدى ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل ئەمەس بوپقالدى» دېگەن ناھايىتى چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان چوڭ ئېلانغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەسپىي ئادىتى بويىچە ئولتۇرۇپ تەپسىلىي ئوقۇپتۇ. شۇ ئولتۇرغىنىچە گېزىتنىڭ باشقا بەتلىرىدىكى ئېلانلارنىمۇ ئوقۇپتۇ. قارىسا، ئۇنى ھەيران قالدۇرغان مۇھىم ئۇچۇرلار بار ئىكەن:

«بىر ھەپتىدىلا ئورۇقلىتىدۇ، ھەرگىز قايتا سەمرىتمەيدۇ!»

«قەنت كېسىلىنى ساقايتقىلى بولمايدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ؟»

«ئاياغنىڭ پېتىكى بويىڭىزنى ئۆستۈرىدۇ، بىر ئايدىلا ئۈنۈمىنى كۆرىسىز!»

. . .

∝ ئەپەندى دىققىتىنى يىغىپ ئولتۇرۇپ بۇ ئېلانلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى قانلىرى ھەيرانلىق ۋە ھاياجاندا مەۋج ئۇرۇپتۇ.

— پاھ! دەپتۇ ئۇ، — بۇلار ھازىرقى كۈندە دۇنيادا تېخى ھەل بولماي كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەر ئىدىغۇ! ھەر قانداق ئادەم بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى ھەل قىلالىسا، شۇ ئادەم نوبېل تىببىي مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەيدۇ. جۇڭگولۇقلار بۇ بىرنەچچە قىيىن مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىۋېتىپتۇ، شېۋىتسىيىدىكى كەسپداشلىرىم بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپسا ھەيرانلىقتا ئاغزى ئېچىلىپ، ھاياجان ئىچىدە نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالمايدىكەن-دە! ھازىر ئۇلارغا تېلېفون بېرىۋېتىدىغان بولسام، ئۇن مىنۇتقا قالماي پۈتكۈل دۇنياغا پۇر كېتىدۇ!

∝ ئەپەندى يۇيۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، نوبېل مۇكاپاتى ئىشخانىسىغا بىر پارچە مەلۇمات يېزىش نىيىتىگە كەپتۇ، باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايلا، بارماقلىرىنى يان كومپيۇتېرىنىڭ توپچىلىرى ئۈستىدە ئوينىتىشقا باشلاپتۇ:

«رەئىس ئەپەندىم:

جۇڭگو ھەقىقەتەن قالتىس سىرلىق ئەل ئىكەن، بىزنىڭ نامزات تاللاش ھەيئىتىمىز تەكشۈرۈپ بىلىش، چۈشىنىش جەھەتتە تولىمۇ چولتا ئىكەن، نەزىرىمىز پەقەت ئەدەبىياتقىلا مەركەزلىشىپ قاپتۇ، جۇڭگونىڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكىسىنى كۆزگە ئىلماپتۇق، ھەقىقەتەن ھەسرەت-نادامەت قىلىدىغان ئىش بوپتۇ! بۇ، بىزنىڭ 20-ئەسىردىكى ھەممىدىن چوڭ سەھۋەنلىكىمىز ئىكەن! مېنىڭ ھازىرچە مۆلچەرلىشىمچە، مەلۇم جۇڭگولۇقلارغا ئاز دېگەندىمۇ تۆت نوبېل مۇكاپاتى بېرىشنى قازا قىلىۋېتىپتۇق! بۇ ئادەملەر تولىمۇ كەمتەرمىكى ياكى قاپاقباشمىكى - تاڭ؟! شۇنچە مۇھىم كەشپىياتلىرى بار تۇرۇقلۇق نېمىشقا دۇنياۋى چوڭ مۇكاپات ئېلىش خىيالىغا كەلمىدىكى!؟ ھە، ئېھتىمال بۇلار ئۇلارنىڭ ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان سىرىدۇ، چەت ئەللەرگە تارقاتقۇسى كەلمىگەندۇ! مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنىنى بالدۇرراق ئالسۇن، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرگە پاتراق قۇتاتسۇن!»

∝ ئەپەندى ھاياجان بىلەن تولغان بۇ مەلۇماتىنى يېزىپ بولۇپ، نامزات تاللاش ھەيئىتىنىڭ رەئىسىگە مەلۇماتىنىڭ قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش مەقسىتى بىلەن ھېلىقى ئېلاندىكى نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى مېڭىپتۇ.

لېكىن كېيىن ئاڭلىساق، ∝ ئەپەندى شېۋىتسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېلىقى مەلۇماتىنى يىرتىپ تاشلاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: ∝ ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى ناھايىتى سېمىز ئايال ئىكەن، ∝ ئەپەندى ھېلىقى «ھەرگىز قايتا سەمرىتمەيدۇ» دېگەن ئورۇقلىتىش تېخنىكىسىنى ئاۋۋال رەپىقىسىگە ئىشلىتىپ كۆرگەنىكەن، نەدىكىنى، قىلچە كار قىلماپتۇ!

بۇ ساتىرا «شەھەرسەھىرى گېزىتى»نىڭ 1999-يىل 13-ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1999-يىل نويابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# خان - پادىشاھلار ئەزەلدىن ناكەسلەرنى خىزمەتكە سالىدۇ

فېڭ دۇگشۇ

جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ياخشى نىيەتلىك ۋەزىر-ۋۇزرالار ۋە دانالار خان - پادىشاھلارنى ئەلنىڭ غېمىنى يېيىشكە، «دانالارنى خىزمەتكە قويۇپ، ناكەسلەردىن ھەزەر ئەيلەش»كە دەۋەت قىلىپ كەلگەنىكەن؛ «ياخشى ئادەملەرگە يېقىن بولۇپ، نامەردلەردىن يىراق تۇرۇش» لازىم دەپ مەسلىھەت بېرىپ كەلگەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، تارىختا ئۆتكەن خان-پادىشاھلارنىڭ تولىسى بەزى «چاكىنا - ناكەس» ئادەملەرنى قەدىرلەپ ئىشلەتكەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگەن چاغلاردا، خان - پادىشاھىمىز ناكەسلەرنىڭ ئالىسىنى كۆرمەپتۇ، ئۇلارغا ئالدىنىپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئىشقا قويۇپ خاتا قىپتۇ، دەپ خان - پادىشاھلار ئۈچۈن ھەسرەت چەككەن ئەھۋاللارمۇ بار ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ئاز-تولا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان خان - پادىشاھلار مەيلى ئادەملىك سۈپىتى بىلەن بولسۇن ياكى خان - پادىشاھلىق سۈپىتى بىلەن بولسۇن، ئادەملەرنى تونۇشنى، «دانالارنى خىزمەتكە قويۇپ، ناكەسلەردىن يىراق تۇرۇش» لازىملىقىنى بىلمەي قالمايدۇ.

ئەمىسە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە خان-پادىشاھلار (مەيلى ئۇلار شاھ - سۇلتان، خان - پادىشاھ ياكى باشقا بىر سۈپەت بىلەن ئاتالسۇن) نېمىشقا بەزى «چاكىنا-ناكەس» لەرنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ناكەسلەرنى قەدىرلەپ ئىشلىتىشكە موھتاج.

تارىختا ئۆتكەن فېئودال خان-پادىشاھلاردا دېموكراتىيە ئېڭى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس (ياۋروپادىكى ھازىرقى بەزى ئاساسىي قانۇنلۇق مونارخىيە 〈 ئاساسىي قانۇنلۇق خان - پادىشاھلىق 〉 تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ خان - پادىشاھلىرى بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ). ئۇلار تەختتە ئولتۇرغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىلا ھەرىكەت قىلىش بىلەن توختاپ قالماستىن، ھوقۇق دەستۇرىنى ئەۋلادلىرىغىمۇ مىراس قالدۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلغان. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئەقلى ئىشلەيدىغانلىرى ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن بەزى دىيانەتلىك، ئابرويلۇق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان زېرەك ئادەملەرنى خىزمەتكە قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆڭلى قارا، قولىدىن قان تامىدىغان، قولچوماق بولۇپ چاپىدىغان بەزى غالچىلارنى تاللاپ، يېقىن ياندىن دەپ گۇمان قىلىدىغان چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارغا قارشى قويۇشقىمۇ مەجبۇر بولغان. مەسىلەن، پادىشاھ خېن ۋۇدى ئۆز ۋاقتىدا قانخور جاللات دۇجۇنى قەدىرلەپ ئىشلەتكەن. ۋۇزىتيەن قالتىس زېرەك پادىشاھغۇ! ئۇ خوتۇن شۇنچە زېرەك تۇرۇپ سۈيۈنلى، لەي جۈنچېڭ، جۇشىڭ قاتارلىق سوراقچى ئەمەلدارلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى بىلمەي قالامتى؟ سۈيۈنلى نەچچە مىڭ ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرگەن؛ خەلق ئۇنىڭدىن ھەتتا يىرتقۇچ يولۋاس ۋە بۆرىدىنمۇ بەكرەك قورقىدىكەن. لەي جۈنچېڭ بولسا، يوغان داش كۈپنى ئوتتا چوغدەك قىزىتىپ، گۇماندارنى: «قېنى غوجام، كۈپكە مەرھەمەت» دەپ قىيناپ «ئىقرار» قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان جاللاتنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇ، مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرگەنىكەن. جۇشىڭمۇ بىرنەچچە مىڭ ئادەمگە بۆھتان چاپلاپ، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىكەن. ۋۇزېتيەن شۇنچە زېرەك ئايال، شۇنچە ئەقىللىق پادىشاھ بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شۇنداق ئەسكىلىكلىرىنى ئاز-تولا بولسىمۇ بىلمەي قالغانمىدۇ؟ بىرەر دانا ۋەزىر - ۋۇزرا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەھۋالنى ئېيتمىغاندۇرمۇ؟ ئەگەر ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولسا، نېمىشقا ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ؟ خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ، ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن پەيتى توغرىلانغاندا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان؛ پەيتى كەلمىگەن چاغلاردا بولسا، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىگە ياكى كۆڭلىدە گۇمان قىلىپ تۇرغان رەقىبلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن پايدىلانغان.

خان-پادىشاھلار بولۇپمۇ بىرەر چوڭ خاتالىق ياكى سەھۋەنلىك سادىر قىلىپ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان ۋە لېكىن ئۆزى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشنى، خاتالىقىغا تەن بېرىشنى خالىمىغان چاغدا، قورسىقى كۆپىدىغان ئادەملەرنىڭ چىقىشىنى بىلمەي قالمايدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خىيالىغا بىراۋلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەزى ئادەملەرنى توپلاپ ھۆكۈمرانلىقىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغىدى، دەيدىغان ئەندىشە ھەممىدىن ئاۋۋال كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن چاكىنا - ناكەس ئادەملەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەسقاتىدۇ. شۇ ناكەسلەر خان-پادىشاھتىن نارازى بولغان ئادەملەرگە ياكى نارازى بولۇش ئېھتىمالى بار، دەپ گۇمان قىلغان ئادەملەرگە بەزى پەسكەش ۋاستىلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن. مەيلى ئۇ ئادەملەر ئەلگە نۇرغۇن خىزمەت يەتكۈزگەن بولسۇن، مەيلى يوقىتىشقا ئاساس بولغىدەك دەلىل - ئىسپات تاپالمىسۇن، ئۇلارنى پەرۋاسىز ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. ئۇ ناكەسلەر خان-پادىشاھلارنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان چاغدا، ئۆزلىرىگە پەشۋا بەرگەن رەقىبلىرىنىمۇ، كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغان ئادەملەرنىمۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوقىتىپ، ھەم خان-پادىشاھلىرىنى خۇرسەن قىلىدۇ، ھەم قورسىقىغا پۈكۈپ كەلگەن غەرەزلىرىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. خان-پادىشاھلار بولسا، ناكەسلەرنىڭ شۇنداق ئەسكىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سالىدۇ.

راستچىل، دەلىل-ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەدلى - ئادالەتنى سۆيىدىغان ھالال ئادەملەر خان-پادىشاھلارنىڭ شۇنداق ئالاھىدە ھاجىتىدىن چىقىشنى راۋا كۆرەرمۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە.

پادىشاھ سۇڭ گاۋزۇڭنى مىسال كەلتۈرەيلى: ئۇنداق بولمىسا سۇنگاۋزۇڭ ئۆزىنىڭ تەسلىمچىلىك مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇرۇش تەرەپدارى بولغان يۆفىدەك دانا ئەمەلدار، قابىل سەركەردىنى شىمالدىكىلەرگە قارشى ھەدەپ ئالدىغا ئىتتىرەمتى؟ ياق! ئۇ، خانلىق تەختىدە مەزمۇت، خاتىرجەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن چىن خۇيدەك ھارامزادە ناكەسنى ئىشقا سالغان. چىن خۇي قانداق قىلىپ ۋە نېمىشقا يۆفىدەك شۇنداق يۇقىرى ئابرويلۇق ۋەزىرنى قەستلەپ ئۆلتۈرەلىدى؟ بۇنداق ئىشقا ۋىجدانلىق، دانا ئەمەلدارلارنىڭ قولى بارمايتتى. پادىشاھ سۇڭ گاۋزۇڭمۇ شۇنداق ئىشقا پەقەت شۇنداق كۆڭلى قارا، قولى قانلىق، قارابىس ناكەسلەرنى سالغان!

خان-پادىشاھلارنىڭمۇ باشقىلارغا تىنمايدىغان قەست-غەرەزلىرىمۇ بولىدىكەن. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان لى جى دادىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى ۋۇزېتيەننى چوڭ خوتۇنلۇققا ئېلىشقا ئۇرۇنغان، دېمەك شەرمى - ھايانى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان لى لۇڭجى كېلىنى يەنى ئوغلىنىڭ خوتۇنى ياڭ يۇخۇەننى ئوغلىدىن تارتىۋېلىپ خوتۇن قىلىشقا ئۇرۇنغان، بۇمۇ شەرمى - ھايانى بۇزۇدىغان ئىش. ئوقۇغان - بىلگەن، دانا، پەزىلەتلىك ئادەملەر، ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ شۇنداق شەرمى - ھاياسىز، رەسۋاچىلىقلىرىغا ياردەملىشەرمۇ؟ ياردەملىشىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھاي دەپ توسۇشى تۇرغان گەپ. ئۇلار شۇنداق شەرمەندىلىكلىرىنى تەخسىچى - خۇشامەتگۇي ناكەسلەرنىڭ شەرمىساز مەسلىھەتلىرى ۋە شاپاشلاپ قېتىراشلىرى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن.

بەزى خان - پادىشاھلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا، قولىدىن ئىش كېلىدىغان قابىل ئادەملەرگە تايانغان، ئۇلارسىز چوڭ ئىشلارنى قىلىشى ماھال (مۇمكىن بولمايدىغان، مۇمكىن ئەمەس. - مۇھەررىردىن) گەپ. لېكىن ئىشى پۈتكەندىن كېيىن ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشمۇ يەنە بىر قىيىن ئىش. ئۇلار قابىل ئادەملەر، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتا ئۇلارنىڭ شۇنداق قابىلىيىتى كېرەك؛ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولسا، ئۇلارنىڭ يۈكسەك قابىلىيىتى ۋە ئابرويى خان-پادىشاھلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت بوپقالىدۇ. مۇشۇنداق تەسىرى چوڭ، خىزمەت كۆرسەتكەن ئەزىمەتلەرنى قانداق جايلاش كېرەك؟ بۇ ئىشتىمۇ دانا ئەمەلدار ۋە پەزىلەتلىك - ياخشى ئادەملەرنى ئىشقا سېلىش مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ناكەسلەرنىڭ قولى بىلەنلا «باپلاش» كېرەك!

تاڭ پادىشاھى لى‌لۇڭجى ئۆز دەۋرىدە جاللات جىۋىن بىلەن لۇشىنى خىزمەتكە قويغاندا غەرىزى كۆڭلىگە ناھايىتى ئايان ئىكەن؛ ئۆزىمۇ ئۇلارنى تولىمۇ يارىماس ئادەم، دەپ ئېيتقانىكەن، شۇنداق بولسىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويغانىكەن. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىش -ئەمەلىدىن مەمنۇن بولۇپ، سولاقخانا - تۈرمىلەرنى كۆپ سالدۇرتۇپ، ھەممە ئادەمنى دەككە-دۈككىگە قالدۇرغانىكەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن لى‌لۇڭجىنىڭ مۇقەددەس پادىشاھلىق ئوبرازى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تەختى مۇستەھكەملەنگەنىكەن. مەقسەت - مۇرادىغا يەتكەندىن كېيىن جىۋىننى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالاپ كاللىسىنى ئالغان، لۇشىنى بولسا، چۆل - جەزىرىگە سۈرگۈن قىلغانىكەن. پادىشاھ لى لۇڭجى ۋەزىرلىرىگە: «مەن ئەخمەق بولۇپ، جىۋىننى شۇنداق خىزمەتلەرگە قويۇپتىمەن»، «ئەمدى ئۇنى لەنەتگەردى قىلدىم، ھەرقايسىڭلار خاتىرجەم بولۇڭلار» دەپتىكەن. دېمەك، ناكەسلەر ئاخىر خان-پادىشاھلارنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ قالغان. شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئادەم: ئۇلۇغ، دانا پادىشاھىمىز ئەلنى زىيانداشلاردىن قۇتۇلدۇردى، دەپ بارىكاللا ئېيتقان؛ پادىشاھ بولسا، سىياسىي جەھەتتە يەنە بەرىكە تاپقان. ھىيلە-نەيرەڭ دېگەن ئەنە شۇ.

خان-پادىشاھلارنىڭ ناكەسلەردىن پايدىلىنىپ قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئاز ئەمەس، شۇڭا بىراۋلار قەست قىلارمىكى، خەلق ئاغدۇرۇپ تاشلارمىكى دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تەختى - بەختىنى ناكەسلەردىن پايدىلىنىپ قوغداشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىشتىمۇ، ھارامزادە - ناكەس ئادەملەرنىڭمۇ «پوردىقى» يوغىناپ كەتسە، ئۆزۈمگە خەۋپ يېتىپ قالارمىكى، دەپمۇ ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. ئەنە شۇنداق چاغلاردا بۇ بىر تۈركۈم ناكەسلەردىن پايدىلىنىپ ئۇ بىر تۈركۈم ناكەسلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ؛ يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ب تۈركۈم ناكەسلەرنى ئۈجۈقتۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ستالىن ئۆمرىنى ئىستىبداتلىق بىلە ئۆتكۈزگەن يېڭى زامان پادىشاھىدۇر، ئۇ ك گ ب ناكەسلىرىنى ئىشقا سېلىپ، س س س ر كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۆتىۋەر پېشقەدەملىرىنى ۋە نۇرغۇن ئېسىل ئەزالىرىنى بىر-بىرلەپ يوقاتتى، شۇ جەرياندا ك گ ب دە تۇرۇپ ئەسكىلىك قىلىشىپ بەرگەن ئادەملەرنىمۇ بىر-بىرلەپ يوقاتتى. شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ دۈشمەنلىك بوپقالدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا قارىماققا ناھايىتى سۈرلۈك بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارمۇ ئۇنى كۆرگەن چاغلىرىدا ناھايىتى سۈر باسىدىغان بوپقالغان. لېكىن ئۇ دوستسىز، ئائىلىسىز (خوتۇنى ئۆلۈۋالغان)، يالغۇزچىلىق تارتىدىغان تولىمۇ ئېغىر كۈنگە قالدى، غەم- ئەندىشىسى كۆپەيدى، ھەر قاچان تامىقىغا زەھەر سېلىپ قويغاندۇرمۇ ياكى بىرەر قەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويمىغىدى، دەپ گۇمانسىرايدىغان بوپقالدى. دېگەندەك، ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلار دەرھال ئۇنىڭ سوئال-سورىقىنى قىلدى.

ھازىر دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەر پالانى جۇمھۇرىيەت، پۈكۈنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتالسىمۇ، دۆلەت رەھبەرلىرى ئىلگىرىكىدەك شاھ،

سۇلتان، پادىشاھ دەپ ئاتالماي، زۇڭتۇڭ،ياكى رەئىس جۇمھۇر، زۇڭلى ياكى پرېمېر ۋە ياكى پرېمېر مىنىستىر، باش مىنىستىر، سەردار دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتىكى خان-پادىشاھلار ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، نامەرد-ناكەس ئادەملەرنى يامان ئىشلارغا سالغانغا ئوخشاش ئەھۋاللارمۇ يەنىلا يۈز بەرمەكتە. خەلق ئامىسى ئىلاجىسىز بولۇپ تۇرماقتا. ئۇلار خان-پادىشاھ دەپ ئاتالمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خان-پادىشاھدۇر، يېڭى زامان شىم-كاستۇمىغا ئورۇنۇۋالغان خان-پادىشاھدۇر.

---

بۇ ماقالە ئەسلى «ھەمسەپەرلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل فېۋرال سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ ئاۋغۇست سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# سىياسىي پاھىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى

## جاۋگاڭ

يېقىندا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، بەي ياڭ ئەپەندىنىڭ ئەسىرىدىن بىر تارىخىي ھېكايىنى ئوقۇپ قالدىم:

مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇيۇەنجاڭ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاسىتە بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە يوشۇرۇنچە كىيىنىپ مەھەللىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر دېھقان ئايالنىڭ لاپاس ئاستىدا توڭگۇزغا يەم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ قاراپ تۇرغىنىچە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ يېنىدىكى مەھرەملىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك قىپتۇ. شۇ كۈنى كەچقۇرۇندا ھەرەمئاغىلىرىدىن بىرى:

- ھېلىقى جۇۋاننى ئوردىغا ئەكىرىپ قويدۇق، - دەپتۇ پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ.

- قايسى جۇۋان ئىكەن ئۇ؟ - دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

- ئەتىگەندە ئالىيلىرىنىڭ كۆزى چۈشكەن، ھېلىقى توڭگۇزلارغا يەم بېرىۋاتقان ئايال، - دەپتۇ ھەرەمئاغىسى جاۋاب بېرىپ.

- ياق، ياق! - دەپتۇ پادىشاھ ئاسقىپ.

- ئالىيلىرى، ياق دەيدىلىغۇ؟! ئەتىگەن ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتىلىغۇ، تېخى خۇشنۇت بولۇپ تەبەسسۇم قىلدىلىغۇ، - دەپتۇ ھەرەمئاغىسى دەرگۇمان بولۇپ.

پادىشاھ بىر ھازادىن كېيىن چۈشىنىپ دەپتۇ:

- مەن ئۇ جۇۋاننى چىرايلىق ئىكەن، دەپ تەبەسسۇم قىلمىدىم، ئۇنىڭ توڭگۇزلارغا يەم بېرىپ بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ خەت ئىجاد قىلىشىنى ئەسلەپ قالدىم. لاپاسنىڭ ئاستىدا توڭگۇز باقمىغىنىڭ ئۆزى «ئۆي» دېگەن بولامدۇ؟! (تەرجىماندىن ئىزاھات: خەنزۇ تىلىدا «ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان 家 ھەرپى ئۈستى يېپىق يەنى ئۆگزىسى بار تاملارنى كۆرسىتىدىغان 宀 دېگەن ئالامەت بىلەن شۇ ئۈستى يېپىق تام ئىچىدىكى توڭگۇزنى كۆرسىتىدىغان 豕 دېگەن ئالامەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ يەردە ئەنە شۇ 家 (ئۆي) دېگەن خەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۈستىدە بەھس قىلىنىدۇ.) مانا شۇ چۈشەنچە خىيالىمغا كېچىپ قالدى، شۇڭا بىئىختىيار كۈلگەنىدىم.

ئاغۋات - ھەرەمئاغىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق قەبىھ پەسكەشلىكلىرىگە خەلق ئەزەلدىن نەپرەت ۋە لەنەت قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەت - ئىقبالى يامان، باشقىلارنىڭ كۆتىنى يالاش بىلەن ئەركە بالا بولىۋالىدىغان ئادەملەرنى «ناكەس»، «ھارامزادە»، «تەخسىكەش»، «غالچا» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. چەت ئەللەردىمۇ شۇنداق. توغرا ئادەملەر ئۇنداق نامەردلەر بىلەن ھەرگىز باردى - كەلدى قىلمايدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق ناكەسلەرنى «سىياسىي پاھىشە» دەپ پەسلەشتۈرىدۇ.

مەيلى «غالچا»، «تەخسىكەش» بولسۇن، مەيلى «ھارامزادە»، «ناكەس» دېيىلسۇن ۋە مەيلى «سىياسىي پاھىشە» دېيىلسۇن، بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى پەس تەبىئىتىگە، قىلىق - ھەرىكەت جەھەتتىكى چاكىنىلىقىغا قىلىنغان تەنىدۇر. بۇنداق تەنە قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار سىياسىي تۇرمۇشتا پرىنسىپسىز بولىدۇ، غەرەزلىك خۇشامەت، تەخسىكەشلىك قىلىدۇ، ماختاش يولى بىلەن (تاجدارلارنىڭ) قانىتى ئاستىغا كىرىدۇ، قولتۇقىغا كىرىۋالىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەقىدىسى شۇكى، ئۇلار ئۆز نەپسىدىن كەچكەندە ئاندىن باشقىلارنىڭ قولتۇقىغا كىرگىلى بولىدۇ، خۇشامەت قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ كۆزىگە ياقىدىغان بولىدۇ، كىم ئېمىتىسە ئاناڭ شۇ، كىم بېشىڭنى سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ دەيدىغان مەككارلىق پەلسەپىسىگە ئەقىدە باغلايدۇ. ئۇلار شۇنىڭغا قالتىس ماھىركى، ئۇلار «نەزەرىيىنى ئەمەلىي پايدا-نەپكە باغلاش، رەھبەرلەر بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، ئاغزىدىن شال ئاققۇزۇپ ماختاش ۋە ماختىنىش» دېگەندەك چاكىنىلىقلارغا ئۇستا. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نومۇس، ئىزا-ئەلەم دېگەننى بىلمەيدىغان «كۆتكۆچى قىز» لار ۋە رەسۋا جالاپلار قاش-كۆزىنى ئوينىتىپ ناز-كەرەشمە قىلىش ۋە ئۆپۈشتىنى سېتىش يولى بىلەن پۇل تاپسا، سىياسىي تۇرمۇشتىكى قىلچىلىكمۇ سىياسىي ۋىجدانى بولمىغان ناكەسلەر، سىياسىي پاھىشىلەر پارتىيىۋى پرىنسىپقا ۋە ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك سۈپىتىگە مۇناپىقلىق قىلىپ، ھوقۇقى ۋە تەسىرى بار ئادەملەرنىڭ قولتۇقى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، بىرەر-يېرىم مەنسەپ تاپىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بەزى جايلار، تارماقلار ۋە ئىدارىلاردا چىرىكلىكنىڭ يامراپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنىڭ بۇلغىنىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئەدلىيىدىكى ئادالەتسىزلىك، ھۆكۈمەت سورۇنلىرىدىكى غەپلەت باستىلىق - مانا

بۇلار ئەنە شۇ سىياسىي پاھىشىلەرنىڭ گۇپپاڭچىلىقى بىلەن ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىكتۇر.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە بولتۇر بىر مەھەل پۈتكۈل مەملىكەتكە يۈر كەتكەن بىر خەۋەر – سەنشى ئۆلكىسىنىڭ جياڭشيەن ناھىيىسىدىكى «ساۋاتسىز باشلىق» (يەنى تىل – يېزىقتا ساۋاتسىز، قانۇن جەھەتتە ساۋاتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇزۇق) ياۋشاۋخۇڭ دېلوسى ھېلىمۇ ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ. ياۋشاۋخۇڭنىڭ ئۆزى ئاللىقاچان بويىنىغا تاقاق چۈشۈپ تۈرمىگە تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يۈز بەرگەن غەلىتە ئىشلار ھازىرمۇ كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالماقتا.

خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، ياۋشاۋخۇڭ خىزمەت ئۈستىدە تۇرغان كۈنلەردە ئىدارىغا ئىشقا بارغان چاغلىرىدا «مەھكىمىدىكى بارلىق ساقچىلار قاتار سەپ بولۇپ تىزىلىپ كۈتۈۋالىدۇ» كەن، ھەر كۈنى شۇنداق ئىكەن. ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ مۇئاۋىن باشلىقى كۈندىلىك خىزمەتكە بارغان چېغىدا، ئۇنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش رەسمىيىتىنىڭ كۆلىمى ئېكىسكۇرسىيىگە كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلارنى، خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن رەھبەرلەرنى كۈتۈۋېلىش كۆلىمىدىن قېلىشمايدىكەن. بۇنىڭغىمۇ مەيلى دەيلى، ياۋشاۋخۇڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ھەر تەرەپتىن سىستېمىلىق ھالدا رەسىم يوسۇنى بىلەن كۈتۈۋېلىنىدىكەن. ئولتۇرغان پىكاپى توختار-توختىمايلا «پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئادەم ھازىر بولىدۇ» كەن، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەمدىلا 40 ياشقا كىرگەن بۇ باشلىق جانابلىرىنى «قولتۇقىدىن يۆلەپ پىكاپتىن چۈشۈرىدىغان ئادەم تەييار تۇرىدۇ» كەن، ؛ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «ئالدىغا چاي ھازىرلاپ قويىدىغان ئادەم ھازىر تۇرىدۇ» كەن؛ رەھبىرىنىڭ بېلىدىكى كەمىرىنى بوشىتىپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويىدىغان، دىۋاندا راھەت ياتقۇزۇپ قويىدىغان ئادەملەرمۇ تەييار ئىكەن؛ «ئىسسىق سۇ ئەكىرىپ پۇتىنى يۇيۇپ قويىدۇ» غان، باشلىق غوجام دەپ «ئۇچىسىنى تۇتۇپ راھەتلەندۈرىدىغان» ئادەملەرمۇ بار ئىكەن («شەنشى – گەنسۇ شەھەر گېزىتى» نىڭ 1999-يىل 3 - ئۆكتەبىر سانىغا قاراڭ). بۇ خەۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىختىيارسىزلا ھەيران بوپقالدىم: بۇنى قانداقمۇ «خەلق خىزمەتكارى» دەپ تەرىپلىنىدىغان كوممۇنىست كادىرنىڭ خىزمەت ئىستىلى دېگىلى بولسۇن؟! بۇ بەئەينى قارا جەمئىيەت دەپ ئاتىلىدىغان ئۆكتەملەر جامائىتىنىڭ چوڭ غوجىسى ئۆز تەۋەسىدە ئۆكتەملىك قىلغىنى، خالىغىنىچە زۇلۇم – سىتەم قىلغانلىقى ئەمەسمۇ؟!

ياۋشاۋخۇڭ ئەسلى تەبىئىتىدىن بۇزۇق لۈكچەك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دېيىش ھەم مۇمكىن. ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇنى تۈغ – شەددە قىلىپ تۇرۇدىغان ئادەملەر نېمىش قىلىدىكەن؟ ياۋشاۋخۇڭ تېنىم قۇۋۋەت تاپسۇن، دەپ ئادەم سۈتى ئىچمەكچى بوپقالسا، ئۆزىنىڭ سۈت ئېمىۋاتقان بالىسىنى دەرھال ئەمچەكتىن ئايرىپ، خوتۇنىنىڭ سۈتىنى ئۆزىنىڭ شۇ باشلىقىغا «ھىممەت» قىلىپ ئاپىرىدىغان ئادەم بار ئىكەن؛ ياۋشاۋخۇڭ قەنت كېسەللى بوپقالدىم، چېكەتكە داۋا بولىدىكەن دېگەندە 30 نەچچە ئادەم پىدائىي بولۇپ، شاپاشلاپ ئاياغ-پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ، «ئېتىزلىقلاردا چېكەتكە تۇتقان» ئىكەن؛ ياۋشاۋخۇڭ جياڭشەن ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز – ھال ئېيتىپ كەلگەنلىكىگە خاپا بولۇپ، «بىر تۈركۈم سوت ساقچىسى» نى دەۋرىتىپ چىقىرىپ، بىگۇناھ پۇقرانى كالتەكلەپ، ئۇلارغا قاتتىق جەبىر-زۇلۇم قىلغان؛ ياۋشاۋخۇڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى «يولۇمنى توسۇۋالدى» دەپ زارلانغاندا، بىراۋلار ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپ، شۇ سوتچىنى مۇشتلاپ، قولاق پەردىسىنى تېشىۋەتكەن. تېخى بۇنى ئازدەپ، يۈنچىڭ ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى شۇ سەۋەب بىلەن ياۋشاۋخۇڭنى قولغا ئالماقچى بولغاندا، بىراۋلار «شۇ كۈنلا خەۋەر يەتكۈزۈپ»، ئۇنى كېچىلەپ نۇرغۇن پۇل بىلەن قاچۇرۇۋەتكەن. تېخىمۇ كۈلكىلىك ھەم رەزىل بىر ئەھۋال شۇكى، دەل شۇ چاغدا بىراۋلار سەنشىنىڭ ئۆلكىلىك گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، ياۋشاۋخۇڭنى ھەدەپ ماختاپ، ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان، پۇقراغا زۇلۇم سالغان، كۈنىنى ئاشنا ئويناش بىلەن ئۆتكۈزۈدىغان، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بۇ بۇزۇق شەددادتىنى «14 يىلدىن بۇيان ھارماي-تالماي ئىشلىگەن»، «مەھكىمىگە ئۆز ئائىلىسىدەك جان كۆيدۈرگەن» «ھەق، ھەققانىيەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن»، «ئاجىز، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولغان»، «كارخانا ۋە شەخس ئۈچۈن سەككىز مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى زىياندىن ساقلاپ قالغان»، «نەمۇنىچى» دەپ كۆككە كۆتۈرگەن. كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، ھەتتا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى يېتىپ كېلىپ، ياۋشاۋخۇڭغا مەجبۇرىي تەدبىر قوللىنىش قارارىنى چىقارغاندا، يەنە بىراۋلار: «ناھايىتى دەل ۋاقتىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغان»، شۇنىڭ بىلەن ياۋشاۋخۇڭ كارامەت قىلغاندەكلا يەنە بىر قېتىم قېچىپ كەتكەن («خاربىن گېزىتى» نىڭ 1999-يىل 10-ئىيۇل سانىغا قاراڭ). دېمەك، بۇ ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىنى توغرا ئادەملەرنىڭ ئىش-ئەمەلىگە قىلچىلىكمۇ ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، كوممۇنىستلارنىڭ، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئوبرازىغا يېقىن يولاتقىلى تېخىمۇ يارىمايدۇ.

تېگى – تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ ئادەملەر ئۆز كۆڭلىدە كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتىنى دەۋىدە (ئەسلى توغرا يېزىلىشى: دەربەدەر. – تەرجىمان ئىزاھى) – ساياقلارنىڭ ئۇيۇشمىسى، دەپ قارىغان؛ پارتىيە تەشكىلاتىغا تايىنىش پرىنسىپىنى شەخسنى مازار خوجام قىلىپ چوقۇنىدىغان گېزەندىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامىغا ئۆزگەرتىۋالغان. ئەمەلىيەتتىن مەلۇمكى، كىمىكى سىياسىي پاھىشە ئورنىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە

نە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى، نە تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە ياكى دۆلەت قانۇنى بولسۇن، خۇددى پاسىق «كۇتكۇچى قىز» لارنىڭ ئىپپىتىنى ساتىدىغان چاغدا نومۇسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغىنىدەك، ھەممىسى تاغنىڭ ئارقىسىغا چۆرۈپ تاشلىنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، قېپقالىدىغىنى پەقەت شەرمەندىلەرچە نەپ-پايدا سودىسى ۋە نەپسى ئاۋارىچىلىقى ئىكەن.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، نامەردلەر يامراپ كەتكەن، ناكەسلەر نۇسرەت تاپقان، سىياسىي پاھىشىلەر كۆپىيىپ كەتكەن جايلار، تارماقلار ۋە ئىدارىلاردا تىلغا ئالغىدەك ئىمان-ئېتىقاد بولۇشى، رىئايە قىلغىدەك پرىنسىپ بولۇشى، ھەق-ناھەقنى ئايرىدىغان مىزان بولۇشى ناتايىن، ئۇ يەرلەردە ياخشىنىڭ تەقدىرلىنىشى، يامانىنىڭ جازالىنىشى ماھال گەپ؛ خىيانەتچى چىرىك ئۇنسۇرلار خۇددى بېلىق سۇدا ئۈزگىنىدەك يايراپ يۈرۈشى، ناچار ئىستىل ۋە قەبىھ قىلىقلار پەرۋاسىز ئەۋج ئېلىشى مۇقەررەر.

چىرىك ئۇنسۇر خۇچاڭچىڭ(پارە بېرىش يولى بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ئورنىغا چىققان، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. - ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن) قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ھەسرەت چېكىپ: ئىرادىدە بوشاڭلىق قىلىپ، ئوبدان ئېھتىيات قىلمىغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەسلەپتىلا چىرىكلىككە پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ياخشى شارائىتمۇ مېنىڭ چىرىكلىشىشىمگە ئاساسىي سەۋەب بولدى» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى ئاساسسىز ئەمەس. ئەگەر ھىممەت بىلەن خۇشامەت قىلىدىغان ، ۋىجدانسىزلىق بىلەن كۆچۈكلىنىدىغان سىياسىي پاھىشىلەر بولمىسا، چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆز مۇددىئاسىغا شۇنچە ئاسان يېتىشىگە ئۇنچە چوڭ ئىمكانىيەت تۇغۇلمىغان بولاتتى. ئويلاپ باقايلى، پارتىيىۋىيلىكىنى، ۋىجدانىنى، پرىنسىپىنى يوقاتقان شۇ سىياسىي پاھىشىلەر بولمىسا، خىيانەتچى چىلىك كېجىي (مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. - ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن) يەر - جايغا رۇخسەت قەغىزى بېرىش، قۇرۇلۇشلارنى پىلانغا كىرگۈزۈش، بانكىدىن پۇل قەرز بېرىش ۋە كەم تېپىلىدىغان بازارلىق ئەشيا - بۇيۇملار ئۈچۈن يوللانما بېرىش جەھەتلىرىدە توسالغۇسىز يېشىل چىراغ يېقىپ بېرەلەرمىدى؟ ئەگەر شۇنداق غەرەزلىك ھالدا «خوش تەقسىر» دەپ تۇرىدىغان ، ھوقۇقلۇقلارنىڭ تاپىنىنى يالاپ، يامانغا يانتاياق بولىدىغان سىياسىي پاھىشىلەر بولمىسا، جيەنجاڭ، شيامېن شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەر-دىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار شۇنداق رەسۋايى ئەزىم بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا پېتىنالارمىدى؟ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تامۇژنا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، چېگرا مۇداپىئەسى، سودا-سانائەت ۋە باج قاتارلىق تارماقلارنى پەسەنتىگە ئالماي، توسقۇنسىز ئەتكەسچىلىك قىلالارمىدى؟

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەريانىدا دىققىتىمىز كۆپىنچە چىرىك ئۇنسۇرلاردىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سىياسىي پاھىشىلەردىن ئانچە ھوشيار بولالماي قالىمىز. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىن ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ، چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ «پايدىلىق ياخشى شارائىتلىرى» نى يوقىتىش ئۈچۈن ، ھاپىنغا چاپتى بولىدىغان سىياسىي پاھىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سىياسىي تۇرمۇشنى پاك مۇھىت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

بۇ ماقالە «قىلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2000-يىل 2-ئىيول سانىغا بېسىلغان.

## ساختا مەنسەپ مىراسى

**مى ساڭيۇ**

مەنسەپنى ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرۇش تۈزۈمى جۇڭگودىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى. قەدىمكى زاماندا مەيلى كەم بولسا بولسۇن، ئاقساق-چولاق، چوقۇر - ئالغاي بولسىمۇ، قوڭنى تەختكە قويۇپلا ئالسا، ئۇ يەردىن ھەرگىزمۇ چۈشمەيدىكەن؛ ھايات ۋاقتىدا چۈشمىگىنى يەتمەي، ئۆلۈدىغان چېغىدا تېخى بالىلىرىغا قالدۇرۇدىكەن، بالىلىرىدىن نەۋرىلىرىگە قالىدىكەن، شۇنداق قىلىپ، ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە خوجا بولۇپ ئۆتىدىكەن. ھازىرقى كۈندە شۇنداق ئاتا مىراس مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغىنىغا ئازغىنەكەم بىر ئەسىر بوپقالغان بولسىمۇ، بەزى ئادەملەر تېخىچە ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي كېلىۋاتىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا «ئۆتكەن مازار-ماشايىخلاردىن ئۈلگە ئېلىپ» تۇرماقتا. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆز مەنسىپىنى ئوغۇل ياكى قىزلىرىغا ئاشكارا مىراس قالدۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ ياكى ئىلاج قىلالمايدۇ، بۇ مىراسنى ساختىلىق بىلەن يەنى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قالدۇرىدۇ.

مەلۇم ئادەملەر مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆي، ماشىنا، پۇل غەملەش يولىدا كېچە-كۈندۈز تىنماي پالاقلىغاندىن باشقا، يەنە قىلىدىغان ناھايىتى موھىم بىر ئىشى باركى، ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن پالاقلايدۇ. بولۇپمۇ «چىرىكلىشىش ئىمكانىيىتى» دىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر بۇنى باشقا ھەممە ئىشلىرىدىنمۇ مۇھىم بىلىدۇ. پەرزەنتلىرى خىزمەتلىك بولۇپ بولغان بولسا، ئۇلارنى مەنسەپدارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىڭ ئامالىنى

ئىزدەيدۇ، ئۆزىنىڭ دەرىجىسى باشقارما باشلىقى بولسا، پەرزەنتىنى بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛ ئۆزى ئىدارە باشلىقى دەرىجىسىدە بولسا، پەرزەنتىنى باشقارما باشلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ، ۋەھاكازا. . . ھەتتا، ئەگەر ئۆزى بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىدە بولسىمۇ، پەرزەنتىگە مەنسەپدارلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈدىغان «يول خېتى» ئېلىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە شۇنداق مەنسەپ تاجىسىنى قانداق جايلاپ بېرىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ قالغان بىر سىردۇر: قول ئاستىدىكىلەرگە قىلدۇرۇشقا يولىيورۇق بېرىدىغانلىرى بار؛ كادىرلار تارماقلىرىغا ئېيتىپ قويۇدىغانلىرى بار؛ مەنسەپداشلىرىنى ياردەملەشتۈرۈدىغانلىرى بار؛ باشقىلار بىلەن ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈشىدىغانلىرى بار؛ بىر-بىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزئارا مەنسەپتە ئۆستۈرۈشۈپ قويۇدىغانلىرىمۇ بار. . . دېمەك، ئۇلار «روھىي مەڭگۈ ھايات» بولۇشتىن ئىلگىرى پەرزەنتلىرى ئۇلار ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇرۇشى ھەرھالدا مۇمكىن بولمىسىمۇ، پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرى شەرەپلىك ھالدا پېنسىيىگە چىققان چاغدىكى دەرىجىسىگە چىقىرىپ قويۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. پەرزەنتىنى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش دەرىجىگە ئۆتكۈزگەنىكەن، بۇنىڭ ئۆز مەنسىپىنى ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشتىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟ ئىش شۇ دەرىجىگە يەتسە، ئۇلار پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشقان چاغدىمۇ كۆزى خاتىرجەم يۇمۇلىدۇ!

مەنسەپدارلىق ئورنىغا ئولتۇرغىنىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان، پەرزەنتلىرى تېخى كىچىك ياشلارنىڭمۇ بەزىسىنىڭ «ئوغلۇم يولۋاس بولسۇن» ياكى «قىزىم سۇمرۇغ بولسۇن» دەيدىغان ئارزۇلىرى پىشقەدەم پەدەر - ۋالىدەلىرىنىڭكىگە ئوخشاش كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇلارمۇ مەنسەپنى شەكلى ئۆزگەرگەن ئاتا مىراسى قىلىۋېلىشتا باشقىلاردىن قېلىشمايدۇ. ئۇلار سەككىز-ئون ياشلىق باللىرىغا بۆلۈم باشلىقى، باشقارما باشلىقى دېگەندەك كادىرلىق مەنسىپىنى بىۋاستە توغرىلاپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ھوقۇقى ۋە مۇناسىۋەت يوللىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشنى بالدۇر توغرىلاپ قويالايدۇ: پەرزەنتىنى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئىدارىگە ئاۋۋال «ئىشچىلىققا ئېلىش» ئۇسۇلى بىلەن جايلاشتۇرۇۋالىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە يول تېپىپ «كادىرغا ئايلاندۇرىدۇ». ئەنە شۇنداق «جايلاشتۇرۇش»، «ئايلاندۇرۇش» نەتىجىسىدە كىچىككىنە بالا «لەڭ يەيدۇ» غان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خىزمەتكە ھەقىقىي قاتناشقان چېغىدا ئۇنىڭچە يىللىق خىزمەت ستاژىغا ئىگە بوپقالىدۇ. كېيىنلىكى قانداق بولىدىغانلىقىنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى يارىتىپ بەرگەن «ئوردىغا خىزمەتكە كىرمەي تۇرۇپمۇ مائاشلىق، مەنسەپلىك بولىدۇ» غان ئامەتلىك شەرت-شارائىتى ئادەتتىكى پۇقرالار ئۈچۈن ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرەلمەيدىغان مۆجىزىدۇر. شۇ باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر خاسىيەتلىك دادىسى بىرەر سەۋەنلىك بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ كەتمىسە ياكى تۈرمىگە كىرىپ قالمىسا، مەنسەپ دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىرەر مەنسەپ-پەنسەپكە ئېرىشتۈرۈپ قويۇشى تېخىمۇ ئاسان گەپ! دېمەك، ياشلارمۇ مەنسەپدارلار سورۇنىدا پىشقەدەم بوپقالغاندا، پەرزەنتلىرىگە مەنسەپنى ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقىمۇ يول راسلاپ قويۇشى تەبىئىي.

فېئودالىزم ئېچكى قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن، نەپسى يوغىناپ كەتكەن بەزى ئادەملەر تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى قوللىنىپ، ساختا مەنسەپ مىراسخورلۇقى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىۋاتىدۇ ، بەزى جايلاردا مىسلى كۆرۈلمىگەن غەلىتە ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە: بەزى دۆلەت ئورگانلىرىنى ئائىلە ئۇرۇقلىرى - نەسەبداشلىرى قاپلاپ كەتمەكتە، ھەر قايسى تارماق - بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى رەھبەرلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بوپقالماقتا. جيەنى ياكى كۈيئوغلى بېلەت ياكى گۇۋاھنامە بېرىدىغان، دادىسى ياكى تاغىسى تەستىقلاپ قول قويۇپ بېرىدىغان، ئوغلى ياكى قىزى تامغا بېسىپ، ھەق ئالىدىغان بوپقالدى. خەق بۇنداق ئەھۋالنى: «ئائىلە بىلەن ئىدارە بىر بوپقالدى» دەيدىغان بولدى. بەزى جايلاردا بالا تېخى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتسا، مەلۇم مەمۇرىي ياكى كەسپىي ئىدارە رويخەتكە كىرگۈزۈپ مائاش بېرىدىكەن؛ تېخى ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە يەتمىگەن تۆت-بەش ياشلىق بالىغا خىزمەت ستاژى بېرىپ، ئۇنى كادىرغا ئۆزگەرتىپ، جۇمھۇرىيەت بويىچە ھەممىدىن ياش «دۆلەت كادىرى» قىلىۋالغان ئىدارىمۇ بار ئىكەن. شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن جۇڭگودىكى كادىرلار سېپىدە «ۋەزىپىسى ئامانەت قالدۇرۇلغان كادىر» ، «ئوقۇغۇچى كادىر» ، «بالا كادىر» دېگەندەك بىرمۇنچە «تالانتلىق ئەۋلىيا باللار» پەيدا بوپقالدى.

فېئودالىزم جەمئىيىتىدە مەنسەپنى مىراس قالدۇرۇش تۈزۈمى مۇستەبىتلىك سەۋەبىدىن ۋە رىقابەتكە يول قويماسلىق تۈپەيلىدىن بەتتەرلىشىپ كەتكەن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن خان-پادىشاھلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغانلار بارا-بارا يارىماس بوپقالغان، ھەتتا تەلۋىلەرمۇ، ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان باللارمۇ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇدىغان بوپقالغان. شۇنداق قىلىپ، مەنسەپ مىراسخورلىقىمۇ سەلتەنەتنىڭ - خانلىق دەۋرىنىڭ خارابلىشىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بوپقالغانىدى. ھازىرقى چاغدا شەكلى ئۆزگەرگەن مەنسەپ مىراسخورلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەنسەپدارلارنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىرىنى قەدىمكى پادىشاھلارنىڭكىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار پەرزەنتلىرىگە مەنسەپ غەملەشتە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغىلا چوغ تارتىدىغان جايلاردا ھەقىقىي ئىلىم - بىلىمى، قابىلىيەت - ماھارىتى بار «يات ئادەم» لەر ئۆز قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم ھالدا

مەھرۇم قالدۇرۇلدۇ؛ «ئائىلىنىڭ دۇنياسى»غا ئايلىنىپ قالغان ئورۇنمۇ مۇقەررەر ھالدا نەس باسقان ئازگالغا ئايلىنىپ قالدۇ-دە، ئاخىر بىر كۈنى گۇمران بولماي قالمايدۇ!

---

بۇ ماقالە ئەسلى «جۇڭگو كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2000-يىل 29-مارت سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل ئىيۇن سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

# 100كويچەنلىك بىر ۋاراق قەغەز پۇلنىڭ سەرگۈزەشتىسى

بۇ فېلىيەتوندا بىر ۋاراق قەغەزنىڭ «زۇۋان»غا كېلىپ، ئۆزىنىڭ «كەچۈرمىش» لىرىنى بايان قىلغانلىقى ۋاستە قىلىنىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل رەزىللىكلەر ئېچىپ تاشلىنىدۇ، يەنى ئەمەلدارلار ئىچىدىكى ئىنسابسىزلىقلار، رەسۋاچىلىقلار ماھىرلىق بىلەن پاش قىلىنىدۇ، مىليونلىغان بىچارە ئادەملەرنىڭ كەمبەغەللىكى، موھتاجلىقى ۋە مۇشكۇلچىلىكلىرى بىلەن خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ئىسراپخورلۇق بىلەن بۇزۇپ - چېچىشى، شەرمەندىلىكلىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قارامىلىق ياكى ھارام يول بىلەن بېيىغانلارنىڭ خىلمۇ خىل رەزىللىكلىرى ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىكى تولىمۇ ئوخشىتىپ تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلار ئەسەرنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا مانا مەن دەپ پەيدا بولىدۇ، مېڭىسىدە كىنو ئېكرانىدەك نامايان بولىدۇ، ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنتۇشمۇ تەس. پۈتكۈل ئەسەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى زاھىرىي كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرلار، بايانلارنىڭ تېگىدىن ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ فېلىيەتون چاڭچۈن شەھىرىدە چىقىدىغان «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2000-يىل ئاۋغۇست سانىغا «خۇنەن باج گېزىتى» نىڭ 1999-يىل 9-فېۋرال سانىدىن كۆچۈرۈپ بېسىلغان، ئەسلى ئاپتورى سىماۋ. تۆۋەندىكىچە ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى:

— تەرجىماندىن

* * *

— بۇرادەر، — قاراڭغۇدا كىمدۇر بىراۋ ماڭا گەپ قىلدى.

توخۇ كاتىكىچىلىكمۇ كەلمەيدىغان بۇ تار ئۆيدە ماڭا گەپ قىلىۋاتقان كىمدۇ؟ قارىسام، بۇ ئاۋاز پۇل قاپچۇقۇمدىن چىقىۋاتىدۇ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتسام، قاپچۇقۇمدىكى بار-يوقى بىر ۋاراقلا 100كويچەنلىك قەغەز پۇل زۇۋان سۈرۈپ سۆزلەۋاتىدۇ.

— مەن بىلمەن، — دېدى ئۇ ، — ئەتە مېنى ئاشلىق دۇكىنىغا ئاپىرىپ بىر خالتا گۈرۈچ ئالىسىز، ئاندىن كېيىن ئوتياش بازىرىغا بېرىپ ئىككى جىڭ گۆش، بىرنەچچە جىڭ كۆكتات ئالىسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ماگىزىندىن بىر بوتۇلكا ھاراق، تۆت كويچەنگە كېلىدىغان بىر پاشكا تاماكا ئالىسىز. مېنىڭ قىممىتىم شۇنچىلىك، ئەنە شۇلارنى سېتىۋېلىشقىلا يارايمەن.

— سىز ئالدىمغا كېلىپ توغرا قىپسىز، مېنىڭ ئىسمىم سىماۋ، يەنى تۆت موچەن؛ بىز تېخى نەسەبداش، بىر ئائىلىلىك بولۇپ چىقامدۇق، بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بىراق قىممىتىم ئاران تۆت موچەن. قېنى، سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭا، قۇلىقىم سىزدە.

— مەن 1990-يىلى پۇل زاۋۇتىدا مىليونلىغان ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىم بىلەن بىللە دۇنياغا كەلدىم. بىزنى دەستە-دەستە قىلىپ باغلىدى، مەن ھەممىنىڭ تېشىدا تۇرۇپتىمەن، ئىچىدىكى بەزى ئاچا-سىڭىللىرىم ئۆلگىدەك دىمىقتا بوپقاپتۇ. پۇل توشۇيدىغان ماشىنىنىڭ قېلىن ئەينىكىدىن تاشقىرىدىكى ئالىيېشىل دۇنياغا قاراپ قاپتىمەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىزنى بانكىنىڭ قاپقاراڭغۇ خەزىنىسىگە ئەكىرىپ تاشلاشتى.

مېنىڭ 1-قېتىم ئۇچراتقىنىم بىر پۇلدار غوجا بولدى. ئۇ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ھۆددىگەر باشلىقى ئىكەن. شۇ كۈنى ئۇ مېنى بانكىدىن ئېلىپ، نەمدىلىپ پەجمۇدە بوپقالغان ئالىپاساق خالتىغا سالدى، بىز نەچچە مىڭ ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل شۇنداق پەجمۇدە خالتىغا تىقىلغانلىقىمىزغا ناھايىتى رەنجىدۇق. ھۆددىگەر بىزنى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇنىڭ دالدىسىدا قايسىبىر باشلىقنىڭ ئۆيىگە باردى-دە ، بىزنى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بىر كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى باشلىققا: «باشلىق جانابلىرى، يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ئىكەن، ئالغاچ كەلگەنىدىم، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىپ ئالسىلا» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئارىمىزدىن بىر شاكىچىك كۈلۈپ سالغىلى تاسلا قالدى. بىزمۇ يەرلىك مەھسۇلات ئىمىشمىز. يەنە بىر قارىغاندا، بۇ گەپمۇ راستتەك قىلىدۇ! بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ قۇمۇش، دەرەخ قوۋزىقى، شاخ-شۇمبا يەنى ياغاچ ئىكەنغۇ! ھۆددىگەر غوجا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى باشلىق خوتۇنى بىلەن بىللە بىزنى ئالىپاساق خالتىدىن چىقىرىپ تۆكتى. پاھ! بۇ باشلىقنىڭ ئۆيى نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك! مەن پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىنى كۆرمىگەن. لېكىن پادىشاھنىڭ ئوردىسى ھەرقانچە ھەشەمەتلىك بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك بولار! باشلىق ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى خالتىدىن تۆكۈلگەن پۇلنى كۆرۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، بىزنى بىر-بىرلەپ ساناشقا باشلىدى: «دادىسى، جەمئىي 300مىڭ ئىكەن! بۇ شۇمتەك يارامىلىق ئادەم بوپقاپتۇ. دادىسى، قۇرۇلۇشنى شۇنىڭغا ھۆددىلەپ بېرەيلى». باشلىق مەن بار بىر دەستە پۇلنى ئۆزىنىڭ پۇل سومكىسىغا

سالدى. ۋاھ! ئۇنىڭ بۇ سومكىسىنى قانداق سومكا دېمەمسىز؟! «پىركادان» كارخانىسى لەھەڭ تېرىسىدىن ئىشلىگەن سومكا ئىكەن. بىز ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار يەنە بۇ باشلىقنىڭ سومكىسىغا تىقىلدۇق. بۇ باشلىقنىڭ شۇ سومكىسىدا يېرىم ئاي ياتتۇق، بىزنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈدىغان ئىش بولمىدى. چۈنكى بۇ باشلىقنىڭ يەيدىغىنى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ زىياپىتى تەييار ئىكەن، لازىملىق نەرسە-كېرەكلىرىنى باشقىلار تەييار ئەكىلىپ بېرىدىكەن، ئىدارىسىغا خىزمەتكە بارسا ئاپىرىپ-ئەكىلىدىغان پىكاپى تەييار ئىكەن. بۇنداق باشلىقلار «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ»غان ياخشى كادىرلار ئىكەن؛ ماشىنىنى ئاساسەن تەۋرەتمەيدىكەن، يەيدىغىنىغا زىياپەت ئاساسەن تەييار ئىكەن، ئىچىدىغان ھارىقىنى ئاساسەن باشقىلار ئەكىلىپ بېرىدىكەن، خوتۇن دېگەن نەرسە ئاساسەن كېرەك ئەمەس ئىكەن، شۇڭا، بۇ باشلىقنىڭ خوتۇنى بىر قانچە قېتىم جېدەللەشكەنىكەن. ھەر قاچان جېدەللىشىپ قالغاندا، بۇ باشلىقنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغانلار ياكى تەۋە ئىدارىدا ئىشلەيدىغانلار بۇ باشلىقنى كۆڭلىنى ئېچىپ قويايلى، دەپ ئوينىتىقلى ئاچىقىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى بىز بۇ باشلىق بىلەن بەش يۇلتۇزلۇق بىر ئېسىل مېھمانخانىغا باردۇق. باشلىق ئاۋۋال ناخشا ئوقۇدى، ئاۋازى ۋاھ دەپ كەتكۈچىلىكى يوق ئىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يارايدۇ، دەپ چاۋاك چالىدىغانلارمۇ چىقىدىكەن. بۇ باشلىق قۇرغۇيدەك كېلىشكەن بىر سەتەڭ چوكاننى يېنىغا چاقىرىپ، چىراغلىرى گۇڭگا يورۇپ تۇرغان خاس بۆلمىگە باشلاپ كىردى، ئاندىن كېيىن بۆلمىنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، چوكان بىلەن بىردەم ھەپىلەشتى. كېيىن بىز ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىلدىن بەشىمىزنى ھېلىقى چوكاننىڭ لىپتىكى ئىچىگە تىقىپ قويدى. ئىنىلىرىمدىن بىرى لىپتىكتىكى سۈت داغلىرىنىڭ ھىدىغا چىدىماي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتكىدەك بوپتۇ. ئۇ باشلىق بولسا بۆلمىنىڭ چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، يەنە سالاپەتلىك ئېسىل ئادەم بولۇۋالدى.

كېيىن تەلەتىدىن خۇنخورلۇق چىقىپ تۇرۇدىغان بەتبەشىرە بىر ئادەم ھېلىقى چوكاننى ئىزدەپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن 500 كويچەننى ئالدى، شۇ بەش ۋاراقتىن ئىككىسىنى چوكانغا بەردى، بىر ۋارىقىنى مېھمانخانىنىڭ دىرېكتورىغا بوسۇرۇق ھەققى، دەپ بەردى، قالغان ئىككى ۋارىقىنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. بەتبەشىرە ئادەم بىزنى بىر يەر ئاستى قىمارخانىغا ئەپكەلدى. ئۇ يەردە بىر پوزۇر ئايال ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ بېشىنى قايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەتبەشىرە ئادەم ئۆز يېنىدىكى 2000 كويچەندىن كۆپرەك پۇلنى بىر سائەتكە قالماي پاك-پاكىزە ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتى.

قىمارخانىنىڭ خوجايىنى كېچىدە ھېساب-كىتاب قىلدى، بىر كۈندە جەمئىي 30 مىڭ كويدىن كۆپرەك پۇل كىرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ كويچەننى قول ئاستىدىكى بىر چاپارمەنگە تۇتقۇزۇپ، مى مى دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوكانغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىدى. كۆپ قەۋەتلىك بىنادا ئولتۇرۇدىغان بۇ چوكان قىمارخانا خوجايىنىنىڭ كىچىك خوتۇنى ئىكەن.

بىزنىڭ يەڭگۈشلەنگەن خوجايىنىمىز مى مى خانىم بىزنى بىر ماگىزىنغا ئاپىرىپ، ئۇپا-ئەڭلىك دېگەندەك پەدەز بۇيۇملىرى بىلەن ئۇرۇقلىتىش دورىسى ئالدى. قەددى-قامىتى ۋە ھۆسنى - چىرايى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم دەسمايە ئىكەن. بىز كېيىن يەنە ماگىزىن خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققىگە ئايلىنىپ، كۆكتات بازىرىدا تۇخۇم ساتىدىغان بىر دېھقاننىڭ بېلىگە تۇگۇلدۇق، ئۇ يەردىن چىقىپ يەنە شۇ دېھقاننىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ مەكتەپكە تۆلەيدىغان ئوقۇش خىراجىتىگە ئايلىنىپ، يەنە بانكىغا ئامانەت قويۇلدۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن مائاش بولۇپ سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشتۇق، سىز ماڭا ئىگە خوجايىن بوپقالدىڭىز. ئېسىت، ئەتە يەنە قولىڭىزدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم، ئېسىت! ئىستىقبالىمدىن بەكمۇ قايغۇرىمەن. ئۈچۈشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدىغان ئىككى بايۋەچچە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايلىقتا بەسلىشىپ پۇل كۆيدۈرۈدىغان بولسا، بىز ئوتتا تۇتەپ ھارام كېتىشىمىز مۇمكىن. چۈشەنمىدىم، بۇ دۇنيا نېمىشقىمۇ شۇنچە تەڭشەلمىگە دۇنيادۇ؟ ئاچلىق، گادايلىق دەردىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن دېھقانلار بىزگە شۇنچە موھتاج بولۇپ تۇرسا، بىز بايۋەچچىلەرنىڭ پۇل سومكىسىدا قىستىلىپ - سىغدىلىپ ياتىدىكەنمىز، - 100 كويچەنلىك قەغەز پۇل شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ سالدى.

- بۇرادەر، - دېدىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، - مەندە نېمە ئىلاج بولسۇن؟ ئەتە تېخى سىزگە گۇرۇچ، كۆكتات ئالىمەن، كەچۈرۈڭ، بۇرادەر.

---

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنى **توختى باقى ئارتىشى** تەرجىمە قىلغان.

توختى باقى ئارتىشى: 79 ياش، ئاتاقلىق تەرجىمشۇناس، جۇڭگو لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ لۇشۈن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# «خورلانغۇچىنىڭ خاتىرىسى» دىن تەرمىلەر

مولو

## ئۇلۇغ كىشلەر قانداق مەيدانغا كەلگەن؟

### ـ گېرتسىنىنىڭ «ئەسلىمە ۋە خىيال» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

رۇسىيە تارىخىدا گېرتسىن ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەسىر كۆرسەتكەن ئۇلۇغ شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرى بىۋاستە دېكابىرىستلارنى مەنبە قىلغانىدى. چارپادىشاھ دائىرىلىرى دېكابىرىستلارنىڭ بەش نەپەر داھىيسىنى دارغا ئاسقان چاغدا، گېرتسىن تېخى ئون نەچچە ياشلىق ئۆسمۈر بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندىكى مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ قاتتىق خورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك ئازابىنى تارتقانىدى. ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى موسكۋا كرېمېل سارىيىدا تەنتەنىلىك ئىبادەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزغەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. ئوتتۇز يىلدىن كېيىن گېرتسىن: «مەن مۇراسىمغا قاتناشقان چېغىمدا 14 ياشتا ئىدىم، ئۆزۈم گويا بۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئەمەستەك، ئاشۇ مەيداندا، يەنى قان بىلەن بويالغان مۇقەددەس مۇنبەر ئالدىدا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئاشۇ كىشىلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا، مۇشۇ پادىشاھلىقتىن، مۇشۇ

مۇقەددەس مۇنبەردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۆرەش قىلىشقا قەسەم ئىچكەنىدىم» دەپ يازغانىدى. ئۆسمۈر گېرتسېننىڭ مەنىۋىيىتىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئىگىلىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى يورۇقلۇق ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتەك يۈكسەك ئارزۇ-ئىستەك بىلەن توختىماستىن ياناتتى. بىر ئۆسمۈر ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇنداق بۈيۈك ئارزۇ-ئىستەكلەر قاينىمىدا يۈرسە، ئۇ ئۆز غايىسىنى ھامان ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا، ئۇنى مەلۇم شەكىل ئارقىلىق مۇشۇ دۇنيا بىلەن باغلاپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ ۋە ئىسپاتلايدۇ. ئۇ، ئوقۇتقۇچىسى لوبوشېفقا قەيسەرلىك بىلەن ئۆز ھېسسىياتى ھەم ئىرادىسىنى بىلدۈرگەندە ، بۇ ئوقۇتقۇچى دائىم گېرتسېننى ئەيىبلەپ: «سەن ئىستىقبالسىز ئادەم بولىسەن» دەيتتى. ئەمما ئۇ كېيىن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا: «مەن سېنى يارىماس ئادەم بولارمىكىن دەپ قارايتتىم، بىراق ئاشۇ ئۇلۇغۋار ھېسسىيات سېنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ. مەن بۇ ھېسسىياتنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا كامالەتكە يېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ. ھاياجانغا چۆمگەن بۇ ئوقۇتقۇچى تەسىرلەنگەن ھالدا ئۇنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى بىلەن ھۆرلۈككە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ 14 ياشلىق ئۆسمۈرگە سىڭدۈرىدۇ. بۇ ھېكايە گېرتسېننىڭ «ئەسلىمە ۋە خىيال» ناملىق ئەسىرىدىكى مېنى ئەڭ جەلپ قىلغان بىر تەپسىلات. ئەمما ھەر قېتىم بۇنى ئوقۇغىنىمدا مېنى ئىختىيارسىز ۋەھىمە باساتتى. مۇبادا بۇ ئوقۇتقۇچى چاكىنا ھەم مەۋقەسىز كىشى بولغان بولسا، ئۇ، گېرتسېننىڭ بايانلىرىغا پەرۋا قىلمىغان بولاتتى؛ شۇنداقلا، ئۇ بىر نادان ھەم رادىكال ئىدىيىدىكى كىشى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاشۇ قوزغىلاڭنىڭ باستۇرۇلۇش جەريانىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مەيدانى بويىچە چۈشەندۈرۈپ گېرتسېننىڭ ئالىجاناب ھېسسىياتىغا زەربە بەرگەن ۋە ئۇنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن بولاتتى. نەتىجىدە، كېيىنكى گېرتسېن مەيدانغا كېلەتتىمۇ؟ ناۋادا، رېيلېيېف، بېلىنسكىي، چېرنىشېۋسكىي، مىخايلوۋسكىي، نېچايېف، تولستوي، باكونىن، كروپاتكىن، دوستويېۋسكىي، پلېخانوف قاتارلىق كىشىلەر ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا مۇشۇنداق ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قوللاشقا ئېرىشمىگەن بولسا، ئۇلار ئىنقىلابچى ۋە مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ ئوبرازى بولۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرالارمىدى؟ دەل مۇشۇ كىشىلەرنىڭ جاسارىتى بولمىسا، روسىيىنىڭ 19-ئەسىردىكى شانلىق سەھىپىلىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولارمىدى؟ گېرتسېننىڭ بۇ ھېكايىسى ئادەمگە داھىي بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بەزى تۇيغۇلارنى ھېس قىلدۇرىدۇ. داھىي خەلققە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئەمما، داھىينى ھەقىقەتەن خەلق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. خەلق قانداق بولسا، داھىيمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە مىللەت ۋە جەمئىيەتمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا شەكىللىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، گېرتسېننىڭ كۆپنى كۆرگەن، فرانسىيە ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرگەن ھېلىقى ئوقۇتقۇچىسى گېرتسېننى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى روسىيىنىمۇ ياراتقان. 19-ئەسىردىكى روسىيىنىڭ ئەنە شۇنداق كۆز چاقنىتالىشىدىكى ھالقىلىق ئامىل زادى نېمە؟ بىز ھەمىشە دىققەت نەزىرىمىزنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ داڭلىق شەخسلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ قويىمىز. بىراق، «ئەسلىمە ۋە خىيال» نى ئوقۇغان چېغىمىزدا نەزىرىمىز ئادەتتىكى كىشىلەرگە، يەنى، ئەزەلدىن «قەھرىمان» دەپ ئاتالمىغان، ھېچكىم مىس ھەيكىلىنى قاتۇرمىغان ۋە ياكى ھېچكىم خاتىرە سارايلىرىنى سالدۇرمىغان ئاشۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە چۈشىدۇ.

ئالېكساندىر I دەۋرىدە، سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى گراف ئالېكسېيېفنىڭ پادىشاھقا يېقىنلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى پەخرىي ئاكادېمىكلىق نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەندە، سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ كاتىپى رابوتىن بۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ: «ئەگەر مۇشۇ سەۋەب پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا، مەن ھارۋىكەش ئىلليا بايكوفنى ئاكادېمىكلىككە كۆرسىتىمەن. چۈنكى، ھارۋىكەش پادىشاھقا يېقىن بولۇپلا قالماي، يەنە دائىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ» دېگەن. رابوتىن مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى سۈرگۈن قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن سەنئەتنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى قوغداپ قالغان. ئالېكساندىر I نىڭ ئىنىسى نىكولاي (كېيىن پادىشاھ بولغان ۋە دېكابىرىستلارنىڭ بەش نەپەر داھىيسىنى ئۆلتۈرگەن) بىر قېتىم قوپاللىق بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىپ، گۇسارلار گۋاردىيە پولكىنىڭ بىر ئوفىتسېرىنىڭ ياقىسىنى سىققاندا، ئوفىتسېر گراف سامائىلوف كەسكىن ھالدا: «ئالىيلىرى، ھۆرمەت خەنجىرىم قولۇمدا جۇمۇ!» دەپ نىكولاينى ئىتتىرىۋەتكەن. موسكۋا گارنىزونىنىڭ قوماندانى گېنېرال ستيوئارد گېرتسېن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دېلوسىنى سوتلاش مەزگىلىدە ، مەزكۇر دېلونى قاراپ چىققاندىن كېيىن پادىشاھقا: «بۇ ياشلار پاك ھەم گۇناھسىز ئىكەن، تەرگاۋ كومىتېتىدىكىلەر توغرا قىلماپتۇ، مەن بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىش قىلمايمەن ھەم ئاپئاق چاچلىرىمغىمۇ ھاقارەت كەلتۈرمەيمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەرگاۋ كومىتېتىدىن چېكىنگەن. كېيىن ئۇ ئىزچىل ھالدا بۇ ياشلارنىڭ كاج تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، نىكولايغا بۇلارنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە تەلەپنامە سۇنغان. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر باشقا بىر مىللەتنىڭ سەركەردىسى ياكى ئاۋانگارتلىرى مۇشۇنداق ئەھۋالدا بولسا، ھالى قانداق بولغان بولاتتى؟ ئەگەر گېرتسېن

بولمىغان بولسا، بىز بىلىدىغان رۇس ئىنقىلابى تارىخى، رۇس ئىدېئولوگىيە تارىخى ئۈزۈلۈپ قالغان ياكى چولتا بوپقالغان بولاتتى. چارپادىشاھ مەخپىيەتلىك ئورگىنىنىڭ باش مۇپەتتىشى زوبوكوفنىڭ كىتابخانىسىغا قارىساق، ئادەم تېخىمۇ ھەيران قېلىشى مۇمكىن. گېرتسىن مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇنىڭ كىتابخانىسىغا ھامپىدون، بوئېلاردىن تارتىپ، فېئىسكىي ھەم ئارمان كالىرغىچە بولغان مەشھۇر ئىنقىلابچىلارنىڭ رەسىملىرى ئېسىلغان بولۇپ، بۇ ئىنقىلابىي ئوبرازلار تېمىنىڭ ئاستىغا چەكلەنگەن كىتاب ئامبىرى ئورنىتىلغان، ئۇ يەرگە يەنە ئىسكىلىت، بىر نەچچە قۇش ھەم ھايۋانات ئەۋرىشكىلىرى ، ئىسپىرتتا ساقلانغان ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار قىزغىن كەيپىياتقا تولغان بۇ ئۆيگە تەپەككۇر ۋە تەتقىقات تۈسىنى بەرگەنىدى. بۇ ۋەزىرنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئەكس ئەتكەن زامانۋىيلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ، «بەخت تىلەش» ھېكايىسىدىكى لۇسى تاغىنىڭ قىرائەتخانىسى بىلەن ھەقىقەتەنمۇ كۆچلۈك پەرقلىنىدۇ.

«ساخالىندىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە، چېخوف مەزكۇر تۈرمە ۋە سۈرگۈن ئارىلىدىكى ئارال رايونىنىڭ باشلىقى گېنېرال نونوۋچىنى «گەپ - سۆزلىرى سىلىق-سىپايە، قەلبى كۆچلۈك، كىشىگە سەممىمىي تەسىر بېرىدىغان، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا تولۇپ تاشقان ئادەم» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. چېخوف يەنە مۇشۇ ئەسىردە مايور دەرىجىلىك بىر تۈرمە ئەمەلدارىنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي كېچىدىن تاكى تاڭ سەھەر سائەت ئىككىگىچە، دولقۇن سۇغا ئەپكىرىپ كەتكەن جىنايىتى ئېغىر بىر مەھبۇسنى ئىزدىگەنلىكىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ خاتىرىلىگەن. يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن بۇ كىشىلەر، يەنى سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ كاتىپى، گارنىزون قوماندانى، ئارالدىكى رايون باشلىقى، تۈرمە ئەمەلدارى ۋە باش مۇپەتتىش ۋەزىر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆچلۈك قەدىر-قىممەت ئېڭى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار چارپادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈمىنى ۋە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجانابلىقى، يۈكسەك ئىنسانىي ساپاسى ۋە تارىخىي تۇغما قابىلىيىتى بىلەن دۆلەت ئاپپاراتى ھەم تارىخىي ئېھتىياج، مىللەت مەنپەئەتى ۋە ئىنقىلابىي ئىدىيە ئوتتۇرىسىدا بىر تۇرلۇك ئېلاستىكىلىقنى شەكىللەندۇرگەن. دەل مۇشۇ ئېلاستىكىلىق يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆچلەرنىڭ يىمىرىلمەسلىكىگە ئاساس بولۇپلا قالماي، ئۇلارنى جۇش ئۇرغۇزۇپ راۋاجلاندۇرغان. بۇ ئەمەلدارلار خەلقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇۋاتقان ئاشۇ مۇتەپەككۇرلار ۋە ئىنقىلابچىلارنىڭ روھىي ئارقا تىرىكى بوپقالغان. نەتىجىدە، ئالېكساندىر I دەك مۇشۇنداق چارپادىشاھمۇ كۆنسايىن كۆچىيىۋاتقان ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە پىكىر ئېقىملىرىغا قارشى قانلىق قىلىچىنى كۆتىرىپ چىقماستىن، بەلكى ئويلىنىشقا ھەم قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. پۇگاچېيېف ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، رۇسىيىدە 50 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆلۈم جازاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. بۇ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ھاياتلىق ئېڭى ئۈچۈن يېڭى بىر سىياسىي بوشلۇق ئېچىپ بەرگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، رۇس پەيلاسوپلىرى ۋە ئىنقىلابچىلىرى خەلق قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان پىسخىك مايىللىقنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگەن ۋە شۇ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە چارپادىشاھ، گېنېراللار ھەم ۋەزىرلەرنىڭ دۈشمىنى سانالسىمۇ، لېكىن ئىنسانىي ساپا ۋە ئادىمگەرچىلىك خاھىشى جەھەتتە بۇ رەقىبلەر ئۆزئارا يېقىن كېلىدۇ.

دېكابىرىستلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن رۇس جەمئىيىتىنى بىردىنلا سىياسىي زۇلمەت ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك قاپلىدى. ئەمما بۇ مىللەت ھەققانىيەتكە بولغان ئېتىقادى بىلەن قەھرىمانلارنى قىزغىن سۆيۈشتەك خاراكتېرىنى يەنىلا مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلدى. گېرتسىن چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن شۇنداق دەپ يازغانىدى:

«ئەنە شۇنداق ئېغىر جازاغا ھۆكۈم قىلىنىپ ، سۈرگۈنگە ھەيدەلگەنلەرنىڭ ئاياللىرىمۇ بارلىق پۇقرالىق ھوقۇقى، بايلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىمتىيازلاردىن مەھرۇم قىلىنىپ، سىبىرىيىنىڭ شەرقىگە ھەيدەلگەن ھەمدە ئۆمۈر بويى دەھشەتلىك ھاۋاكىلىماتىنىڭ ئازابىنى تارتقان، شۇ يەردىكى ساقچى دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق ئېزىشى ۋە خورلىشىغا ئۇچرىغان. ئاچا-سىڭىللارنىڭ ئۆز ئاكا-ئىنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ھوقۇقىمۇ بولمىغان، ئۇلار ئوردا-سارايلاردىن قوغلىنىپ، يوشۇرۇنۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان، بىر تالاي كىشىلەر ھەتتا رۇسىيىدىن كېتىپ قالغان؛ شۇنداقتىمۇ ، ئاشۇ ئاياللار ھەممىسى دېگىدەك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا بولغان سېغىنىشىنى ئۆز قەلبىدە ساقلاپ كەلگەنىدى...»

كىنەزتېلېبىسكاياخانىم تۇنجى بولۇپ سىبىرىيىگە بارغان ۋە قەھرىمان ئېرى بىلەن بىرلىكتە قازا قىلغان. فرانسىيىلىك قىز تاندى پارىژدىكى ئاخىرقى كۈنلىرىدە سۆيگىنى ئىۋاشېفنىڭ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھامان دەرھال رۇسىيىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ سىبىرىيىگە بېرىپ سۆيگىنى بىلەن توي قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان، نىكولاي I گەرچە بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلارنىڭ تەلىپىگە

قوشۇلغان. بۇ ياش ئاشىق-مەشۇقلار ئۆز ئارا جۈپ بولۇپ، سىبىرىيىدە جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن. گېرتسىننىڭ بايانلىرى چېرنىشېۋسكىينىڭ مۇنداق ئىككى ئىشنى ئېسىمگە سالدى. چېرنىشېۋسكىيغا سىمۋول خاراكتېرلىك ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان جازا مەيدانىنىڭ يېنىدا، بىر قىزچاق ئۇنىڭغا بىر دەستە گۈل تۇتقان. سىبىرىيىگە سۈرگۈنگە مېڭىش سەپىرىدە بىر ھارۋىكەش مۇنداق دەپ چېرنىشېۋسكىي بىلەن خوشلاشقان: «كىمكى خەلقنى ھىمايە قىلىدىكەن، شۇ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ، بۇ نۇقتىنى بىز ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەن». رۇسىيە ئىنقىلابچىلىرى قان تۆكۈپ قۇربان بولۇۋاتقان چاغلىرىدا ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار بەختكە مۇيەسسەر بولغان، بۇ ئەھۋال دەرۋەقە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. بۇ شىجائەتلىك كىشىلەرگە لازىم بولغىنى ئۆز تۆھپە-پەزىلەتلىرىگە يارىشا قانائەت ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇنداق چۈشىنىشكە ئېرىشىش، شۇنداقلا دۇنيا بىلەن ئالاقىدە بولۇپ ئۆز ئارا باغلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئەنە شۇنداق خەلقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ ھەمدە بەختلىكتۇر.

ئەمما يەنە بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا تۈپتىن يېقىن كەلمەيدۇ. زۇرۇڭ، چېن تيەنخۇا، چيۇجىن، شۇتېلىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ گېرتسىندەك مول مەنىۋى مەنبەئى يوق بولۇپلا قالماستىن، تېلېبسكىي كېنەز بىلەن چېرنىشېۋسكىيدەك تەسەللىي ۋە بەختكىمۇ ئېرىشەلمىگەن. ئۇلارنىڭ لوبۇشېڧقا ئوخشاش مۇئەللىمگە، گارنىزون قوماندانىغا ئوخشاش دېلو بېجىرگۈچىگە، مايور دەرىجىلىك تۈرمە باشلىقىغا ئوخشاش ئەمەلدارغا، تېلېبسكايا خانىمغا ئوخشاش جۈپتى ھەمراھقا، ھارۋىكەشكە ئوخشاش پۇقرالارغا ئۇچراپ قېلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چيۇجىننى ئۇنىڭ تاغىسى پاش قىلىپ قويغان، ئۇ قەتل قىلىنغاندىن كېيىن، قىزىل گۈللەرگە ئېرىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پۇقرالار ئۇنىڭ قانلىرىنى ئۆپكە كېسىلىگە داۋا بولىدۇ، دەپ ھورنانغا مىلەپ يېگەن (ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىردىن). شۇتېلىنىڭ يۈرەك - بېغىرلىرىنى دېلو بېجىرگۈچىلەر بۆلۈشۈپ يەۋەتكەن. 1978-يىلى لى جيۇلىيەننىڭ توختاۋسىز تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇۋاتقان كاللىسى قانغا مىلەنگەندە، ئۇنىڭ بىلەن زامانداش بولغان كىشىلەر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، بىرمۇ كىشى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەھبۇسلۇق ھاياتى داۋامىدا ئائىلىسىدىن بىرەر كىشى بىرەر قېتىممۇ ئاش -تاماق ياكى كىيىم-كېچەك ئەكېلىپ بەرمىگەن. ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە ئەڭ دەسلەپتىلا سۆيگەن يىگىتىنىڭ ساتقىنلىقى سەۋەب

بولغانىدى. جۇڭگودىكى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇرغان سىياسىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا، ئۆز ئارا بىر-بىرىنى پاش قىلىش، ئۆز ئارا تۆھمەت چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرىنى سېتىپ خىزمەت كۆرسىتىش ھادىسىلىرى ئەنە شۇنداق ئومۇملاشقانىدى. بىرەر ئادەم ھاكىمىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن تارتىپ كىشىلىك مىزانلىرى دائىرىسىگىچە ھەممىدىن بىراقلا قوغلاپ چىقىرىلىدۇ، سېنى ھېچكىممۇ يوقلىمايدۇ، ھېچكىممۇ سەن بىلەن سالام-سەھەت قىلىشىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە، پاراڭلىشىشقا پېتىنالمايدۇ. ھېچكىممۇ ساڭا خەت يېزىشقا، سېنى مۇئەللىم، يولداش، دادا، تاغا دەپ ئاتاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. گەرچە، سېنى تىلغا ئېلىپ قالسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ خاھىشى بويىچە قاراچاپلاپ تۆھمەت قىلىدۇ، بەزىلەر ئېھتىمال ئىشكىڭگە كېلىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇمۇ ساڭا ئۆزىنىڭ سەندىن چەك-چېگرا ئاجراتماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغىلى كەلگەن بولىدۇ. لۇشۈنمۇ مانا مۇشۇنداق جەمئىيەتتە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ، راست گېپىنى دېيەلمەي، ئەگىتىپ ئۆتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىر سىياسىيئون لۇشەندە بىر نەچچە ئېغىز ئارتۇق گەپ قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانغان ھەمدە تەخىرسىزلا ئايالى تەرىپىدىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. جۇڭگودا ھەقىقىي ئەزىمەت بولۇش باشقا مەملىكەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ قىيىن. لۇشۈن ئاھ ئۇرۇپ تۇرۇپ «جۇڭگونىڭ تۈرمىلىرىدە ياتماق باشقا دۆلەت تۈرمىلىرىدە ياتماققا قارىغاندا بەسىي مۇشكۇلدۇر» دېگەن سۆزنى قىلغىنىدا، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ جەھەتنى كۆزدە تۇتقان . بىر مۇنەۋۋەر شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا، جۇڭگودىكى سان-ساناقسىز تۈرمۈش ھالقىلىرى ئىچىدە، ھەربىر ھالقىدا دېگىدەك ئۆلۈم خەۋپى مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. جۇڭگو جەمئىيىتى ھەرقانداق بىر مۇنەۋۋەر شەخسنى تەبىئىي يوسۇندا قىساسخورلۇق ھەم ۋەھىمە گىردابىغا تاشلايدۇ. گۇجۇننىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇ مەسىلىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. گۇجۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، ئايالى ئۇمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ، پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە گۇجۇننىڭ ئىمزا قويۇپ ماقۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. ياشانغان ئانىسى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرماقچى بولغان، لېكىن سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئەمەلدارلار تەبىقىسىدە بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتقان. شۇنداق قىلىپ گۇجۇن بىر شەھەردە - يېقىن ئارىلىقتا

ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇقمۇ، ئانا-بالا ئۆمۈرۋايەت يۈز كۆرۈشمىگەن. گۈجۈن كېسەل تېنى بىلەن سۆرۈلۈپ يۈرۈپ، سوغۇق ئۆيدە تۈگۈلۈپ، غېرىبسىنغان ھەم يەككە-يېگانە ھالدا ئۆز ئەسىرىنى يېزىپ تاماملىغان. ئۇ، بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قايتا-قايتا ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەت قىلىنغان. پەقەتلا باشقىلاردىن بالىلىرىنىڭ سۈرىتىنى ئالالىغان ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاتىلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلغان. ئۇ، جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ، يەنە بىر نۆۋەت بالىلىرىدىن ئۆزىنى يوقلاپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن (گويا ئۇ راستلا گۇناھكاردەك)، تەبىئىيكى ئۇنىڭ تەلىپى يەنىلا رەت قىلىنغان. ئايىغى چىقماس سىياسىي زىيانكەشلىك، تۈگىمەس روھىي ئازاب، چېكى يوق مەنىۋى ھەم جىسمانىي خورلۇقلار مانا بۇ بىر مەدەنىيەت قەھرىمانىنىڭ سەرگۈزەشتىسى ۋە ئاقىۋىتىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى كېلىپ تەسەللىي بەرگەن، ئايالى ھالىدىن خەۋەر ئالغان، دوستلىرى دەردىگە دەرمان بولالىغان بولسا، ئىشىنىمەنكى، گۈجۈن تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئاجايىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايتتى! ئېھتىمال، بىز «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نى ئەسلىگىنىمىزدە، بىر مەنىۋى گىگانت ۋە مەدەنىيەت قەھرىمانىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلغان ۋە تەسەللىي تاپقان بولاتتۇق. بىراق، گۈجۈن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇنداق ئامەتكە مۇيەسسەر بولالمىدى، بۇ مىللەتمۇ ئاخىرى مۇنداق تەلەيگە ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، بۇ مىللەت خۇددى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭدىن ئىزچىل رەۋىشتە ۋازكەچكەن ۋە ئۇنى تاشلىۋەتكەنىدى. «گۈجۈن ئەدەبىي خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسەر ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ 20 يىلدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ بىر چەت جايىدا مەجبۇرىي يوسۇندا دۇنياغا كەلدى.

ئادەتتە بىز ئەنە شۇنداق مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى تىلغا ئالغان چېغىمىزدا، ئۇلارنى «تەنھا ئەزىمەت»، «غېرىب قەھرىمان» دەپ سۈپەتلەيمىز، بۇنداق دېيىشتە، «ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز ئەھۋالدا پۈتكۈل دۇنيا بىلەن قارشىلاشقانلىقى» نى دەستەك قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەممىسى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇبالىغىدۇر. مۇنەۋۋەر شەخسلەر ئۆزلىرىمۇ شۇنداق دېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ دەل ئۇلارنىڭ غەزەپلىك ۋە ھاياجانلىق ھېسسىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوللاش بولغاندىلا ۋەھىمە بولمايدۇ. روھىي جەھەتتە يار-يۆلەكسىز ئەھۋالدا كىممۇ زەبەردەست قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىسۇن؛ ئادەمنىڭ روھىي يۆلەنچۈكى قانچە كۈچلۈك بولسا، مەنىۋى مەنبەگە بولغان ئېھتىياجىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. بىر گىگانت ئادەم ئۆززامانىسىنىڭ كلاسسىك بىلىملەرنى ئىگىلىگەن پېشىۋا دانىشمەنلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئىنسان تەبىئىتى ۋە جەمئىيەتنى تۇتقا قىلىش ئارقىلىق ئىنسانىي ئېھتىياج ۋە تارىخ يۈزلىنىشىنى ئىگىلەشكە موھتاج بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆز ئەتراپىدىكى قان ۋە گۆشتىن يارالغان ئادەملەرنىڭ چۈشىنىشى، قوللىشى، مېھرىبانلىقى، ھۆرمىتى، ئىلھاملاندۇرۇشىغا موھتاج بولىدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق قەلب ئالماشتۇرۇش داۋامىدا جاسارەت ۋە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل شەرت-شارائىت ھازىرلانمىسا، ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ ھالاكەت قويىنىدا يېتىلىپ، ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان قەۋمگە تايىنىپ ھەم شۇ قەۋمنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۇلۇغ بولالايدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ شەخسلەرنى يارىتالىغان مىللەت مۇقەررەركى ئاشۇ ئۇلۇغ شەخسلەرگە ئوخشاشلا ھۆرمەتكە سازاۋەر مىللەت ھېسابلىنىدۇ.

1827-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى گۈگۈم پەيتىدە، 15 ياشلىق ئۆسمۈر گېرتسىن دوستى ئوگالېيېف بىلەن موسكۋانىڭ يېنىدىكى قۇشقاچ تېغىغا ساياھەتكە چىقىدۇ. بۇ، كەچكى شەپەق ئاستا-ئاستا تارقاۋاتقان چاغ بولۇپ، ئاسمان گۈمبىزى ئاخىرقى قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنەتتى. گۈزەل موسكۋا بولسا، تاغ باغرىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. سەلكىن شامال كىشىگە شېئىرىي تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. بۇ مەنزىرە بۇ ئۆسمۈرلەرنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ۋە بەختى، شۇنداقلا رۇسىيىنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە ئويغا سالدى. ئۇلار ئۆز روھىيىتىنىڭ ساپ ۋە ئالىيجانابلىقىنى ھەمدە ئۆز تەقدىرىگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، مەشھۇر شەخسلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش پۈتۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇلار كەچكى شەپەق مەزگىلىدىكى ئىللىق شامال ئىلكىدە بىر-بىرىگە يۆلىنىپ، ئىختىيارسىز قىزغىن قۇچاقلىشىپ كەتتى ھەم ئۇلۇغ موسكۋاغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ئاخىرىغىچە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقى، ھەتتا ھاياتىنىمۇ پىدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قەسەمياد قىلىشتى. كېيىنكى چاغلاردا، رۇس خەلقى دەرۋەقە گېرتسىنىنى ئۆز زامانىسىنىڭ گىگانت ئەربابى قىلىپ ياراتتى. بۇ گىگانت ئادەمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىزگە مەلۇم بولغان دېكابىرىستلارنىڭ قىزىل قېنى ۋە لوبۇشېفنىڭ ئىزگۇ تىلەكلىرىدىنلا كەلگەن بولماستىن، بەلكى يەنە گارنىزون قوماندانى ستىيوئاردنىڭ پاراستى ۋە ھەققانىيىتىدىن كەلگەن، شۇنداقلا يەنە سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان ئەرلىرى بىلەن بىللە كەتكەن ئاياللارنى ھەم

ئىنقىلابچىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھارۋىكەشلەرنىمۇ مەنبە قىلغان، ھەتتا بۇ گىگانت شەخسلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئالېكساندىر I گە قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭدىن ئىلگىرىلا، دېكابىرىستلارغا قارىتا باش كۆتۈرگەن چۈشىنىش، كەڭچىلىك قىلىش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش خاھىشلىرىنىمۇ مەنبە قىلغان. قىسقىسى، ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بارلىق خەلقنىڭ ئىنسانىي غايىسى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ تارىخىي غورۇرىنى مەنبە قىلغان. جۇڭگودىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەر بولسا، ئەكسىچە ھالدا، گېرتسىنچە شارائىت ۋە ئامەتكە مۇيەسسەر بولالمىغان. مەيلى تەن ستوڭ، چيۇجېن، چېن تيەنخۇا، شۇتېلى بولسۇن، مەيلى لى جيۇليەن، يۈلوكې، ۋاڭ شېنيوۋ، گوجۇن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك مەنىۋى ئوزۇقتىن ۋە كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەئىدىن ئۈزۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۈمىدسىزلىك ئازابى چېكىپ ئۆلۈپ كەتكەن. دېمەك، جۇڭگو ھەقىقىي مەنىۋى داھىيلارنى يارىتىشتىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ.

## قەھرىمانىي سېغىنىش

خېلى بۇرۇندىن داۋام قىلىپ تارقىلىپ كېلىۋاتقان «دېرىزەڭنى ئېچىۋەت، قەھرىمانلىق ھاۋاسىدىن نەپەس ئال!» دېگەن، قەھرىمانلىق تەرىپلىنىدىغان بۇ سۆزنى خېلى نۇرغۇن كىشىلەر ئەمدى ئېغىزغا ئالماس بوپقالدى. ئەتراپىمىزنى قاپلىغىنى تاۋار ئېگىلىكىنىڭ قويۇق ھىدى بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىدە قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايلا قالماستىن، يەنە تېخى بۇرۇقتۇرمىلىقنىمۇ ھېس قىلالىغىنى يوق. پايدا - مەنپەئەت ئېڭى ۋە قائىدە - يوسۇن كۆز قارىشىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچراش دائىرىسىمۇ ئەڭ زور چەكتە كېڭەيمەكتە. قائىدىچىلىك ئاسارىتىدىن يىراقلىشىشتەك مەدەنىيەت تەسەۋۋۇرىمۇ بارغانچە تارايماقتا. نەزەر دائىرىمىزمۇ مەنپەئەت توپەيلى كونسايىن تارىيىپ بارماقتا. قەلب كۆزىمىزمۇ خۇنۇكلىشىپ، قەھرىمانلىق روھى كۆز ئالدىمىزدىلا ئالدامچىلىق تۇمانلىرى ئارىسىغا كۆمۈلمەكتە. قەھرىمانلىق قىسسىلىرى قۇلىقىمىزغا تونۇگۈنكى ئەپسانىلاردەك ئاڭلانماقتا. ئەسىرلەر داۋامىدا كۆز چاقنىتىپ كېلىۋاتقان قەھرىمانلار ئاخىرى كېلىپ، ئۇلار مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكىدەكلا سوغۇق مۇئامىلىگە ۋە بىزارلىققا مەھكۇم بولۇپ، قەھرىمانلىق روھىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالىغۇدەك جاي تاپالماي قالماقتا.

ئەمما، كىشىلەر بۇ دۇنيادا قانچىلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن تارىخ ھامان قەھرىمانلىق ئۇچقۇنلىرىنى ئازساندىكى قىزغىن قەلبلەرگە نېسىپ قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ داۋاملىشىپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا زېمىن ھازىرلايدۇ. ئىشىنىمەنكى، مەن ئەنە شۇ ئازساندىكى قىزغىن قەلب ئىگىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىمەن. مەن ئەزەلدىنلا قەھرىمانلارغا مەستانىلارچە چوقۇنىمەن. تولىمۇ كىچىك چاغلىرىمدا خىيالىمدا قەھرىمانلىق ھەققىدىكى نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلار كېزەتتى. ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە ئەگىشىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئاشۇ خىياللىرىم زادىلا يوقاپ كەتكىنى يوق. ياشلىق باھارىم بىلەن خوشلىشىۋاتقان بۈگۈنكى چاغلىرىمدىمۇ ئاشۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدىكى قەھرىمانلىققا نىسبەتەن شېرىن خىياللىرىم يوقاپ كەتكىنى يوق، ئەكسىچە، تېخىمۇ كۈچىيىپ ھەم مۇكەممەللىشىپ، مېنى ھامان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىم بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە كاج تەقدىرىمدىن زارلىنىپ، ھەسرەت چېكىشتىن خالىي بولالمىساممۇ، لېكىن بۇ يەنىلا بىر قەھرىماننىڭ نىداسى دەپ بىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، مەن قەستەن ساختىپەزلىك قىلمىدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان بولۇش ياكى بولالماسلىقىمنى مۇئەييەنلەشتۇرەلمەيمەن. شۇغىنىسى، پەقەت دىلىمدىكى قەھرىمانلارغا بولغان ئېتىقادىم توپەيلى تەسەللىي تاپالايمەن. بارچە ئىخلاسىم بىلەن ئۇلارنى چۈشىنىشكە، ئۇلارغا يېقىنلىشىشقا، ئۇلارنى ئەڭ ساپ، قىزغىن كۆڭلۈم بىلەن ئالقىشلاشقا، ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، شادلىق ۋە غەزەپلىرىگە تەڭ ئورتاق بولۇشقا تىرىشىمەن. دۇنيادا شۇنچە كۆپ قەھرىمان ئۆتكەنلىكىنى بىلگىنىمدىن تارتىپ، قەلبىم گويا پارىژدىكى لاشېز قەبرىستانلىقىدەك، ئۇلارنىڭ ئارامگاھى بوپقالدى. مەن تارىخ ئېقىملىرى داۋامىدا بايقىغان ھەربىر ئۇلۇغ شەخسكە ئۆز قەلبىم تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۆزۈمدىن ئىبارەت بىر ئىزباسارنىڭ سەجدىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئۇلۇغ كىشىلەرگە تەئەللۇق بولغان ئىززەت ۋە ھۆرمەتتىن بەھر ئالدىم. ھاياتلىق مۇساپىسى جەريانىدا ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسامل، ئۆزۈمنى قەلبىمدىكى ئەنە شۇ قەھرىمانلارغا يۈزلەندۈرەتتىم ياكى ئۇلار بىلەن سىردىشاتتىم. تاكى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئاچچىق ياش تۆككەنگە قەدەر ئورتاقلىشىپ، ئاندىن ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدىن قەددىمنى دەس كۆتۈرەتتىم. نەتىجىدە، ھەر قېتىم ئەشۇ قەھرىمانلار مېنى قۇتۇلدۇراتتى، تەربىيىلەيتتى ھەمدە ماڭا يول

كۆرسىتىپ بىر ئىزغا سالاتتى.
مانا بۇ مېنىڭ ئامىتىم ۋە شان-شەرىپىم ئىدى.
روبىسپىر، مارات، ناپولېئون، لىنكولن، زۇرۇڭ، سۇن جوڭشەن قاتارلىقلارنىڭ ناملىرى قەلبىمنى قانچىلىك نۇرلاندۇرغىنىنى، روسسو، مور، كامپانېللا، ماركس ۋە ئېنگېلسلارنىڭ ئۇلۇغۋار ھېسسىياتى مېنى قانچىلىك ئىلھاملاندۇرغىنىنى تىلغا ئالمايلا تۇرايلى، مەن پەقەت شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن تۇرلۇك ئاماللار بىلەن تىرىشىپ ئىزدىنىدىغان ھەرقانداق بىر كىشىنى ئېلىپ ئېيتساقلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە مۇناسىپتۇر. بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپلىرىنى بەرپا قىلغانلار، توپ-زەمبىرەك، نەيزە- قىلىچلار ئارقىلىق ئىنسانلىق ھوقۇق خىتابنامىسىنى پۈتكۈل ياۋروپا زېمىنىغا تونۇتقانلار، نېگىر قۇللارنى ئۆز قولى بىلەن قۇللۇق كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇلارنى ھۆرلۈككە چىقارغانلار، ھەققانىيەت مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي سوتنىڭ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسىنى مەنسىتمەسلىك بىلەن قوبۇل قىلغانلارنى مىسالغا ئالساق، مانا بۇلار ھەقىقىي شانلىق، ئۇلۇغۋار ئوبرازلاردۇر. دائىم شۇنىڭغا ھەيران قالىمەنكى، يەرشارىدىن نېمە ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار زاتلار چىقالىدى؟ خۇددى شېللىي ناپالېئونى كائىنات روھى دەپ ئاتىغىنىدەك، بۇ كىشىلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ روھى، شۇنداقلا ئىنسان روھىنىڭ تۈۋرۈكى دەپ قارايمەن.

ئۇنداقتا، زادى قانداق كىشىلەر ئىنسان روھىنىڭ تۈۋرۈكى بولالايدۇ؟ قىسقىسى، زادى قانداق كىشى مېنىڭ نەزىرىمدىكى قەھرىمان بولالايدۇ؟

ئالدى بىلەن، قەھرىمانلىق مەنئۆيىيەتتە بولىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، مال-مۈلكى، نوپۇزى ۋە تۆھپىسىگە تايىنىپلا قەھرىمان بولالمايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ جۇشقۇن خاراكتېرى ياكى ئالىيجاناب روھىغا تايىنىپمۇ قەھرىمان بولالمايدۇ. بۇنداق دېيىشكە توغرا كەلسە، قەھرىمان بولماق تولىمۇ ئاسانغا توختايدىغان ئىش بوپقالىدۇ. گەرچە، كىشى كاتتا تەبىقىدىن كېلىپ چىقمىغان ياكى نۇرغۇن مال-دۇنياسى بولمىسىمۇ، ئارتۇقچە ئۈمىدسىزلەنمەي، كەيىندىكىلەرگە قاراپ، ئۆزىگە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سېلىشى، شۇنداقلا ئۆز ۋۇجۇدىدىن باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بولمىغان ئالامەتلەرنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. شۇنى بىلىش كېرەككى، سىز قالتىس دەپ بىلگەن كىشى، كۆپ ھاللاردا قورۇق بويىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئادەم بولۇپمۇ چىقىدۇ. روسسو تۆۋەن تەبىقىدىكى شەھەر پوقراسىنىڭ ئوغلى ئىدى. لىنكولن بولسا بىر دېھقانىنىڭ ئوغلى ئىدى. لوشۈن سۈنغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ئۆسمۈر سۇن جوڭشەن بولسا، كەمبەغەللىكتىن كىيگىلى ئاياغمۇ تاپالمىغان، ماركس ۋە بېتخوۋېنلار غۇربەتچىلىك ئىچىدە كۈن كەچۈرگەنىدى. ئەمما ئۇلار ئەڭ ئاخىرى مەشھۇر قەھرىمانلاردىن بوپقالدى.

قەھرىمانلىق روھىلا بولىدىكەن، ئۇ غالىب ياكى مەغلۇب بولغانلىقى، شۇنداقلا ئالىيجاناب ياكى رەزىللىكىگە قارىپلا قەھرىمان دەپ سانالماسلىقى كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كاتتا ئەربابلار ئىچىدە دەرۋەقە قەھرىمانلار بار، ئاددىي كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا قەھرىمانلار چىقىۋېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ۋاشىنگتون ۋە جېففېرسونغا ئوخشاش قەيسەر قەھرىمانلار ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. نېلسون خېرل ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان بىر لېيتېنانت ئىدى. ئۇ، ئۆزى ئىگىلىگەن ئاخباراتنى ئېگىشلىك جايغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ئەنگلىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. گەرچە، ئۇنىڭ تۆھپىسىنىڭ ئېغىرلىغا ئالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن، دۈشمەننى مەنسىتمەيدىغان تىزپۈكمەس روھى بىلەن ۋاشىنگتونغا ئوخشاشلا ئالىجاناب، ئۇلۇغ شەخسكە ئايلانغان. ئۇ، جان ئۈزۈش ئالدىدا: «شۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق ئەپسۇسلىنىمەنكى، مىللىتىم ئۈچۈن پەقەت بىرلا قېتىم جان پىدا قىلالايدىغان بولدۇم» دېگەن سۆزىنى قالدۇرۇپ، ئىنسانىيەت يارىتقان تىللار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ئىبارىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

قەھرىمانلىق مەنئۆيىيەتتىن كېلىدۇ. شۇڭا، يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قەھرىمانلار ھەرقانداق مۇشكۇلات ۋە روھىي ئازابلارنى يېڭىش ئارقىلىق ئۆز جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، پۈتكۈل دۇنيا بىلەن قارشىلىشىش دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈن قەھرىمان بولالايدۇ. ھەرقانداق ئىشنى ئوڭۇشلۇق باشقا ئېلىپ چىقالايدىغان، دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتەلەيدىغان، ھايت-ھۇيت دېگىچە يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە سالالايدىغان شەخسلەرمۇ ئېھتىمال يوق ئەمەس، بىراق، مۇنداق ئادەملەرنىڭ «قەھرىمان» دېگەن شەرەپكە نائىل بولالىشى قىيىنراق. قەھرىمان دېگەن كۆكسى- قارىنى كەڭ، ئەمما تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشقا جاي تاپالماي قالغان كىشىلەردۇر؛ قەھرىمان ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋەجىدىن مۇتەئەسسىپ دەپ قارىلىدىغان، شۇنداقلا يەنە ئالىيجاناب روھى ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي قۇدرىتى تۈپەيلى مۇناپىق، تەلۋە، لوكچەك، ئەل دۈشمىنى دېگەندەك تۆھمەتلەرگە ئۇچرايدىغان، دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققىتىنى زېمىنىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەكسىچە ئالۋاستى دېگەن ئاتاقا

قېپقالىدىغان كىشىلەردۇر. قىسقىسى، قەھرىمان پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بۇ دۇنيانى سۆيۈپ، دۇنياغا بەخت ياراتسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئەڭ ئەقەللىي خىزمەت شارائىتىغىمۇ ئىگە بولالمايدىغان كىشىلەردۇر. بۇ ئەھۋال ئۇلارنى زىيادە ئازاب-ئوقۇبەت تارتىشقا مەجبۇرلايدۇيۇ، ئەمما ئاشۇ ئازابلار تۈپەيلىدىن ھالاك بولسا، قەھرىمان سانالمايدۇ. ئۇ جەزمەن ئۆزى ئازاب تارتىۋاتقان ئاشۇ جەرياندا ئۆزىدە تىزپۈكمەس، قەيسەر خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى، مەردانىلىق بىلەن مۇشۇ دۇنيا ئۈچۈن ئاخىرقى نەپسىگىچە خىزمەت قىلىشى زۆرۈر. مانا شۇنداق قىلالىغانلارلا ھەقىقىي قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ. خۇددى بېتخوۋېن دۇنياغا مەشھۇر سىمپونىيىلەرنى يېزىپ چىقالىغانغا ئوخشاش. بۇ خىل تىرىشچانلىقتىن بەزىدە ياخشى نەتىجىلەر چىقىشىمۇ مۇمكىن، بەزىدە بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار خىسلەتلىرى بىلەن شۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئەكس سادالىرىلا قېلىپ، ھېچقانچە نەتىجە بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، تەن ستوۋلى، چېن تيەنخۇالارنىڭ قۇربان بەرگىنىگە ئوخشاش، ۋەھاكازا.

ئۈچىنچىدىن، قەھرىمان غېرىب ھەم تەنھا بولىدۇ. مانا بۇ دەل قەھرىمان بىلەن ئەۋلىيانىڭ پەرقلىنىدىغان يېرى ھېسابلىنىدۇ. ئەۋلىيا كۆپىنچە كۈچلۈك سۆيگۈگە ۋە يۈكسەك جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ قەھرىمانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇلار كۆپىنچە ئەھۋالدا تارىخنىڭ تاشقى مەنپەئىتى ۋە ۋاقىتلىق ئېھتىياجىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئاسانلا مەنپەئەتدار بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، ئاشۇ ۋاقىتلىق ئېھتىياج ئۈچۈن بەزىدە ھەتتا تارىخنىڭ تەلىپىگە خىلاپلىق قىلىپ، تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا خەلقنىڭ بەختى ۋەيران بولىدۇيۇ، لېكىن ئۇ ۋاقىتلىقلا نەپكە ئېرىشىدۇ. شۇڭا، ئەۋلىيالار ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا، شۇنداقلا رېئال مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاسانلا ئېرىشىدۇ. ئۇلار مەيدانغا كېلىشى بىلەن كۆپىنچە ھاللاردا كۈچلۈك داغدۇغا قوزغاپ، مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، ھەتتا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھوقۇقدارغا ياكى يۇقىرى نوپۇزلۇق دىن ئاساسچىسىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما قەھرىمان بولسا، خۇدا ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ تۇيغۇسى سەزگۈر، نەزەردائىرىسى كەڭ، شۇڭا ئۇ چوڭقۇر قاتلامغا يوشۇرۇنغان ئىنسانىي ماھىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە تارىخنىڭ ئېھتىياجىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ. گەرچە ئۇ بەزىدە مەسىلىلەردىكى ماھىيەتنىڭ نېگىزىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق بۇلارنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار كۆپچىلىك بىلەن ئاسانلىقچە بىر قاتاردا تۇرمايدۇ. بەزى دانىشمەنلەردە دەۋردىن ھالقىغان خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. نەچچە ئون يىل ياكى نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن، ئاز تولا تەربىيە كۆرگەن «ئاممى» لا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. بەزى قەھرىمانلار بولسا، مەدەنىيەتكە، ئەدەب-ئەخلاققا، ئۆرپ-ئادەتكە قارشى ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن باشلامچىلىق قىلىش خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق كىشىلەر مەڭگۈ ئاممىنىڭ چۈشىنىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بىرنەچچە يۈز يىل ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، پەقەت ئازساندىكى ئالاھىدە شەخسلەرلا ئۇلار بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلالايدۇ. رېئال تۇرمۇش قىممىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار تولىمۇ بەختسىز بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرى ئۈچۈن ئەڭ قاتتىق تۆھمەتكە ئۇچراپ يېتىم قالىدۇ. بىراق ئۇلار ھەرگىز ھودۇقمايدۇ، ھېچكىمدىن ئاغرىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەنھالىققا ۋە تۆھمەتكە بەرداشلىق بېرىش روھى تولىمۇ كۈچلۈك بولغاچقىلا، ئۆزلىرىنى قەھرىمانلار قاتارىغا ئېلىپ كىرەلمەيدۇ. قەھرىمان بولۇشتا، ئۇلار باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشىدىن مۇستەسنا ھالدا ئۆزلىكىدىن شۇنداق بولۇۋالمايدۇ، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، تەربىيىلىنىشى، تەبىئىتى، شارائىتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئامىللارنىڭ نەتىجىسى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا قەھرىمانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولىدۇ. بۇ ھەم زور ئازاب، شۇنداقلا ھەم زور بەخت ھېسابلىنىدۇ. بىراق، تەقدىر-قىسمەت ئەنە شۇنداق زور ئازاب ھەم زور بەختنى پەقەت ئەنە شۇ غەيرەتلىك كىشىلەرگىلا ئاتا قىلغان.

بۇ خىل تەنھالىق يەنە بىر قاتار مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنى، ئالايلۇق، تەلۋىلەرچە ئۆزگە ئىشىنىش، مەغرۇرلۇق، كىشىلەردىن ئۆزىنى تارتىش دېگەندەك پسىخىك ھالەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نېتزى مۇنداق دېگەن: «مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەقىللىق؟ مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق نادىر ئەسەر يېزىپ چىقالىدىم؟» تەبىئىيكى، جاھان ئەھلى ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنلىكتىن، ئۇ ئەنە شۇنداق يەككە-يىگانە ھالدا ئۆز-ئۆزىنى ماختاشقا مەجبۇر بولغان. بىر تالانت ئىگىسىنىڭ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، روشەنكى، قائىدە-يوسۇننىڭ شەپقەتسىز پاجىئەسىدۇر.

دېمەك، قەھرىمانلار ئۇزۇل-كېسىل غايىۋىزىمچىلاردۇر. ھەرقانداق قەھرىمان كىچىككىدىنلا جەمئىيەتكە، ھاياتقا، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن شانلىق غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئەمەس، بەلكى قەھرىماننىڭ مىجەز-خاراكتېرى بۇ غايىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن. مەيلى قانداق ئۆكۈنۈشسىزلىقلارغا

يولۇقۇشتىن قەتئىينەزەر ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بەرداشلىق بەرگەن غايىۋىزمچى كۆڭۈلسىز رېئاللىققا قارىتا كۆپىنچە قەتئىي ئىتىراپ قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. غايىسى كۈچەيگەنسېرى، رېئاللىقنى تېخىمۇ ئۇزۇل-كېسىل ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى، رېئاللىقنى تەقدىر بىزگە تاڭغان بولىدۇ، ئۇ بىزنىڭ تاللىشىمىزۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزدىن ئۆتمىگەن. رېئاللىقنى قوبۇل قىلغانلىق ، غايىمىزنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا يەنە مەنىۋى سۇبيېكتىپچانلىقىمىزنىمۇ ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. قەھرىمان بۇنداق ئىنكار قىلىش ۋە خورلۇققا چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇ، غايىسى بىلەن بىر گەۋدە بولغان كۈچلۈك ئۆزۈمچىللىكى ئارقىلىق رېئاللىققا قارشى تۇرۇشى زۆرۈر. رېئاللىققا قارشى تۇرۇش دېگەنلىك رېئاللىققا قارىتا مەلۇم مەقسەت ۋە مەلۇم غايە بىلەن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئۆزگەرتىش ئەمەلدىن قالغاندا، سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قاتتىق قارشىلىق شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل قارشىلىقنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى شۇكى، سۇبيېكت ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇپ ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا، سۇبيېكت كەينىگە چېكىنىدۇ. چېكىنگىنى بولسا ، كۈلكە ۋە مەسخىرىنىڭ نىشانى بوپقالىدۇ. قۇربان بولغۇچى بولسا، تراگېدىيە ئىچىدىكى قەھرىمان سانىلىپ، جىسمانىيەتنىڭ هالاكىتى ئۇنىڭغا روھىي ئەبەدىيلىك ئېلىپ كېلىدۇ. شياڭيۈنەن شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى تارمار قىلىنغاندا بىر باتۇر ئىدى، خالاس. ئەمما ئۇ مەغلۇبىيەتلىك رېئاللىقنى قوبۇل قىلماي، قارشىلىق كۆرسىتىش قارارىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ روھى ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئىرادىسى ئەڭ زور چەكتە قاناتلانغان. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىۋاتقان ئاشۇ پەيتتىلا، ئاندىن قەھرىمان بولالىدى. تەقدىر-قىسمەت بىلەن قارشىلىشىدىغان بۇنداق باتۇر كىشىلەر قۇربان بولۇپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۆمۈر بويى جاپا-مۇشەققەت ۋە خەۋپ-خەتەر ئىچىدە ياشايدۇ. بەزىدە ھەتتا كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا بولۇپ مەسخىرىگە قالىدۇ. قەھرىمانلار كۆپىنچە ئەۋلادلارنىڭ ھۆرمىتىدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

تاۋار ئېگى جىددىي يېتىلىۋاتقان دەۋردە، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ھەرقانداق ئىش پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش كەيپىياتى ئىچىدە بولىدۇ. ھەربىر مەنپەئەتدار ئۆزىگە كۆپلەپ پايدا كېلىپ تۇرۇشىنى ، نېمە لازىم بولسا، ئالدىدا شۇنىڭ ھازىر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلار ئەستايىدىل بولۇشى لازىمكى، ھەرگىزمۇ بىردەملىك ھاياجان بىلەنلا ساختىلىققا بېرىلمەسلىكى كېرەك. كىمنىڭمۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى پايدا-مەنپەئەتنى سەبىرچانلىق بىلەن كۈتكۈسى كەلسۇن؟ شۇڭا ، قائىدە - يوسۇن چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان، ئەركىن -ئازادە ئۆگىنىپ قالغان، ئۆز غايىسى بىلەنلا بولۇپ، تەقدىر بىلەن قارشىلىشىدىغان ئادەملەر ھەردائىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كۈلكىلىك ھەم ھاماقەت ئادەم دەپ قارىلىدۇ(دون كىخوتنىڭ تەقدىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر) .

بىز ھازىر دەل مانا مۇشۇنداق قەھرىمانلىق ئىدىيىسى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان دەۋرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىز قەھرىمانلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشتىن مەھرۇم قېلىۋاتقان بىر دەۋردە قەھرىمانلارنى ئەسلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. ئاخىرقى مەزگىللەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش-ئىزلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزىمىز ياشىلىق دەۋرىمىزنى، ئالىيجاناب ئارمانلىرىمىزنى ئەسلەش ئارقىلىق قەلبىمىزنى پاكلاپ، ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتىپ، دەۋرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. گەرچە، قەھرىماننىڭ قەھرىمان بولالىشىغا يەنىلا ئۇنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى سەۋەب بولۇپ، بىزنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ۋە مەدھىيىمىزگە موھتاج بولمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھايات ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەم قەھرىمانلىق چۈشىنى سېغىنىش يولى بىلەن ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولىمىز.


---

ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نەشرىياتى 1998-يىلى دېكابىردا نەشر قىلغان «خورلانغۇچىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابتىن **ماھىنۇر ھاجىياقۇپ، رەيھانگۈل غوجاخۇن** تەرجىمىسى(M1)

بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# نېمىشقا ئويلانمايمىز؟

ئابدۇرېھىم دۆلەت

بىر مۆتىۋەر كېتىۋېتىپ يول بويىدا ئۈچ ئادەمنىڭ تام قوپۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلاردىن: نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ دەپ سوراپتۇ.

بىرى، تام قوپۇرۇۋاتىمەن، دەپتۇ.

ئىككىنچىسى، پۇل تېپىۋاتىمەن، دەپتۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بىر ئۆي سالماقچىمەن، دەپتۇ.

ھېكمەتنى ئۆزگە تەتبىقلىيالايدىغان كىشىلەر بۇ ھېكايەتتىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىدۇ:

بىرىنچىسىنىڭ نەزىرىدە تام قوپۇرۇش خىشنى لاي بىلەن ئۈستى-ئۈستىلەپ چاپلىسا بولىدىغان بىر ئىش، كاللا ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ چۈشەنچىسى بىلەن ئۆمۈر بويى سۇۋاقچىلىق، تامچىلىق قىلىپ، خەققە مەدىكار ئىشلەپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىككىنچىسى، ئۆز ئەمگىكىنىڭ ئاز-تولا قىممەت يارىتالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسىمۇ، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ قىممەت يارىتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتمىگەن. ئۇ، تاپقىنى ئۆزىدىن ئاشمايدىغان، جانباقار، كىشىلەرگە يا پايدىسى يوق، يا زىيىنى يوق ئادەملەردىن بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىسى، قىلىۋاتقان كەسپىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن، قانداق قىلغاندا ئۆز ئىشىنى تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىلاش مۇمكىنچىلىكىنى ئويلىيالىغان. ئۇ كەلگۈسىدە قۇرۇلۇش ھۆددىگىرى ياكى داڭلىق ئارخىتېكتور بوپقېلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇنچىلىك ئاددىي، لېكىن شۇنچىلىك مۇھىم، شۇنچىلىك چوڭقۇر.

ئەمدى ئۆزىڭىز ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز ھەققىدە ئوبدانراق بىر ئويلىنىپ بېقىڭ: ھېلىقى مەدىكارغا ئوخشامدىكەنسىز؟ جانباقتىغىمۇ ياكى ئارخىتېكتورغا؟ بۇ پاكىتنى ئىقرار قىلماي ئامال يوق. كۆپىنچىمىز تامچىلىقنى پەقەت تام قوپۇرۇش، دەپلا چۈشىنىمىز. قىلىۋاتقان ئوقىتىمىزگە نىسبەتەن مەزكۇر ھېكايەتتىكى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىمىز. ئۆز كەسپىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك جەمئىيىتىمىزدىكى ئەڭ ئەجەللىك، ئومۇمىيۈزلۈك كرىزىسنىڭ بىرى.

«ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ» (مۇھەررىردىن) دېگەندەك زور كۆپچىلىكىمىز كاللىمىز ئىشلىمەي پۇت-قولىمىز ئارام ئالالمايۋاتقانلاردىن. گەپ مۇنداقلا قويۇلسا بۇ زاكۇنغا قايىل بولماسلىقىمىز مۇمكىن. تارتىۋاتقان جاپا بىلەن قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئۈنۈمنى سېلىشتۇرۇپ باقساقلا ھەممە ئايان بولىدۇ. بىر گەپ بولسىلا سوغۇققان بولماي: بىز تولا ئويلانغان، يەنە دېسەك يەنە شۇ

گەپ، دەپ قاراپ نۇرغۇن ئاددىي، ئەمما مۇھىم مەسىلىلەرنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلىۋېتىمىز-دە، كۆپ ھاللاردا شۇ تەتۈرلىكىمىز بىزنى ئاچچىق نادامەتكە قويىدۇ.

ئەمىسە، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئۆز خىزمىتى - مائارىپ ھەققىدە قانچىلىك ئويلىنىپ باقتى؟ باشقىلىرىمىزچۇ؟ ئېيتايلۇق، ياغاچچى، سەيپۇڭ، تۆمۈرچى، رېمونتچى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، كادىر، ھېسابچى، تەنھەرىكەتچى، يازغۇچى - شائىرلىرىمىز، ئىشچى، دېھقانلىرىمىز ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشقا ئەقىل كۆزىدە قاراپ، تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا ، ھازىرقى ئەھۋالنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردىمۇ؟

دىققىتىمىز ھەمىشە يىراقتىكى غۇۋا نەرسىلەردە بولغاچقا، پۇتىمىزدىكى تاشلارغا پۇتلىشىپ يۈرىمىز. بىزگە ئەڭ يېقىن نەرسىلەر ھەمىشە نەزىرىمىزدىن ساقىت. خۇددى ئادەم ھەر دائىم باشقىلارنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك. شۇڭلاشقا، مەسىلىلىرىمىز دۆۋىلىنىپلا تۇرىدۇ.

مانا، سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقىمىز شۇنچىلىك ئاددىي لېكىن شۇنچىلىك ئەجەللىك.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىزگە ھەمىشە يولۇقۇپ تۇرۇدىغان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن، باش قاتۇرۇش دائىرىمىزنىڭ سىرتىدا قالغان. ئەمەلىيەتتە بىز كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارغا بىزگە پايدىلىق تالاي نەرسىلەر يوشۇرۇنغان. پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئىش، ۋەقە، بىرتال يوپۇرماق، بىرتامچە سۇغا قەدەر ھەممە نەرسە بىر ھېكمەتلىك دۇنيانىڭ ئىشىكلىرىدىن ئىبارەت. بىراق بىز ھەمىشە ھېكمەتنى باشقىلاردىن ئىزدەپ، قوبۇل قىلىپ كۆنۈپ قالغاچقا، ئۆز قولىمىزدىكى ھېكمەت ئىشىكلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى تونۇيالماي يۈرىمىز.

ئويلىنالىشىمىز ھەرگىزمۇ ھەممىنى بىلىپ بولغانلىقىمىزدىن ئەمەس. ئۆزۈم كىچىك، ئەقلىم چولتا بولسىمۇ ياشاش تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى چۈشەندىمكى، بىلىۋاتقانلارلا ئويلىنىدىكەن، ئويلانغانلارلا تېخىمۇ كۆپ بىلىدىكەن. بىلمىگەنلەرلا ئويلانمايدىكەن. گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قەدىمكى يۇناننىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك ھېكايىتىنى قىستۇرغۇم كەپقالدى:

«بىر مەشھۇر پەيلاسوپتىن شاگىرتلىرى سوراپتۇ:

- ئۇستاز، سىز شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى بىلىسىز، لېكىن يەنە توختىماي ئۆگىنىدىكەنسىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

پەيلاسوپ يەرگە چوڭ چەمبەردىن بىرنى، كىچىك چەمبەردىن بىرنى سىزىپتۇ ۋە: چوڭ چەمبەرنىڭ ئىچىدىكى مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم، كىچىك چەمبەرنىڭ ئىچىدىكى سىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىڭلار. چەمبەرنىڭ سىرتىدىكىسى بولسا، بىزگە نامەلۇم نەرسىلەر. قاراڭلار، چوڭ چەمبەرنىڭ نامەلۇم نەرسىلەرگە تېگىشىپ تۇرغان يۈزى كىچىك چەمبەرنىڭكىدىن چوڭ. دېمەك، بىلىدىغىنىم كۆپەيگەنسېرى، بىلمەيدىغانلىرىممۇ شۇنچە كۆپىيىپ ماڭىدۇ» دەپتۇ.

ھېكمەت ئاشكارىدۇر. ھېكمەتنى پىنھاندىن ئىزدەپ يۈرىدىغان كىشىلەرگە ھەيرانمەن.

بىزدە ئوقۇتقۇچى شۇنچە كۆپ. قېنى، بۇلاردىن قانچىسى مائارىپىمىزنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىق قىلىپ ھەقىقىي پېداگوگ، مائارىپشۇناسلارغا ئايلىنالىدى؟ بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بولسىمۇ، باشقىلار ئۈرنەك ئالغۇدەك قانچىلىك ئىلمىي ئوقۇتۇش تەجرىبىسى يەكۈنلىيەلىدى؟ نۇرغۇن تالانتلىق تەنتەربىيىچىلىرىمىز ياشىنىپ قالسا، دەرۋازىۋەن، زاپخوز بولۇپ، قانچىلىكى پىششقان مەشقاۋۇل بولالىدى؟ سەيپۇڭلىرىمىز بىر ئۆمۈر تۆت-بەش شاگىرت يىغىپ كىيىم تىكىپ، ياماق ياماپ ئۆتۈپ كەتتى، قانچىسى مۇستەقىل بىرەر كىيىم تىكىش كارخانىسى قۇرالىدى؟ ۋېلىسىپىت رېمونتچىسى موتسىكلىت رېمونتچىسىغا، موتسىكلىت رېمونتچىسى ماشىنا رېمونتچىسىغا ئايلىنالىدىمۇ؟ بىرەرى رېمونتچىلىق زاۋۇتى قۇرالىدىمۇ؟ ھوقۇقنى دىكتاتورا يۈرگۈزۈش ئەمەس، مەجبۇرىيەت ئادا قىلغانلىق دەپ چۈشەنگەن ئەمەلدارلار قانچىلىك؟ ئوقۇغۇچىلىرىمىز شۇنچە ئۆگەندى، يېڭىچە ئۆگىنىش ئۇسۇلى تاپالىغانلار قانچىلىك؟ دېھقانلىرىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد دېھقانچىلىق قىلىپ كەلدى، دېھقانلاردىن چىققان يېزا ئىگىلىك ئالىمى قانچىلىك؟ قەلەمكەشلەردىن قانچىسى نېمە ئۈچۈن يېزىۋاتقىنىنى چۈشىنەر؟ ئەدىبلىرىمىزدىن ئەلگە روھىيەت بايرىقى بولالىغانلار قانچىلىك (مۆھەررىرىدىن) . ئەگەر قەلەم ھەققى بېرىلمىسە ھازىرقى قەلەمكەشلەرنىڭ يېرىمى قالارمۇ؟ . . .

مانا بۇ كۆرۈنۈشلەر بىزنىڭ ھازىرقى ھالىمىز، ماھىيەتتە بۇ كاللىمىزنىڭ ئىشلىمەيدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى كاللىمىزنى ئىشلەتمىگەنلىكىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ.

بىزدە ئۆز كەسپىنىڭ ئەھمىيىتى، ئىجتىمائىي قىممىتى، ئىستىقبالى ھەققىدە ئويلىنىدىغانلار، شۇ ئويلىنىشتىن يول تېپىپ گۈللىنەلىگەنلەر، نەتىجە قازانغانلار بەك ئاز. ئارىمىزدا نەتىجە قازانغانلارنىڭ ئاز بولۇشى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ناچارلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، شۇ كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى ھەققىدە ئويلانمىغىنىدىن.

ھېچقانداق پۇرسەت بولماسلىقى مۇمكىن

ئەمەس، بەلكى پۇرسەت بايقالماي قالىدۇ. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ بىخۇدلۇقى تۈپەيلىدىن بارماق چىشلەپ قالىمىز.

«بىر دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر ئالتۇن كېنى بايقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر دەريادىن ئۆتۈپ ئالتۇن قېزىشقا بەس-بەستە ئاتلىنىپتۇ. ئىككەيلەن ئالتۇن قازغىلى بارماي، دەريادا كېمە بىلەن كىراكەشلىك قىلىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ.»

پۇرسەت دېگەن دەل شۇنداق نەرسە.

«بىر-بىرى بىلەن قوشنا ئىككى ئۆگرىخانا بار ئىكەن. تاماقلىرىنىڭ سۈپىتى، مۇلازىمىتى ئوخشاش ئىكەن. بىراق ئاي ئاخىرىدىكى ھېساباتتا، ئوڭ تەرەپتىكىسىنىڭ پايدىسى سول تەرەپتىكىسىنىڭكىدىن كۆپ ئىكەن. بىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاۋۋال سول تەرەپتىكى ئۆگرىخانىغا كىرىپتۇ. كۈتكۈچى ئۇنىڭدىن ئۆگرىگە تۇخۇم سالايمۇ، دەپ سوراپتۇ.

— بولدى، سالماڭ.

ئاندىن ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئۆگرىخانىغا كىرىپتۇ. كۈتكۈچى ئۇنىڭدىن ئۆگرىگە تۇخۇمدىن ئىككىنى سالايمۇ، بىرنىمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— مەيلى، بىرنى سېلىڭ.»

سەۋەبىنى چۈشەنگەنسىز. بۇنداق كاللا ئىشلىتىشكە ئالىي مەلۇمات، يۇقىرى بىلىم -سەۋىيە كەتمەيدۇ.

ناۋادا رادىل ئابلا («ئارمان» شىركىتىنىڭ دىرېكتورى) شاڭخەيدە ئوزۇقشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىۋاتقىنى بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلىسە، تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان، ئۆزىنىڭ ماگىستىرلىقىغا قانائەت قىلىپ ئارمىنىمغا يەتتىم، دەپ يۈرگەن بولسا، تېۋىپلىرىمىز نۇقۇتنى ھاۋانچىدا تالقانلاپ يۈرگەن، ئۆزىمۇ مەلۇم بىر خىزمەت ئورنىدا تەتقىق قىلىمەن، ئىلغار بولىمەن، دەپ يۈرگەن بولاتتى. ئۇ چاغدا ھازىرقى «ئارمان»ى ئىشقا ئاشامتى؟!

يېقىنقى 500 يىلدىن بۇيانقى ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ غەربتىن چىققانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئالىم-كەشپىياتچىلارنىڭ خېلى بىر قىسمى تۈزۈكرەك مائارىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ئىشچى- ھۈنەرۋەنلەردىن ئىبارەت. بۇ يەردە پەقەت ھور ماشىنىسىنى كەشپ قىلغان ۋات، پاراۋوزنى كەشپ قىلغان سىتىۋېنسونلارنىلا تىلغا ئالدۇق، مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇمىغان ئېدىسون، لومونوسوفلارنى نېمە دەيمىز؟ ماكس ۋېبىر: «يېقىنقى زامان غەرب دۇنياسى ئەقلىيلىك ئىزدىگەن روھنىڭ مەھسۇلى» دېگەنىدى. بۇ يەردىكى پەرق غەربلىكلەرنىڭ باشقا غەيرىي غەرب ئەللىرىگە قارىغاندا، پىكىر قىلىش، كاللا ئىشلىتىشكە ماھىر بولغانلىقىدا. ئىجادچانلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى قۇدرىتىنىڭ ماھىيەتلىك دەسمايىسىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ پىسخىك قۇرۇلمىسى، پەزىلىتى، خاراكتېرى، خىسلىتى شۇ مىللەتنىڭ رېئال ئەھۋالى، ئىستىقبالىنى زور دەرىجىدە بەلگىلەيدۇ. ئۇيۇشۇپ بولغان مۇقىم پىسخىكىنىڭ مىللەتكە بولغان تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر. بۇ خىل پىسخىك قۇرۇلما شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشى، جۇغراپىيىلىك شارائىتى، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئادىتىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە ئاستا-ئاستا يىغىلىپ، نىسبىي تۇراقلىق ھالەتكە كېلىدۇ. دېڭىز بويى خەلقلىرىنىڭ پىسخىكىسىنى چۆل خەلقلىرىنىڭكىگە، مۇستەملىكە مىللەتنىڭ پىسخىكىسىنى ئەركىن مىللەتنىڭكىگە، تېرىقچىلىق بىلەن مۇقىم ھايات كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىنى سۇ، يايلاق قوغلىشىپ ياشىغان مىللەتلەرنىڭ پىسخىكىسىغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. بۇ خىل نىسپىي مۇقىم پىسخىكا شۇ مىللەتنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى، ئۈنۈمىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل پىسخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تەركىبىدە نۇرغۇن ساقلاپ قېلىشقا، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئاجايىپ گۈزەل خىسلەتلەر، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان، مىللەتنى زالالەتكە، قارا كۈنگە باشلايدىغان نىجىس خىسلەتمۇ بولىدۇ. بۇ يەردە بايانىمىز گۈزەل خىسلەتلىرىمىز ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزگە چۈشكەن ۋابا، ئاتا مىراس «خىسلەت»ىمىز - «ئەقىل نامراتلىقى» ئۈستىدە بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بەھس قىلىنمىغان تېما ئەمەس. لېكىن كىشىلىرىمىز ئۇنتۇپ كېتىپ تېخىچە تاشلىۋېتەلمىگەن «خىسلەت»دۇر. ھەقىقەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن تەكرار-تەكرار سۆزلىنىۋېرىدۇكى، ئىنسان ھەمىشە ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپ، ئۇنى تەكرارلاش تەقەززاسىنى پەيدا قىلىدۇ. ناۋادا ئىنسان ئۇنتۇغاق بولمىغان بولسا، خۇدامۇ بىر پەيغەمبەر بىلەن كۇپايىلەنگەن، كۈندۈزى ماڭىدىغانلار ئۈچۈن قۇياشنىلا يارىتىپ، كېچىسى ماڭىدىغانلارغا ئاي، يۇلتۇزلارنى ياراتماس ئىدى (ئەلۋەتتە، دانالار ئىنسانىيەت زۇلمىتىدىكى يۇلتۇزلاردۇر). دۇنيادا ھەقىقەت بىر خىللا بولىدۇ. پەقەت ئۇ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئوخشىمىغان ماكان، زاماندا پەرقلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئوخشىمىغان ئاتالمىش قىممەت قاراش، پەلسەپە،

ئىدېئولوگىيە مەۋقەلىرىدە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ھەر خىل بولسىمۇ (بەزىدە جاھالەتمۇ ھەقىقەتنىڭ تونىنى كىيىپ، كىشىلەرنى ئەسىرلەپ ئالدىيالايدۇ)، بىراق ماھىيىتى يەنىلا بىر. چۈنكى بۇ ھەقىقەتنىڭ ئىجراچىسى، ئوبيېكتى بىر-بىرى بىلەن يىلتىزداش ئىنسان. ئەسىرلەپ ئىلگىرىدىكى دانىشمەنلىرىمىز ئېيتقان دۇردانىلەرنى ھازىرمۇ قەدىرلەپ ئاڭلاپ ئەمەل قىلىۋاتامدىمىز؟ مۇسۇلمانلارمۇ 14 ئەسىر بۇرۇنقى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» لەرنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ھازىرمۇ مۇقەددەس بىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى قىلىپ ياشاۋاتامدۇ؟ ئېينىشتېيىنمۇ: «ماڭا نىسبەتەن مېنىڭ ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمدىن يەنىلا مۇسا، ئېيسالارنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرى ئەلا» دېگەنىكەن.

ۋۇجۇدىمىزدا ھېسسىياتنىڭ ئەقىلدىن ئۈستۈن تۇرۇۋدىغانلىقىنى داۋۇت ئوبۇلقاسىم: «تەبىئىي پەن روھى ۋە بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز» (بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995-يىل 2-سانىغا بېسىلغانىدى. ـ مۇھەررىردىن) دېگەن ماقالىسىدا تولىمۇ قايىل قىلارلىق شەرھىيلەپ ئۆتكەن. دېمىسىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىزدە «قۇتادغۇبىلىك» نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەفلاتوننىڭكىدەك «غايىۋى دۆلەت»، ئارستوتېلنىڭكىدەك «سىياسىيشۇناسلىق»، مورنىڭكىدەك «ئوتوپىيە»، روسسونىڭكىدەك «ئېمىل»، «ئىنسانىيەت تەڭسىزلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «ئىجتىمائىي كېلىشىم نەزەرىيىسى»، سارتىرىنىڭكىدەك «مەۋجۇدىيەت توغرىسىدا»، گېگېلنىڭكىدەك «پەلسەپە تارىخىدىن لېكسىيە»، نېتزىنىڭكىدەك «ھوقۇق ئىرادىسى» (يەنە باشقا كانت، شوپېنخائۇئېر، ۋولتېر، دېكارت، ماخ، جون دېۋېي، يېقىنقى زاماندىكى ماكس ۋېبېر، سپېنسر، ئېمىل دۇركېيم، ئارنولد توينبى، روسېللارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالمىدۇق) دېگەندەك يىرىك پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدىمۇ؟ ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ فارابىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىبنى سىنا، ئەلىشىر نەۋائىي، ئابدۇقادىر داموللاملاردىن باشقا جالالىددىن رۇمىي، ئىبنى تەيمىيە، مۇھەممەد غەززالىي، ئىبنى رۇشد، ئەھمەد يەسەۋىي، مۇھەممەد بىن ئابدۇلۋەھھاب، جامالىددىن ئافغانىي، مۇھەممەد ئابدۇ، ئىسمائىل غاسپىرالىي، مۇسا جارۇللالاردەك پېشۋالار ئەمەس (مەھەللىۋى زاتلارنى ساناپ يۈرمىدۇق)، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىرىم، مەخدۇم ئەزەم، خوجا ئىسھاق ۋەلى، ئاپاق خوجا، دانىيال خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، ۋەلىخان تۆرىلەردەك «جاھالەت پىرلىرى» مەيدانغا كەلدى ئەمەسمۇ؟

شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، ئەدەبىياتىمىز خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك رېئال ھالقىلىق مەسىلىلەردىن ئىزچىل ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى. چاينالغان تېمىلار قايتا-قايتا چاينالدى. بىراق بىزدە بۇنداق ئەسەرلەر يەنىلا بازارلىق بولىۋەردى. «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «پەرھاد-شېرىن» قېلىپىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قانچىلىك كۆپلىكى ئەدىبلىرىمىزگە ئايان. خۇددى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇھەببەتلىشىشتىن باشقا تىلغا ئالغىدەك ئىش يوقتەك. قارىغاندا، «قاساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەن ماقال بىزدە بىكارغا چىقمىغان ئوخشايدۇ. ئەدەبىياتىمىز خەلققە پەقەت تەسەللىي شەربىتى ئىچكۈزۈپ پەپىلەپلا كەلدى. يىغلىتالىدى، كۇلدۇرەلىدى، لېكىن ئويلاندۇرالمىدى. ئۇلۇغ ھەرىكەتلەر چوڭقۇر ئويلىنىشتىن چىقىدۇ، ناۋادا يىغىنىڭ قولىدىن ئىش كەلگەن بولسا، ئاياللار مەقسىتىگە يەتكەن بولاتتى. كەيپىيات خۇددى پاخال ئوتىغا ئوخشايدۇ، گۈررىدە كۆيىدۇ-يۇ، ھارارىتىنى ھېس قىلىپ بولغىچە ئۆچىدۇ. كۆپچىلىكىمىزدىكى ئوت دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئېھتىمال تارىختا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ، شەكلەن قوبۇل قىلغان بولساق كېرەك، ساددىلىقىمىز، ئەخمەقلىقىمىز (قوبۇل قىلغاننى چۈشەنمىگىنىمىز) تۈپەيلىدىن ئىسلام نامىدىكى ھەر قانداق بىر پەتىۋاغا سۆزسىز باش ئەگدۇق. تا بۈگۈنگە قەدەر يالغان پەتىۋالارنىڭ قۇربانى بولۇپ كەپتىمىز. باشقىلارنىڭ دېگىنىنى دەلىللەپ باقىدىغان تەجرىبىچىلىك روھى بىزدە بولمىغاچقا، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر: «پۈتكۈل دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىغا خاستۇر» دېسە، ھېچكىمدىن پەيغەمبىرىمىز: «سىلەرگە قاراقۇل باشلىق بولسىمۇ، گېپىنى ئاڭلاڭلار» دېگەن دەپ، ئاتالمىش ئۇلۇغ زات، پىرلاردىن دۇئا تەلەپ قىلىپ، مازار-ماشايىقلاردىن مەدەت تىلەپ، ئۇلارغا سېغىنىپ يۈرگەندە، كۈندە ئوقۇيدىغان 32 رەكئەت نامازدىكى «سۈرە پاتىھە» دە: «(رەببىم) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم سورايمىز» دەپتىكەنغۇ دەپ؛ مەخدۇم ئەزەم: «كىشى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ» دېگەندە، ئاللا قۇرئاندا: «سىلەرگە رىسقى قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەرنى كىم ھارام قىلدى؟»، «ئىززەت ـ ھۆرمەت ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، مۆمىنلەرگە خاستۇر» دەپتىكەنغۇ دەپ؛ ئاپاق خوجا: «بىرەر كىشى ئاللاغا، پەمغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ دىنىنىڭ پۈتكۈل ئەركانلىرىنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ‹پىر›، ‹ئەۋلىيا› غا قول بەرمىسە، ئىشەنمىسە گۇناھكار بولىدۇ، قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ» دېگىنىدە، بۇ گەپ «ئاللا بىلەن بەندە ئارىسىدا ۋاستىچى بولمايدۇ» دېگەن ئەقىدىگە خىلاپ دەپ ھېچقانداق سادا چىقماي،

خەلق يەنىلا ھەممىنى ھەق بىلىپ يۈرۈۋەردىغۇ؟!

مىللەتنىڭ ئەقىل پىرامىداسى ھەر دەۋردىكى شۇ مىللەت ئاقىللىرىنىڭ ئاز-ئازدىن ئەمگەك قوشۇشى ۋە سىرتتىن پايدىلىق جەۋھەرلەرنى قوبۇل قىلىشى بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. ناۋادا ئۇنداق ئاقىللار بولمىسا، بۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ روھى بولالمايدۇ، بۇنداق روھ پاھىشىنىڭ تېنىگە ئوخشاش ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولمايدۇ. بۇ خىل روھ خۇددى زەيكەش يەردەك سۇ پەتلىك ئۇرۇقنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

مىللەت روھىنىڭ يىگىلىشى ئاۋۋال ئېتىقادقاقۇرت چۈشۈش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇمۇ ئەقلىنىڭ گاللىشىپ، ئېتىقادقا چۈشكەن قۇرتلارنى تازىلاپ تۇرمىغانلىقتىن بولىدۇ. ئەقىل ساغلام بولمىسا، ئۆز ئىگىسىگە پايدىلىق ئېتىقادنى توغرا تاللىيالماي، ئىگىسىگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ.

بىزدە دەللەش، تەجرىبىچىلىك روھىنىڭ بولماسلىقى بىزنى بارغانسېرى ئۆزىمىزنىڭ رېئال مەسىلىلىرى ھەققىدە پىكىر قىلىش، ئۇنى ھەل قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئالدىمىزدىكى تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلاي دەيدىغان جۈرئەتنى، تاغنىڭ كەينىدە باغ بارمىش دەيدىغان رىۋايەتلەرگە مەستۇ-مۇستەغرەق بولۇپ، شۇ باغنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز يۇرتىغا بىرەر كىمنىڭ بەرپا قىلىپ بېرىشىنى تەمە قىلىپ يۈرۈدىغان خىيالپەرەسلىككە ئالماشتۇردى.

بىز ھەدىسىلا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى شۇ دەۋرنىڭ شارائىتىغا دۆڭگەپ، ئۆزىمىزنى پەردازلاشقا تولىمۇ ئۇستا. ئەقىللىق كىشىلەر خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئاۋۋال ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ، ئاندىن نەزىرىنى سىرتقا ئاغدۇرىدۇ. لېكىن بىز «ئاتالماس ئوقىدىن، چىچالماس پوقىدىن» دېگەندەك ئۆزىمىزگە قىلچە ئالمايمىز. شۇنى سەل چاغلىماسلىقىمىز كېرەككى، خاتالىق – سەھۋەنلىكلەر ئالدىدا ئاۋۋال ئۆزىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ بېقىش ئاجايىپ ئاقىلانە ئىشتۇر. بۇ بىزنى شۇ خاتالىقنى تەكرارلاشتىن ساقلايدۇ ۋە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئۆيىنىڭ پاكىز تۇرۇشى ئەخلەت تاشلانمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پات-پات تازىلىنىپ تۇرغانلىقىدىندۇر. ئادەمنىڭ ئۆزىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ تازىلانماي قالغان ئۆيدەك بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

يېتەرسىزلىكى، خاتالىقنى سەممىي بويىنىغا ئېلىش، خاتالىق سادىر قىلماسلىقتىنمۇ ياخشى. ئۇ بىزگە زۇرۇر قاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئېھتىياجنىڭ نېمىلىكىنى تونۇتۇپ، تەپەككۇر خىياللىرىمىزنى تاغنىڭ كەينىدىكى باغدىن كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا ئەكىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئويغىنىشى ئۇنىڭ ھاياجانلىنالىغىنى ئەمەس، بەلكى ئەقلىنىڭ ئاجايىپ بىر چوڭقۇرلۇقتا كۆز ئاچقىنىدۇر. ئەقلىنىڭ سىلكىنىپ ئويغىنىشى خۇددى قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىشىغا ئوخشايدۇ. غەزەپلەنگەن بۇقىنىڭ غەزىپىنى بېسىشقا بىر باغلام بېدە كېتىدۇ. غالجىرلاشقان ئىتقا سۆڭەك تاشلاپ بەرسە جىمىيدۇ. خاپا بولغان خوتۇنغىمۇ ئىككى - ئۈچ ئېغىز شېرىن سۆز كۇپايە. لېكىن ئەقىل ئوخشىمايدۇ، ئۇ سۈكۈت قىلىدۇ.

ھېسسىيات يېتەكلىۋالغان جەمئىيەتتە ھەقىقەتنىڭ نوپۇزى بولمايدۇ، پىتنە-پاسات، بوزۇق ئىدىيە، يولسىز ئەقىدە ئاسان بازار تاپىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدا مۇستەقىل تەپەككۇر، ئۆزىگە خاس چۈشەنچە بولمايدۇ. ئۇلار خۇددى قاچىغا ئوخشايدۇ: سۈت قۇيۇپ قويسىمۇ ساقلايدۇ، سىيىپ قويسىمۇ ساقلايدۇ، ئەقىدە ـ ئىدىيىلەرنى ئىچ كىيىم يەڭگۈشلىگەندەك پات-پات يەڭگۈشلەپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى بۈگۈن مەسچىت سالدۇرغىلى، ئەتە چاقتۇرغىلى، بۈگۈن قۇرئان كۆيدۈرگۈزگىلى، ئەتە يادلاتقىلى بولىدۇ. «ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى كىتابنى ئۇقمايدۇ، ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ.» («قۇرئان كەرىم»: «سۈرە بەقەر» 78-ئايەت) بۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 60 قا يەتسىمۇ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ياشانغان دانىشمەنلەرگە خاس ئېغىر-بېسىقلىق، ئاقىل-دانالىقنى، سوغۇققانلىقنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

بۇ جەمئىيەت ئەزالىرى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى ، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇلار ئارقىدا قالسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاستا ماڭغىنىدىن كۆرمەي، باشقىلارنىڭ تېز ماڭغىنىدىن كۆرىدۇ. مېڭىسى بار ئويلىمايدۇ، كۆزى بار ئەمما كۆرمەيدۇ، قۇلىقى بار ئاڭلىمايدۇ، قەلبى بار ھېس قىلمايدۇ. بۇلار دېڭىز دولقۇنى ئارىسىدىكى يەلكىنى يوق كېمىگە چىقىپ قالغان كىشىلەردۇر. تاكى ئەقلىگە ماغدۇر كىرىپ بولغىچە دېڭىزدا مەقسەتسىز لەيلەپ يۈرىدۇ. بۇ يەردە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىسى مۇھىم ئىش ئەمەس. بىر قارىسىڭىز شۇنداق قايناق، بىر قارىسىڭىز ھەممە ئۇيقۇدا. بۇ جەمئىيەتتە باتۇرلۇق بولىدۇ، تولىمۇ ئەخمىقانە، بۇلاردا كۈلگۈنچەك بىلەن يىغلاڭغۇ كۆپ. بۇلار يىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە قىزىقمايدۇ.

رېئاللىق ئۆزىدىن قاقشاپ يۈرگەن زەيپانىلەرگە پىسەنت قىلمايدۇ. رېئاللىقتىن پايدىلىنالمىغانلار رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇ پەقەت ئەقىللىقلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

ئەقلىي روھنىڭ يىگىلىشى بىر مىللەتنىڭ كۈچىنى خۇددى خىرۇئىنىدەك خورىتىۋېتىدۇ، بىھۇدىلىك تولىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇ بىر جەمئىيەت

ئۇيقۇسىنىڭ داۋاملىشىشىدىن بىشارەتتۇر. ئەقلىي روھتىن مەھرۇم خەلق ئۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكىنىنى، ئادەم ئۆزىنىڭ سائەت نەچچىدە ئۇخلاپ قالغىنىنى ئېنىق بىلەلمىگەندەك بىلەلمەيدۇ. ھاياتلىقلا بولىدىكەن، ئۇيقۇدىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇخلىمايدىغان ئادەم بولمىغىنىدەك، ئۇخلاپ قالمايدىغان جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى پات-پات ئويغىنىپ يۈز-كۆزىنى چايقاپ سەگىدەپ تۇرۇشى ، ئەتراپىغا زەن سېلىپ بېقىشى زۆرۈر.

بىر جەمئىيەتنىڭ سەرگۈزەشتىسىمۇ بىر ئادەمنىڭ سەپىرىگە ئوخشايدۇ. ئادەم ئاتتا ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنى قولىدىن چىقىپ كېتىشى، ئات ئۇنى باشقا يوللارغا باشلاپ كېتىشى مۇمكىن (چۈنكى ئەڭ قاباھەتلىك ئىشلار ئادەم ئۇخلاپ قالغاندا يۈز بېرىدۇ) . ئادەم ۋاقتى - ۋاقتىدا ئويغىنىپ ئات تىزگىنىنى تارتىپ تۇرمىسا، ئۇ بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ كېتىدۇ. دېمەك، مۈگدەپ قالماسلىق مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئويغىنىپ تۇرۇش تامامەن مۇمكىن.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەسىر ئاجىزلارغا ساقلاپ ۋۇرۇدىغان، رەھىم قىلىدىغان ئەسىر ئەمەس. بۇ ئەسىر بىلىمسىزلەرگە نىسبەتەن خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەمدى چۈشكەن زېمىندەك ناتونۇش. دېمەك، يېڭى ئەسىر غالىبلىرى ئەمگەكنى كۆپ قىلىدىغانلار ئارىسىدىن ئەمەس، ئەمگەكنى ئاقىلانە قىلىدىغانلار ئارىسىدىن چىقىدۇ. بىزنىڭ باشقا ساھەدىكى نەتىجىلىرىمىزنىمۇ نۇرسىزلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغىنى دەل بىزدىكى ئەقىل نامراتلىقىدۇر. ئىش+ئەقىل=ئۇنۇم دېگەن قائىدە ھەرگىز يېڭى بايقالغان ھېكمەت ئەمەس. ئىنسانىيەت تارىخى سەھنىسىنىڭ باش رولچىلىرى ھامان ئاقىللاردىن بولۇپ كەلدى. ئاللامۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىنغا خەلىپە قىلىشتىن ئىلگىرى ھەممە نەرسىنىڭ نامىنى بىلدۇرۇپ ئاندىن تەيىنلەپتىكەن. ئېھتىمال بۇ، بىلىملىكلەرلا زېمىنغا ئىز باسار بولۇشقا لايىق، دېگەنگە ئىشارە بولسا كېرەك.

ھاياتلىق خاتالىق سادىر قىلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش جەريانىدىن ئىبارەت. ھاياتلىقتىكى كۈچلۈكلەر خاتالىق سادىر قىلمىغانلار ئەمەس، خاتالىقنى باشقىلاردىن بالدۇر بايقاپ تۈزەتكەنلەر. چۈنكى خاتالىقنى تۈزىتىش، خاتالىق سادىر قىلمىغانغا ياكى يەنە سادىر قىلماسلىققا باراۋەر. «ئىنسان خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ، ئەڭ ياخشىلىرى تۈزەتكەنلەر» ( «ھەدىس» ) .

دېمەك، ئەقىلدىن مەھرۇم قېلىشىمىز بىزنىڭ ئەڭ ئەجەللىك خاتالىقىمىزدۇر. دەرۋەقە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سوغۇققانلىشىپ، ئاقىلانىلىشىپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىزمۇ ھېسسىياتىمىزدىن بىر مەزگىل بۇزۇق ئەر ئاشىنىسىدىن ئايرىلىشقا قىيالمىغاندەك قىيالمايمىز. ئەلۋەتتە ھېسسىياتسىز ئادەم ئادەم ئەمەس، ئۇ بىر ماشىنا. ئەقىلسىز ئادەممۇ بەئەينى چاھارپايدۇر. بىزدە ھەر ئىككىلىسى بولۇشى، مۇۋاپىق تەڭشىلىشى كېرەك. ئويلىنىش ھەممىنى ھەل قىلالمايدۇ، بىراق ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەقىل بازارلاردا سېتىلمايدۇ، پوكەيلەردە تېپىلمايدۇ. ئۇ «ئاللا ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى» ( «ھەدىس» ) .

دېگەنلىرىم چېكىدىن ئاشقان ئەقىدىچىلىكنى تەرغىب قىلغانلىق ئەمەس. ئادەم ئەقىل بىلەن ھەقىقەتنى تاپىدۇ، يەنە ئەقىلدە چېكىدىن ئېشىپ ھەقىقەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ھەقىقىي ئاقىللار دەل شۇ ئارىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالىغانلاردۇر.

2000-يىل 9-نويابىر، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 99-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى(M1)

بۇ سان 2000 ـ يىلى 10-نويابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2001 ـ يىلى 30 ـ يانۋاردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# ئىنگلىز تىلى ۋە خاراكتېر

-بۇ ئەسىرىمنى مېنى تۈنجى قېتىم ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا باشلاپ كىرگەن رەھمەتلىك دادام، شائىر مۇھەممەتسىددىق تۆمۈرىيگە بېغىشلايمەن

**ئابدۇغوپۇر مۇھەممىدى**

دۇنيادا ئىلىم - پەنگە ئائىت نەشر بويۇملىرىنىڭ 75 پىرسەنتى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنسا، تورلۇق توختاملارنىڭ 90 پىرسەنتى ئىنگلىز تىلىدا ئىمزالىنىدۇ. . . يەنە كېلىپ ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت تىلى ياكى 2. چوڭ تىلى ھەم بۈگۈنكى كومپيۇتېر دۇنياسىدىكى ئۇچۇرلارنى توشۇغۇچى ئاساسىي تىلدۇر.

جۇڭگودىلا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ سانى 400 مىليوندىن كۆپ بولۇپ، ئۇنى ئانا تىل قىلىپ سۆزلەيدىغانلارنىڭ سانىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. شۇنداقلا دۇنيادىمۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغانلارنىڭ سانى ھەيران قالارلىق نىسبەتتە ئارتىپ بارماقتا.

دېمەك ئىنگلىز تىلى - خەلقئارا ئالاقىنىڭ پاسپورتى.

ئىنگلىز تىلىنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىنى دۇنياۋى تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ يومۇرلۇق، جۇشقۇن، ئىپادىلەش ئۇنۇمىگە باي تىل ئىكەنلىكى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتكەنلىكى بەلگىلىگەن. مەن بۇ خاراكتېردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز خاراكتېرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايمەن.

**1. باراۋەر مۇئامىلە.** ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەن، سىز، سىلى - ئۇزلىرى، سىلەر. . .» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچىدا پەقەت «You» (يۇ) دېگەن بىر ئىبارە ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزىدىن يۇقىرىلارنى «سىلى - ئۇزلىرى» تۆۋەندىكىلەرنى «سەن» دەپ پەرقلەندۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلانغان بولۇپ، بۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئادىللىقنى ئورنىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

**2. «ۋاقىت - پۇل».** بۇ، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر سىياسىيئونى ۋە ئالىمى فرانكلىنىنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇ قاراش ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىدىيىسىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تىل ئادىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە پۇل يىرگىنىشلىك نەرسە ئەمەس، ھالال تېپىپ، توغرا يولغا سەرپ قىلىنسا، ئۇ تەرەققىيات ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدىن ساقلىنىپ، ۋاقىتنى ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك ئىشلارغا، بايلىق يارىتىشقا سەرپ قىلىش ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش.

شۇڭا، ۋاقىتنى تېجەش يۈزىسىدىن ئىنگلىز تىلىدا دائىم قوللىنىدىغان سۆزلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ قىسقارتىلغان شەكىللىرى بار.

مەسلەن: I am (I'm)، do not (don't) . . . قاتارلىقلار.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ سالاملىشىشى ۋە ئەھۋال سورىشىغا كەتكەن ۋاقىت تولىمۇ قىسقا بولۇپ، بىزگە ئوخشاش كىچىككىنە ئىشقا بىر ئاشپىشىم ۋاقىتنى سۆزلىشىش ئۈچۈن ئىسراپ قىلىشۋەتمەيدۇ.

**3. كەمتەرلىك.** ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىلەردىكى شەخسلەر بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى شەخس تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنىدۇ. يەنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئاندىن باشقىلارنى تىلغا ئالىمىز. ئەمما ئىنگلىز تىلىدا «مەن» سۆزىنى ھامان باشقا كىشىلەر ئىسمىنىڭ ئەڭ ئارقىغا قويۇش ئادەتكە ئايلانغان. مەسلەن:

Aynur and I Went to the marKet yesterday.

(ئاينۇر بىلەن مەن تۈنۈگۈن بازارغا باردۇق)

بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى، شەخسىيەتسىزلىكىنى ۋە باشقىلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايرىم ئەھۋالدا يەنى خاتالىق ئۆتكۈزۈلگەندە، مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈلگەندە «مەن» سۆزى ئالدىغا ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

I and YaSen made the mistake.

(مەن ھەم ياسىن بۇ خاتالىقنى ئۆتكۈزدۇق.)

دېمەك، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئالدى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، خاتالىق كۆرۈلسە ئالدى بىلەن تۈزىتىش خاراكتېرى تىلىغىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرگەن.

**4. ئەدەب.** ئىنگلىز تىلىدا يەنە نۆۋەتتە ئەدەب سۆزلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، «رەھمەت»، «ھېچقىسى يوق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىنىشىلا ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. ھەر بىر ھەرىكەتتە بۇ ئەدەب سۆزلىرىنى ئىشلىتىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەدەب سۆزلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتتە ئەدەبلىك بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.


**5. رىقابەت ئېڭى.** تىل ئىشلىتىش ھەتتا خەت يېزىش ئادىتىمۇ كىشىلەردە بەلگىلىك خاراكتېر يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئىنگلىزچە مەشىق دەپتىرىگە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ بىر قۇرنىڭ تۆت پاراللېل سىزىقتىن تەركىب تاپقانلىقىنى كۆرەلەيسىز. بۇ، قارىماققا تېز سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ - دەۋرىمىزدىكى رىقابەتنىڭ سىمۋولى، تېز ماڭىدىغانلار ئوتتۇرىدا، ئاستا ماڭىدىغانلار چەتتىرەك مېڭىپ، ھەممە ئۆز نىشانىغا ئىلگىرىلەيدۇ. ھەممە ئادەم بىرلا يولغا كەپلىشىۋېلىشتىن ساقلىنالايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئايرىلماس تەبىئىي گەۋدە. تىل ۋە يېزىقتىكى ھەر بىر ھالقىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە مۇستەقىل خاراكتېر، ئىجادچان پسىخىكا يارىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

---

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى 4- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M2)

## تىل ۋە تەرەققىيات



# تەپەككۇردىن تامچىلار

▲سەن ئۆز جېنىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەپدىشىڭغا خائىنلىق قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا، رەقىبلىرىڭ ئىككى كىشىلىك گۆر قېزىۋاتاتتى.

▲بىر ناخشا چولپىنى سەھنىدىن چۈشۈۋىدى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەر گۈل تۇتتى. بىر ئالىم سەھنىدىن چۈشۈۋىدى، ھەممەيلەن ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇردى. . . شۇنىڭ بىلەن بۇقەۋمنىڭ ناخشىچىلىرى كۆپىيىپ، ئالىملىرى ئازايدى.

▲تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قەھرىمان ئۈچۈن ئەڭ خەۋپلىك چاغ ـ غەلىبىدىن كېيىنكى مەزگىلدۇر.

▲شۇنداق بىر دەۋرلەر كېلىدۇكى، سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ياسىغان ھەممە نەرسىنى چېقىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولىسەن.

▲ نۇرغۇن نەرسىلەرنى مەجبۇرىي سۆيۈپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى خالاپ سۆيەلمىگەن كىشىلەر ھەقىقىي سۆيگۈنى چۈشىنىدىغان كىشىلەردۇر.

▲شوئار ساختا جاسارەت نامايان بولغاندا ئاجىز ئاڭلىنىدىغان مەيۈس ئاۋاز، ھەقىقىي جاسارەت نامايان بولغاندا كۈچلۈك ئاڭلىنىدىغان ئەسەبىي چۇقان.

توشقاننىڭ تېز يۈگۈرۈشى قورقۇنچاقلىقتىن، يولۋاسنىڭ ئاستا مېڭىشى يۈرەكلىكلىكىدىن.

**ـ مەھمۇتجان يانتاق** (ئوقۇغۇچى)

▲بىز كوچا ـ مەھەللىلەردە ئويناۋاتقان كىچىك باللارنى: «ماڭ، مەھەللەڭگە بېرىپ ئويناش» دەپ قوغلىۋەتمىگەن بولساق، «سەن نەلىك؟» دەپ يەكلەپ ـ يەكلىنىپ يۈرمەس ئىدۇق. . .

**ـ مۇختار ئابلىز**

▲2-دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلار ئالتە مىليون يەھۇدىينى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغاندى. بۈگۈنكى كۈندە يەھۇدىيلار قولىدا تۇمۇرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق پەلەستىنلىكلەرنى قىرماقتا. باشقىلارنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقان بىر مىللەتنىڭ تارىختىن يەكۈنلىگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئاران شۇلىمۇ؟

▲ئادىل ھوشۇر جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ پولات ئارقاندىن ئۆتۈپ دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى. بىز بولساق ھاياجان يېشىمىزنى هاراققا قوشۇپ ئىچىپ، ئۇنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلدۇق.

▲ئېھتىمال، «ياخشى» دەپ قارالغان كىشىلەر ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ماھىر كىشىلەردۇ؟

▲يېڭىلىق؟ توغرا، ئەيدىز كېسىلىمۇ ئاجايىپ يېڭىلىقلارنىڭ بىرى. ئۇ، تەرەققىيات ئېتىزىدىن ئۆسۈپ چىققان شۇمبۇيا، ۋەيران بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاققا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپات.

**ـ ئادىل يۈسۈپ**

▲ بۆرە، بۇركۇت، قوي، قۇشقاچ ـ مانا بۇ بىزنىڭ تارىختىكى قىسمەتلىرىمىز.

**ـ تۇرغۇن پەيزۇللا**

▲ «مەن» لا دەيسەن، دۇنيادىكى «ئەڭ ئاخىرقى ئادەم» بولماقچىمۇ سەن؟

**ـ ئايۇپ توختى**

▲ ھېچكىم كۈچلۈك قۇياش نۇرىغا بەرداشلىق بېرىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىغاچقا ئۇنىڭ يۈزىدىكى داغنى كۆرمەيدۇ، شۇڭا داغ دېسىلا ئاينى ئېسىگە ئالىدۇ. ھەي، بىچارە!

▲ئىتلارنىڭ ئارسلانسىمان بولۇشى بۆرۈن ئارسلاننىڭ باشچىلىق قىلغانلىقىدىن بولسا، ھازىر ئارسلاندەك يولەنچۈككە ئېرىشكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

▲ جىنايەت جەمئىيەتلەشسە، ئۇ جىنايەت بولماي قالىدۇ.

▲بىز سۆيگىنىمىز ئالدىدا تىل ئاڭلاشتىن قورقۇمىز-يۇ، تەڭرىدىن ئەزەلدىن ئەيمەنمەيمىز.

شۇنداق تۇرۇپ تەڭرىدىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققىمىز بار؟!

▲پەرھاد-شېرىن، لەيلى ـ مەجنۇن، تاھىر ـ زۆھرە، غېرىب ـ سەنەم. . .

سادىر پالۋان، نوزۇگۇم؟

▲كۈچلۈكلەر «خۇدا» دېگەن سۆزنى ئىزدىنىشنىڭ نىشانى قىلسا، ئاجىزلار شۈكرىنىڭ بەلگىسى قىلىدۇ، شۇڭا. . .

**ـ ئەزىز ھاشىم** (ئوقۇغۇچى)(M1)



شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتچىسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ
تۆھپىكار ئاپتورى ئىمىن ئەھمىدىي


《新疆文化》　　(维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2001. يىل 1. سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

---

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65－1073/G2
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

---

邮发代号：58－22　定价：5 元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن


غېرىب مەھەللىدىكى ھەمراھ (ماي بوياق رەسىم)
رەسسام: يەكەن ناھىيە ئۆگباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى كامىلجان ئىسىر